

ئابدۇرېھىم سابىت 1944 - يىل 11 - ئايدا قەشقەر شەھرىدە تۇغۇلغان، 1960 - يىل 8 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىل - ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن.

ئۇنىڭ تۇنجى ئىجادىيىتى 1959 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدە نەشر قىلىنغان «بوغدا چېچەكلىرى» ناملىق ژۇرنالغا بېسىلغان «ئۆرلە شانلىق ۋەتىنىم» دېگەن شېئىرى بىلەن باشلانغان. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنىڭ «قەشقەر گېزىتى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا 30 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى، 80 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان، 18 پارچە كلاسسىك ئەسەرنى نەشرگە تەييارلىغان. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» ناملىق تۆت توملۇق كىتابنى تۈزگەندىن باشقا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيۇشتۇرغان «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»نى يېزىش گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ، بۇ كىتابنىڭ بىرنەچچە بۆلۈملىرىنى تەييارلىغان.



ئابدۇرېھىم سابىت

# ئىلىم ئۆلمەيدۇ ئالىم ئۆلمەيدۇ

( ماقالىلەر )



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

غەيرەتجان
ئوسمان

图书在版编目(CIP)数据

科学不灭，学者永生：维吾尔文/阿布都热依木·萨吾提著。
—喀什：喀什维吾尔文出版社，1999.8
ISBN7—5373—0718—0

Ⅰ.科... Ⅱ.阿... Ⅲ.①科学工作者—生平事迹—中国—维吾尔族—维吾尔语(中国少数民族语言)②诗人—生平事迹—中国—维吾尔族—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.K820.6

中国版本图书馆CIP数据核字(1999)第35209号

喀什维吾尔文出版社出版发行
(地址：喀什市塔吾古孜路14号 邮编：844000)
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
850×1168毫米 1/32开本 7.125印张 1插页
1999年8月第1版 1999年8月第1次印刷
印数：1——5080 定价：9.50元

# مۇندەرىجە


ئابدۇقادىر داموللام ۋە « مىفتاھۇل ئەدەب » .................... 1
شائىر ئەھمىدى ۋە ئۇنىڭ غەزەللىرى .................... 46
ئىلىم ئۆلمەيدۇ ، ئالىم ئۆلمەيدۇ .................... 59
ــ ئالىم ۋە شائىر ئابدۇرېھىم ھاجى توغرىسىدا ئىزدىنىش
قېزىلىش ئارقىلىق كۆندىن - كۈنگە بېيىۋاتقان ئۇيغۇر
ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى .................... 79
ــ شائىر ئەمىر نۇرئەھمەتخان خوتەنى توغرىسىدا ئىزدىنىش
ئالىم ۋە ئەدىب مۇھەممەت فەيزى .................... 93
پېشقەدەم ئۆلىما ، تارىخچى ۋە ئەدىب ئىمىر ھۈسەيىن
قازىھاجىم .................... 112
ۋەتەنپەرۋەر ئۆلىما ، تالانتلىق مائارىپچى ئەپەندى
مەخسۇم .................... 139
ئۆمەر مۇھەممىدى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ...... 147
ئالىم(مۆمىن)ھەمرايېۋ ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى ... 158
ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيا -
تىمىزغا بولغان ۋارىسلىق مەسىلىسى .................... 172

# ئابدۇقادىر داموللام ۋە «مىفتاھۇل ئەدەب»

مىللەتنىڭ ساپاسىنىڭ قانداق بولۇشى ئالدى بىلەن مائا-رىپقا باغلىق. مائارىپ تەرەققىي قىلىدىكەن، ئۇ ھالدا مىللەتنىڭ روھىي دۇنياسىنى چىرماپ ئالغان قالاقلىق، نادانلىق، خۇراپات-لىققا ئوخشاش مەنىۋى ئىللەتلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىياتىغا يول ئاچقىلى، مىللەتنىڭ پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، دۇنيادىكى ئالغا كەتكەن مىللەتلەرنىڭ قاتارىغا ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ.

مانا بۇ، يېقىنقى زامان مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ شانلىق پەخرى ۋە ئىپتىخارى، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىغا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى، تالانتلىق مائارىپچى، «غازى» تەخەل-لۇسلۇق يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەر شائىر داموللا ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇلۋارىس ئەزىزى ①(قەشقەرى) نىڭ مائارىپ كۆزقارىشى. ئۇ، 69 يىللىق ھاياتىنى جاھالەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، يېڭىلىققا يول ئېچىش، كونا مائارىپنى ئىسلاھ قىلىپ، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان، دوگما، قالاق ھالەتتىكى مائارىپنى دەۋرنىڭ تەلىپىگە، تەرەققىياتىغا ماسلاشقان پەننىي مائارىپقا ئۆزگەرتىش، خۇراپات

---

① ئەزىزى — ھۆرمەتلىك دېگەن بولۇپ، كىشىلەر داموللامنى ئىززەتلەپ ئەنە شۇنداق ئاتاشقان. كېيىن بۇ سۈپەت داموللامغا لەقەب بولۇپ قالغان. «قەشقەرى» دېگەن تەخەللۇسنى قوشۇپ ئاتىغۇچىلارمۇ بار.

پاتقىنىغا پېتىپ قالغان نادان خەلقنى ئىلىم - پەننىڭ قۇدرىتى بىلەن پاتقاقتىن تارتىپ، مىللەتنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە سەرپ قىلدى.

ئابدۇقادىر داموللام ھىجرىيە 1271 - يىلى (مىلادىيە 1854 - ، 1855 - يىللىرى)① ئاتۇشنىڭ مەشھەت يېزىسىدىكى ئابدۇلۋارىس ئىسىملىك مەرىپەتپەرۋەر كىشىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، بالىلىق دەۋرىنى ئۆز يېزىسىدا ئۆتكۈزگەن.

مەشھەت — قاراخانىيلار خاقانلىرى ئارىسىدا تۇنجى قېتىم ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان خاقان — سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ئۇستازى ئەبۇ نەسىر سامانىي دەپنە قىلىنغان مەشھۇر جاي. تارىختا كىشىلەر سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن قەبرىگاھ يېنىغا مەسچىت، مەدرىسە، خانىقالارنى بىنا قىلغان. ماھمۇت ھېكىمبەگ ۋە ئۇنىڭ ئانىسى ھەمراخېنىمدەك تالانت ئىگىلىرى مانا مۇشۇ يەردىكى «ھەزرىتى سۇلتانىيە مەدرىسە»سىدە ئوقۇپ، بىلىم ئىگىلىگەن. ئابدۇقادىر داموللامۇ باشلانغۇچ مەلۇماتنى مۇشۇ مەدرىسەدە ئالغان. 15 ياشقا كىرگەندە قەشقەر شەھىرى ئوردائىشىكىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتى «خانلىق مەدرىسە»گە ئوقۇشقا كىرىپ، «موكا» لەقەملىك ياقۇپ ئاخۇن داموللام ۋە موللا ئىسلام داموللامدا ئوقۇپ، ئىلىم - ئېرپان ئۆگەنگەن.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قايناق ئوقۇش ھاياتى قەشقەرنىڭ تازا تىنچ بولمىغان بىر مەزگىلىگە توغرا كەلدى. مەنچىڭ ئىستىبداتچىلىرىنىڭ چېكىدىن ئاشقان قانلىق زۇلمى، ھەددى -

① كۆپلىگەن ماتېرىياللاردا ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ھىجرىيە 1278 - يىلى (مىلادىيە 1861 - ، 1862 - يىللىرى) دەپ ئېلىنغان. بۇيەردە ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇلئەزىز مەخسۇمنىڭ دادىسىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتى بويىچە ئېلىندى.

ھېسابسىز ئالۋان ـ سېلىقلىرى، خەلق ئاممىسىنى ئارقا ـ ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى. كۇچادا كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلاڭلىرى نەتىجىسىدە راشىدىن خوجا ھاكىمىيىتى، خوتەندە كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلاڭلىرى نەتىجىسىدە ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجى ھاكىمىيىتى، شىمالىي شىنجاڭدا كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلاڭلىرى نەتىجىسىدە ئىلى سۇلتانلىقى، ئۈرۈمچىدە كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلاڭلىرى نەتىجىسىدە تۇنگان تۇمىلىك ئاخۇن ھاكىمىيىتى بارلىققا كېلىپ، مەنچىڭ ئىستىبداتچىلىرىنى پۈتكۈل شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىپ قويدى. قەشقەردىمۇ قىرغىز سىدىقبەگنىڭ ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى. بۇ ھاكىمىيەت ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، قوقەندىن كەلگەن بۇزرۇكخان تۆرىنىڭ، ئاندىن ياقۇپبەگنىڭ ھاكىمىيىتىگە ئالماشتى. بۇنداق تېز ـ تېز ھاكىمىيەت ئالمىشىشلار ۋە بۇ جەريانىدىكى ئىچكى ئۇرۇش، نىزا ـ جاڭجاللار، ئەنسىزچىلىكلەر بىلىمنى ئۆزىگە ئۆمۈرلۈك دوست تۇتۇپ، بىلىم ئىشقىدا كۆيگەن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ بىلىم ئېلىش قىزغىنلىقىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزدى. لېكىن، ئۆزى ئىگىلىگەن قىسمەن بىلىملەرگە قانائەت ھاسىل قىلىپ، ئوقۇشنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇشقا بولمايتتى. ئۇ، بىلىم تولۇقلاش مەقسىتىدە ئۆز خىراجىتى بىلەن بۇخاراغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى «ئابدۇلئەزىزخان» مەدرىسەسىگە ئوقۇشقا كىردى. بۇ جەرياندا قۇرئان، ھەدىس، ئىلمى تەجۋىد، ئاقائىد قاتارلىق ئىسلام تەلىماتلىرىنى ياخشى ئۆگىنىپلا قالماي، ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىلمى مەنتىق، ھېساب دەرسلىرىنىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى، ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا، ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىنى مۇكەممەل ئىگىلىدى. خوجا ھاپىز، شەيخ سەئدى، سوپى ئاللايار، خوجا ئەھمەت يەسەۋى، ھۇۋەيدا، فۇزۇلى،

ناۋائىي ، مەشرەپ ... لارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ ، ئەدەبىيات ھەۋىسىنى يېتىلدۈردى ؛ فارابى ، ئەبۇ ئەلىئىبىن سىنانىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق يۇنان پەلسەپىسى بىلەنمۇ تونۇشتى . ئابدۇقادىر داموللام « مىفتاھۇل ئەدەب » كىتابىدا بۇخارا مەدرىسەلىرىدىكى ئۇستازلىرىدىن مەۋلانا ئابدۇرازىزاقنى ، بۇخارا مۇپتىسى داموللا ئەۋىز خوجەندىنى ، قوقەنىنىڭ شەيخۇلئىسلامى داموللا ئۇلۇقخان تۆرەمنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ . ئۇ يەردىكى ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن سەمەرقەند ، ئۇفا قاتارلىق جايلاردا بىر مەزگىل مۇدەررىسلىك قىلدى . «ئاقائىد زۆرۈرىيە» ، « ئىبادەت ئىسلامىيە » — داموللامنىڭ سەمەرقەند ، ئۇفالاردا مۇدەررىسلىك قىلىش جەريانىدا دەرسلىك ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ تۈزگەن تۇنجى كىتابلىرى بولۇپ ، ئۆز ۋاقتىدا ئۇفادا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان ئىدى ①. ئابدۇقادىر داموللام ۋەتەنگە قايتىشتىن ئىلگىرى تاشكەنت ، خوجەند ، قازان ، ئىستانبۇل قاتارلىق جايلاردا ساياھەتتە بولۇپ ، 1907 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى .

ئۇ قايتىپ كەلگەن چاغ دەل قەشقەردە ئەمدىلا بىخلىنىپ ، كۈندىن - كۈنگە باراقسان بولۇۋاتقان يېڭىچە پەننىي مائارىپ بىلەن دىنىي ئەقىداتنى مەزمۇن قىلغان يەككە ئوقۇتۇش تۈزۈمىدىكى فېئوداللىق كونا مائارىپ ئۆزئارا تىركىشۋاتقان پەيتكە توغرا كەلدى . ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىيە قاتارلىق جايلاردىكى يېڭى مائارىپنىڭ ۋەزىيىتى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن ئابدۇقادىر داموللام يېڭىچە پەننىي مائارىپنىڭ تەشەببۇسچىلىرى بولغان ئاكا - ئۇكا مۇسابايوپلار (ھۈسەيىن باي ، باھاۋىدىن باي ) تەرەپتە تۇرۇپ ، ئۇلارنى قىزغىن قوللىدى . چۈنكى ، « بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانى ئەمەس ، ئويغىنىش ۋە سەگەكلىك زامانى ؛ جاھىللىق ۋە نادانلىق

① بۇ كىتابلار قەشقەرلىق ئۆمەربايىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن بېسىلغان .

دەۋرى ئەمەس ، ئىلىم ـ مەرىپەت دەۋرى ؛ سۇسلۇق ۋە بىكارلىق ۋاقتى ئەمەس ، تىرىشىش ۋە غەيرەت قىلىش ۋاقتى . باشقا مىللەتلەر ئىلىم ـ مەرىپەت سايىسىدا ، ھاۋادا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلىۋاتقاندا ، سۇ ئاستىدا بولسا خۇددى قۇرۇقلۇقتا يۈرگەندەك ئەركىن ئۈزۈشۈۋاتقاندا » ① ، يەنە غەپلەت ئۇيقۇسىدا يېتىپ ، كونا مەكتەپلەرنىڭ رېئال ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ، خەلقنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ، دەۋرنىڭ تەلىپىگە قىلچە ماسلاشمايدىغان دوگما تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلىغا ، پۈتۈنلەي ئەرەب ـ پارس تىلىدىكى دىنىي كىتابلارنى دەرسلىك قىلغان ئوقۇتۇش مەزمۇنىغا ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى ۋە بىلىم ئىقتىدارى بىلەن ھېسابلاشماستىن ، چۈشەنسىمۇ ـ چۈشەنمىسىمۇ كىتابنى قارىغۇلارچە يادلىتىپ ، قارىغۇلارچە تەكرارلىتىدىغان ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا ، مۇئەييەن مۇددىتى بولمايدىغان ئوقۇتۇش تۈزۈمىگە زادى يېپىشىۋېلىشقا بولمايتتى . بۇنى ناھايىتى ياخشى چۈشەنگەن ئابدۇقادىر داموللام ئۆز ئەقىل ـ پاراستىنى ئىشقا سېلىپ ، ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىسىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ، ئوقۇتۇش مەزمۇنى ، ئوقۇتۇش ماتېرىيالى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر يۈرۈش ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىپ ، ئۇنى مائارىپنىڭ ھازىرقى يۈزلىنىشى ۋە ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇردى . ئۇ يازغان «سەرپ ـ نەھۋى» (مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس ) ، « تەسھىلىل ھېساب » (ھېساب ئىلمى) ، «جۇغراپىيە ئىلمى » ، « ئاقائىد جەۋھەرىيە » (نېگىزلىك ئەقىدىلەر) ، «مۇتالىئە ھىدايەت » ( باشلامچى ئوقۇشلۇق ) ، «بىدايەتۇس سەرپ » ( لېكسىكىدىن دەسلەپكى ئاساس ) ، «ھىدايەتى نەھۋى» ، « تەلىمى سەبىيان » (گۆدەكلەرگە تەربىيە) ، «فاسايىھۇل ئەتفال » (ئۆسمۈرلەرگە نەسىھەت) قاتارلىق ئوقۇتۇش مەزمۇنى ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ، بالىلار تەربىيىسىگە ئائىت كىتابلار پەننىي مەكتەپلەرمۇ ، دىنىي مەكتەپلەرمۇ ئوخشاشلا قوللانسا

---

① « نەسھەتى ئامىە » دىن ئېلىندى .

بولىدىغان ئاممىباب دەرسلىكلەر ئىدى. ئابدۇقادىر داموللام دەرسلىك تۈزۈش بىلەنلا توختاپ قالماستىن، ئۆزى تۈزگەن بۇ دەرسلىكلەرنى يېڭىسارلىق نۇرهاجى دېگەن مەرىپەتپەرۋەر كىشى 1910 ـ يىلى باهاۋىدىن باينىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن قۇرغان «مەتبەئى خۇرشىد، مەتبەئى نۇر» (قۇياش مەتبەئەسى، نۇر مەتبەئەسى) ناملىق تاش مەتبەئەدە نەشر قىلدۇرۇپ، مەكتەپلەرنى بىر يۈرۈش دەرسلىك بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى. ئۆزى غوجاچوگىنىڭ قۇملۇقىدىكى ئۆزبېكلەر ئاچقان مەدرىسەگە، ئاندىن كېيىن قەشقەر شەھەر يارباغ كوچا باشقارمىسىغا قاراشلىق بەشئېرىق مەھەللىسىدىكى لايپەشتاق مەدرىسەگە بېرىپ مۇدەررىسلىك قىلىش جەريانىدا بۇ بىر يۈرۈش دەرسلىكلەرنى ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا سىناق قىلىپ، ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزدى. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ دىن بىلەن پەننى بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى تىپتىكى ئاممىباب ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تالىپلار قىزغىن قوللىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇنىڭ شان ـ شۆھرىتى يېقىن ـ يىراقلارغا تارىلىشقا باشلىدى. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان ئىناۋىتى، شان ـ شۆھرىتىگە ھەسەت كۆزى بىلەن قاراشقان بىر قىسىم جاھىل موللىلار، مۇتەئەسسىپ سوپى، ئىشان، خەلىپىلەر ئۇنى «جەدىت»لىكتە، «دەھرى»لىكتە ئەيىبلەپ، بىرمۇنچە ئىغۋالار توقۇشتى. نەتىجىدە جاھىللىق، خۇراپاتلىق، نادانلىق ئەۋج ئېلىپ، قاراڭغۇ زۇلمەت باسقان ئۇ زاماندا، ئابدۇقادىر داموللام ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىغان خېلى بىر قىسىم تەرەققىيپەرۋەر ئوقۇمۇشلۇق زاتلار زور بېسىمغا ئۇچرىدى. بۇ ۋەزىيەتتىن ئىچى پۇشقان ئابدۇقادىر داموللام ھەجگە بېرىشنى باهانە قىلىپ، يەنە بىر قېتىم ۋەتىنىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ، 1918 ـ يىلى تاشكەنتكە باردى. ئاندىن شەمەي، ئۇفا، قازان، ئورال، تۈركىيە قاتارلىق جايلاردا بىر مەزگىل ساياھەتتە بولغاندىن كېيىن مەككىگە باردى. سەئۇدى ئەرەبىستاندا بىر مەزگىل تۇردى. ئاندىن مىسىرغا بېرىپ ئۇ

يەردىكى ئالىم، ئۆلىمالار بىلەن ئۇچراشتى. ئابدۇقادىر داموللام بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاتاقلىق ئالىملار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، زور شۆھرەتكە ئىگە بولغان ئىدى. مىسىر ئالىملىرى، ئۆلىمالىرى ئۇنىڭغا چوڭ ئىلتىپاتلار كۆرسىتىشتى①. ئابدۇقادىر دامولللام ئۇلار بىلەن ئىلمىي سۆھبەتتە بولۇش جەريانىدا ئۆز خەلقىنىڭ ئىلىم - مەرىپەتتە ھەقىقەتەن ئارقىدا قالغانلىقىنى، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ھۆكۈمران دائىرىلەرنىڭ خەلق ئاممىسىنى مەڭگۈ قۇللۇقتا، نادانلىقتا تۇتۇش سىياسىتىدىن بولۇۋاتقانلىقىنى، ئەگەر ئۇلار يەنىلا ھېچ يەرنى كۆرمەي، ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەي، دۇنيادىن بىخەۋەر ياشاۋەرسە، قۇللۇق، جاھالەت، نادانلىقتىن ئەبەدىي قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇ، پۈتكۈل مىللەتنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى، مىللەتلەرنىڭ ھەقىقىي باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى، ئۆزئارا ئىتتىپاقلىق، مىللىي ئىناقلىقنى كۈچەيتىپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئۇيۇشۇشنى ئۆزىنىڭ بىردىنبىر شوئارى ۋە كۈرەش نىشانى قىلدى. ئۇ، 1920 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خەلقنىڭ قان - تەر بەدىلىگە ياشاۋاتقان تەسلىمچى ئەمەلدارلارغا، جاھالەت ھامىيلىرى بولغان مەككار سوپى، ئىشانلارغا، ئاچ كۆز، جان باقار بايلارغا قارشى كۈرەشنى باتۇرلۇق بىلەن باشلىۋەتتى. ئۇلار ئابدۇقادىر دامولللامنىڭ: « ھەرقايسىلىرى يۇرتنىڭ كۆزى، خەلقنىڭ بېشى، ھالبۇكى، خەلقىمىزنى ئىلىم - مەرىپەتكە، تەرەققىياتقا باشلىماستىن، پۈتكۈل ئىجتىھات ۋە ئىشتىياق بىلەن مۆھۈر ھەققىگە مەپتۇن بولۇپ، كۈندە چۈشكەن تەڭگىلەرنى

① ئابدۇقادىر دامولللام بىلەن مىسىردا ئىلمىي سۆھبەتتە بولغان تاتار خەلقىنىڭ بۈيۈك تارىخ ئالىمى زاكىر قادىرى 1951 - يىلى ئەينى چاغدا ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي سۆھبەتتىن ئالغان تەسىراتىنى بايان قىلىپ: « ئابدۇقادىر دامولللام ئىسلام دۇنياسىدا تەڭدىشى ئاز تېپىلىدىغان، يېتىشكەن زور مۇتەپەككۇر ۋە مۇسلىھ (ئىسلاھاتچى) ، مۇجاھىد (كۈرەشچان) بۈيۈك ئالىم ئىدى ...» دەپ باھا بەرگەن.

ئەۋرەزگە كۆمۈپ خاتىرجەم ئۇخلاشسىلا، خەلقىمىزنىڭ ھالى قانداق بولار؟ بىز ئۆز بالىلىرىمىزغا مەكتەپ ئاچماي، ئۇلارنى تاشلىۋەتتۇق ... تېخى ھەر خىل جازا چارىلىرىنى قوللىنىپ، خەلقنىڭ بېشىغا دەرد سېلىپ، ئۇلارنى جاراھەتلەندۇرمەكتىمىز. ئەگەر بۇ توغرىدا قايغۇرمايدىغان بولساق، كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز ئالدىدا بىز ناھايىتى ئۇياتقا قېلىشىمىز، لەنەت - نەپرەتكە كۆمۈلۈشىمىز مۇقەررەر گەپ» ① دېگەن خىتابلىرىنى ئەسەبىيلىك دەپ بىلىشىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن تۆھمەتلەر توقۇشتى. بۇلارغا ۋەز - نەسىھەت ئوقۇپ، خەلق كويىدا بولۇشقا ئۈندەشنىڭ ئۆزى كالا مۈڭگۈزىدە گۈل ئۈندۈرۈش بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ئابدۇقادىر داموللام ئۈمىدىنىڭ يەنىلا خەلقتە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، خەلققە چەكسىز ئىشەنچ باغلىدى. ھەركۈنى نامازدىگەردىن كېيىن، ھېيتگاھ جامەدە ئەمرىمەرۇپ، مۇنازىرە سورۇنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، خەلققە ئۈزلۈكسىز تەشۋىقات، تەرغىبات ئېلىپ باردى. «نەسىھەتى ئاممە» — ئاپتورنىڭ خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىش مەقسىتىدە يازغان ئەسەرلىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئابدۇقادىر داموللام خەلق ئاممىسىنى خۇراپاتلىق، نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا يالغۇز تەشۋىقات، تەرغىباتقىلا تايىنىپ قالماستىن، بەلكى بىر قاتار ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، قەشقەر ئۆلىمالىرى ئۈچۈن ئۈلگە تىكلىدى. ئۇ، قازى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەق تەلەپ دەۋا ئىشلىرىنى قۇرئان، ھەدىسكە ئاساسەن توغرا، ئادالەت بىلەن بىر ياقلىق قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھېمايىسىگە ئېرىشكەندىن باشقا، يېڭىچە كۆزقاراشتىكى كىشىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە بايلارغا خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى ۋە ھىممىتى بىلەن 52 نەپەر ياشنى گېرمانىيە، فرانسىيە، تۈركىيە، مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئوقۇشقا چى-

① خېۋىر تۆمۈرنىڭ «ئابدۇقادىر دامولام» ناملىق تارىخىي ئوچېرك كىدىن ئېلىندى («بۇلاق» مەجمۇئەسى 1981 - يىل 1 - سان، 246 - ، 247 - بەتلەر).

قاردى . ئابدۇقادىر سامانىي ، چىڭگىز داموللام ، ئابدۇۋايىت ئاخۇن ... غا ئوخشاشلار قەشقەر بايلىرىدىن ئوبۇلھەسەن ھاجى ، ئۆمەربايلارنىڭ ياردىمى بىلەن فرانسىيىگە بېرىپ ئوقۇپ كەلگەن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى يېڭىچە كۆزقاراشقا ئىگە ئۇيغۇر ياشلىرى ئىدى .

ئابدۇقادىر داموللام ياشلارنى ئىلىم - ئېرپاندىن ، دۇنيادىن خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن مائارىپ سېپىگە قايتىدىن ئاتلىنىپ ، دىنىي ئىلمنى ھەم پەننىي ئىلمنى بىلىدىغان يېڭىچە قاراشتىكى بىر تۈركۈم زىيالىيلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى . قەشقەر شەھەر ئەلگەك بازىرىدىكى تۇقام مەدرىسەسى①، ئوردائىشىكدىكى ۋاگلىق مەدرىسەسى② ، خانلىق مەدرىسەسى ③، ھېيتگاھ مەدرىسەسى ④ ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ياشلارنى تەربىيىلەشتە بىر ئۆمۈر تەر تۆككەن ئىلىم - مەرىپەت بۇلىقى ئىدى . ئۇنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن شەمسىددىن داموللام ، سابىت ئاخۇن داموللام (ئابدۇلباقى) ، ھاشىم ئاخۇن خەلپىتىم ، ئابدۇلئەزىز داموللام ، سالىھ داموللام ، ئىنايەتخان مەخسۇم ، جامال ئاخۇن خەلپىتىم ، سالى ئەلەم ئاخۇنۇم (يەكەنلىك) ، ھېلىمىدىن ئاخۇنۇم (يەكەنلىك) ، مۇھەممەت ئابدۇللاخان (يەكەنلىك) ،

① بۇ مەدرىسەنىڭ ئورنى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا بۇزۇپ تاشلانغان. ھازىربۇ ئورۇنغا خەلق باشقۇرۇشىدىكى قەشقەر شەھەرلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر تىل - تېخنىكا مەكتىپى ۋە مەكتەپ قارىمىقىدا دوختۇرخانا سېلىنىدى .

② بۇ مەدرىسە ھازىرقى قەشقەر شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئورنىدا بولۇپ ، 1935 - يىلى دارىلمۇئەللىمىنگە ئۆزگەرتىلگەن . 1938 -يىلى دارىلمۇئەللىمىن نەزەرباغقا كۆچكەندىن كېيىن ، « ئوردائىشىكى باشلانغۇچ مەكتىپى » (بۇ مەكتەپ «لەيلى ناھار» < كېچە - كۈندۈزلۈك مەكتەپ > دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) سېلىنغان .

③ ھېيتگاھ مەدرىسەنىڭ ئورنى ھېيتگاھ جامە ئىچىدە بولۇپ ، ھېلىمۇ بار . بۇ مەدرىسەدە 1956 - يىلىدىن باشلاپ ئوقۇش توختىتىلغان .

④ خانلىق مەدرىسەنىڭ ئورنى ئوردائىشىكدە بولۇپ ، 1958 - يىلىدىن باشلاپ قەشقەر ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپكە ئۆزگەرتىلگەن .

ئابدۇللا قازىھاجىم (يەكەنلىك) ، ئىسرائىل داموللام (پوسكاملىق) ، ئىلى ئاخۇن خەلپىتىم (قاغىلىقلىق) ، ئابدۇجېلىل داموللام (گۇمىلىق) ، مۇسەييىپ ئاخۇن خەلپىتىم (كۇچالىق) ، ئابدۇللا داموللام (تۇرپانلىق ، ئەدەبىي تەخەللۇسى « نەئىمى ») ... قاتارلىقلار 30 - يىللاردىن باشلاپ قەشقەر مائارىپىنىڭ داڭلىق پېشىۋالىرى ، ئابدۇقادىر داموللام تەشەببۇس قىلغان يېڭىچە مائارىپنىڭ قوللىغۇچىلىرى ۋە ۋارىسلىرى بولۇپ قالغان ئىدى . يەكەنلىك ھېلىمدىن ئاخۇنۇم ئالتۇنلۇقتىكى كونا خانلىق مەدرىسە ئورنىغا ، ئابدۇللا قازىھاجىم يەكەن ئېلىشقۇغا ، مۇھەممەت ئابدۇللاخان خوجام يەكەن شەھەر ئىچى مانجۇ كۆلبېشىدىكى ئىمنىبەگنىڭ ھويلىسىغا (« مەتلەئىل ئىرپان » نامى بىلەن ئاتالغان بۇ مەكتەپ كېيىن جۇۋىچى كۆلى ئالدىدىكى چوڭ مەدرىسەگە يۆتكەلگەن) ئاچقان مەكتەپلەر ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تەشەببۇسى ۋە تەسىرى بىلەن ئېچىلغان يېڭىچە مەكتەپلەر ئىدى .

ئابدۇقادىر داموللام ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە تەلىم - تەربىيىسىگىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى . ئۇ ، كېچىلىرى ھامامدا ، كۈلدە يېتىپ ، كۈندۈزى تىلەمچىلىك بىلەن كۈن كەچۈرۈۋاتقان يېتىم - يېسىر باللارنى كۆرگەندە ، ئۇلارنىڭ ھالىغا ئېچىنىدى ، تەقدىر - ئىستىقبالىدىن قايغۇردى . بۇ جەھەتتە مەجبۇرىيىتىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى . ئۇ ئۆشرە ، زاكات ، سەدىقە ، ئېھسان ، ئىسقاتتىن كەلگەن پۇللارنى يېتىم - يېسىرلەرگە ئۇلەشتۇرۇپ بېرىپ ، ئۇلارغا ئاتىدارچىلىق قىلدى . قەشقەر شەھىرىدە « مەتلەئىل ھىدايەت » ناملىق مەكتەپ تەسىس قىلىپ ۋە ئۆزى باشقۇرۇپ ، يېتىم - يېسىرلارنى تەربىيىلەپ ، توغرا يولغا باشلىدى .

ئەينى چاغدىكى ئەنگلىيە ، شۋېتسىيە مىسسىيونېرلىرىنىڭ قەشقەردە ئۆز ئالدىغا مەكتەپ ، دوختۇرخانىلارنى ئېچىپ ،

يېتىم ـ يېسىرلارنى، كەمبەغەل ـ نامراتلارنىڭ بالىلىرىنى ئالداپ، كاتولىك دىنىنىڭ مۇخلىسلىرىغا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشىۋاتقانلىقى، ھەدەپ ئۆز مەتبەئەخانىسىدىن پايدىلىنىپ، «ئىنجىل»نى كۆپەيتىپ بېسىپ، كاتولىك دىنى ھەققىدىكى تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تارقىتىپ، دىنىي سىڭىپ كىرىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقى — ئابدۇقادىر داموللامنى چوڭقۇر ئويغا سالغان ۋە قەشقەردىكى ھەممە ئادەم ئىنتايىن نارازى بولۇپ، جىددىي كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەردىن بىرى ئىدى. ئۆز ئەۋلادلىرىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ۋە ئىستىقبالىدىن قاتتىق ئەنسىرىگەن قەشقەر ئۆلىمالىرى، مۆتىۋەرلىرى، تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر ۋە شەھەر خەلقى موللا ـ ئۆلىمالارنىڭ تېزدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ خرىستىيان دىنىنىڭ سىڭىپ كىرىش قىلمىشىنى دەرھال توسۇشنى ھەر ۋاقىت ئۈمىد قىلاتتى. ئابدۇقادىر داموللام بۇ ئىشقا قارىتا كەسكىن تەدبىر قوللىنىش ئۈچۈن، قۇمدەرۋازا سوت ـ قايماق كوچىسىلىق ئىمىن خەلپەت ھاجىم (مەرھۇم ھامىت ئىمىنوپنىڭ دادىسى)، غەزنىچىبەگ مەھەللىلىك ياقۇپ ھاجىم، باغ كوچىسىلىق مەتنىياز خەلپىتىم، ئوردائالدىلىق مامۇت ھاجىم، مەنسۇر ھىدايەت... قاتارلىق شەھەر مۆتىۋەرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، شۋېد دوختۇرخانىسىنى تاقىتىۋەتمەكچى، شۋېدلارنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقارماقچى بولۇشتى. نەتىجىدە قەشقەر شەرئى مەھكىمىسىنىڭ شۇ چاغدىكى مۇپتىسى بولغان ئوردائالدىلىق مامۇت ھاجىم بۇ ئىش توغرۇلۇق قۇرئان ۋە ھەدىستىن ئاساس كەلتۈرۈپ پەتىۋا يازدى. ئابدۇقادىر داموللام شەرئى مەھكىمىنىڭ قازى رەئىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن پەتىۋاغا مۆھۈر باستى. پەتىۋا قولدا كۆچۈرۈلۈپ، شەھەر ئىچىدىكى ھەممە چوڭ ـ كىچىك مەسچىت ۋە مەدرىسەلەرگە تارقىتىلدى. پەتىۋادىن خەۋەر تاپقان مۇسۇلمان خەلق ئاممىسى ئۆزلۈكىدىن

تەشكىللىنىپ ئابدۇقادىر داموللام، مامۇت ھاجىم، ياقۇپ ھاجىم، ئىمىن خەلپەت ھاجىم، مەتنىياز خەلپىتىم، جامال ئاخۇن خەلپىتىم، زۇنۇن ھاجىم، مەمتىلا جى شاگخەي، ئىنايەتخان مەخسۇم... قاتارلىق موللا، ئۆلىمالارنىڭ باشچىلىقىدا شۆھرەتلارنىڭ قۇمدەرۋازىدىكى ۋاكالەتخانىسىغا ① باستۇرۇپ كىردى. پەتىۋاغا ئاساسەن دوختۇرخانىنى پىچەتلىمەكچى بولغاندا، شۆھرەتلار قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكتىن، غەزەپلەنگەن ئاممىۋاكالەتخانا ئىچىدىكى ئۆي - ئۆيلەرگە كىرىپ، دىن تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى، « ئىنجىل »نىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىلىرىنى كۆيدۈردى. مەتبەئە ئۈسكۈنىلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىدى.
ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئۆلۈمدىن قورقماسلىقتەك بۇ خىل جاسارىتى زور كۆپچىلىك دىنىي زاتلارنىڭ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن قوللىشى، مەدەتكارلىقىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ، بىر قىسىم موللا، قازى - قۇززات، ئىشان، بايلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئۇلار ئابدۇقادىر داموللامغا نىسبەتەن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، ئۇنى يېڭۋاشتۈرمەك ئەلپازدا ھاقارەتلەشتى. بۇ ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەر دوتىيى جۇرۇيچى ئابدۇقادىر داموللام، مامۇت ھاجىم، ياقۇپ ھاجىم باشلىق 30 غا يېقىن كىشىنى 40 كۈن ھەپسىگە سولاپ قويدى.
ئابدۇقادىر داموللام ھەپسىدىن چىققۇچە، ئۇلار چەت ئەللىكلەرگە مەسلىھەت بېرىپ ۋە تىل بىرىكتۈرۈپ، سۇيىقەست پىلانلاپ، ھىجرىيە 1342 - يىلى (مىلادىيە 1923 -، 1924 - يىللىرى) ماھى مۇھەررەمنىڭ 1 - كۈنى سەيشەنبە (8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى) كې-

---

① ھازىر بۇ ئورۇندا قەشقەر شەھەرلىك قوراللىق بۆلۈمى ۋە ۋىلايەتلىك ئىستىرا - خوۋانىيە شىركىتىنىڭ ئائىلە بىناسى بار.

چىنىدە ئۆز ئۆيىدە ياللانغان قاتىل ئارقىلىق مەخپىي ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى①.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ كىم تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدا كىشىلەرنىڭ قاراشلىرى بىردەك ئەمەس. بەزىلەر: «ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەتلىئام قىلىنىشىداموللائىسلام داموللامنىڭ قولى بار، ئۇ سوۋېت كونسۇلخانىسىغا ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بېرىدىغان كىشى بولغاچقا، خەلقلەر ئۇنى 〈قازى ئورۇس〉 دەيتتى» دېسە، يەنە بەزىلەر: «ئابدۇقادىر داموللامنى قەشقەرنىڭ شۇ چاغدىكى ئەڭ چوڭ موللىسى ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللام بىلەن قەشقەرنىڭ ئەڭ چوڭ بېيى ئۆمەرباي ئەنگلىيە، شۋېتسىيە كونسۇلخانىسىدىكىلەر بىلەن تىل بېرىكتۈرۈپ، ئەھمەت دېگەن («ھېلىم مەزىن» دېگۇچىلەرمۇ بار) تەلۋە ئارقىلىق ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى» دەيدۇ. ھازىر مەلۇم بولغان پاكىتلار باشقىچە. بۇنىڭ ئۇچۇن گەپنى باشتىنراق دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. ئابدۇقادىر داموللام 1918 ــ يىلى ھەجگە بېرىش يولىدا تاشكەنتتە بىر مەزگىل توختىغان. بۇ ۋاقىت تېخى 1 ــ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ قالايمىقانچىلىقى تەلتۆكۈس ئاخىرلاشمىغان، بولشېۋىكلار

① ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەتلىئام قىلىنغان ئاي ـ كۈنى كۆپ ماتېرىياللاردا «ئەتىياز پەسلى» دەپ قەيت قىلىنغان. ئەمما، مەرھۇمنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرى بولغان داڭلىق ئۆلىما، تالانتلىق شائىر شەمسىددىن داموللامنىڭ ئابدۇقادىر داموللام قەتلىئام قىلىنغان كۈنى ئۆلۈمگە كەلگەن كاتتىلار ئالدىدا مەرھۇم داموللامنىڭ ھويلىسىدىكى بىر تۈپ ئانار دەرىخىگە قارىتىپ ئوقۇغان ئەرەبچە قەسىدىسىدىكى: «ئايا شەجەرى رۇممان مالىكە نەزىرتەن، كى ئەنتكە لەم تەجەز ئى ئەلا ئىبنى ۋارىسى» (ئەي ئانار دەرىخى، شۇنچە يىللار كۆكىرىپ گۈزەل تۇرۇپسەن. 〈بۇگۈن〉 ۋارىس ئوغلى 〈ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭ〉 ئۇچۇن چۆچۈمىگەندەك تۇرىسەنغۇ؟!) دېگەن مىسرالار بۇ ۋاقىتنىڭ ئېنىق ياز پەسلى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

پارتىيىسىنىڭ ھاكىمىيىتىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا تېخى تىكلىنىپ بولالمىغان، مېنشېۋىكلارنىڭ بولشېۋىكلارغا قارشى كۈرەشلىرى ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىۋاتقان بىر چاغ بولغاچقا، ئابدۇقادىر داموللام مېنشېۋىكلارنىڭ بولشېۋىكلارغا قارشى بىر قېتىملىق نامايىشىغا بىلمەي قاتنىشىپ قالغان. نامايىشچىلار ئارىسىدىكى يۈسۈپ ئىسىملىك بىرى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ياقا يۇرتلۇق ئىكەنلىكىنى دەرھال سېزىۋېلىپ، ئۇنىڭغا يېقىنلاشقان ھەمدە ئۇنىڭ ياقا يۇرتلۇق تۇرۇپ، ئۆز پائالىيەتلىرىنى قوللىغانلىقىغا كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئېيتىپ، خەيرخاھلىق بىلدۈرگەن. بىرنەچچە زامان ئۆيىدە قوندۇرۇپ، ھالىدىن خەۋەر ئالغان. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ھەججگە بارىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ، بىللە بېرىش تىلىكىنى بىلدۈرگەن. ئابدۇقادىر داموللام بىلەن شەمەي، ئۇفا، قازان، ئورال، تۈركىيە، لوندون، مىسىر، ھىجاز، مەككە قاتارلىق جايلارغا بىللە بارغان. ھەج سەپىرىنى تۈگىتىپ، تاشكەنتكە كەلگەندە يۈسۈپ تاشكەنتتە قالغان، ئابدۇقادىر داموللام قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن. 1923 - يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەردىكى چوڭ موللا، ئۆلىما، بايلارنى كۈتۈۋالغان. بۇ كۈتۈۋېلىش زىياپىتىگە مۇيەسسەر بولغان ئابدۇقادىر داموللام كونسۇلخانىنىڭ زىياپەت زالىغا كىرگەندە ھېلىقى يۈسۈپ دېگەن كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان. بۇ كىشىنىڭ مۇشۇ كونسۇلخانىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، زىياپەتكە قاتناشماي دەرھال قايتىپ كىرگەن. ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن جاڭگۇرغانلىق زۇنۇن ھاجىمنىڭ ئۆيىدە چاي بولغان. ئىنايەتخان مەخسۇم، ئابلىراخۇن مەخسۇم، مەمتىلاجى شاڭخەي، چۇمبۇسلۇق مەمتىلاجىم قاتارلىق كاتتىلار قاتناشقان بۇ سورۇندا ئابدۇقادىر داموللام مۇئاۋىن كونسۇل يۈ-

سوپىنىڭ ئىشىنى ئۆز ئاغزى بىلەن سۆزلەپ بەرگەن ھەمدە: «شۇنىڭدىن بۇيان ئۆزۈمدىن ۋەھىمە قىلىپ قالدىم» دېگەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى مەمتىلاجى شاگىخەي دوتەي يامۇلغا بېرىپ، دوتەينى كونسۇلخانىغا چاقىرتقانلىقى ھەققىدىكى خەتنى كۆرگەن. دوتەي كونسۇلخانىغا چىققاندىن كېيىن، سوۋېت كونسۇلى دوتەيگە: «قەشقەردە ھازىر بىر ئادەم بار، بۇ ئادەم تالىپلارغا تارىخ، جۇغراپىيە، ھېساب ئۆگىتىمەن دەپ يۈرىمىش. بۇ ئادەم تارىخ، جۇغراپىيە، ھېساب ئۆگىتەلەمدۇ؟ ئەگەر ئۆگەتسە ئىشىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ شۇڭا بۇ ئادەمنىڭ ئىشلىرىنى دەرھال تەپتىش قىلىپ، نەتىجىسىنى ماڭا مەلۇم قىلىڭ!» دېگەن.

دوتەي كونسۇلخانىدىن قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۆمەرباي ئارقىلىق ئابدۇقادىر داموللامنى سۈرۈشتۈرگەن. ئۆمەرباي ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلغان، ئەمما دوتەي بۇنىڭغا كۆنمەستىن، مەدرىسەدىكى پائالىيەتلىرىنى سۈرۈشتۈرۈشكە بۇيرۇغان. ئۆمەر باي ئابدۇقادىر داموللامنىڭ دەرس ئارىلىقىدا تارىخقا ئائىت بىلىملەرنى قىستۇرۇپ بايان قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى تالىپلار ئارقىلىق بىلگەندىن كېيىن، دوتەيگە مەلۇم قىلغان. دوتەي بۇ ئاخباراتنى كونسۇلغا مەلۇم قىلغان. كونسۇل ئابدۇقادىر داموللامنى دەرھال كۆزدىن يوقىتىشقا بۇيرۇغان. ئەگەر بۇ ئىشتا دوتەي سۇسلۇق قىلسا، ياڭ زېڭشىنغا مەلۇم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ پوپۇزا قىلغان. سوۋېت كونسۇلىنىڭ پوپۇزىسىدىن قورقۇپ كەتكەن جۇ دوتەي خىزمىتى بەدىلىگە 300 سەر كۈمۈش تەڭگە بېرىش، ئۆزىنىڭ ۋە بالا-چاقىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ئەبەدىي كاپالەتلىك قىلىش شەرتى بىلەن قاتىل ئەھمەتنى ياللىۋېلىپ، ئابدۇقادىر دامولامنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن. كېيىن قاتىل ئەھمەت تۇتۇلغان بولسىمۇ، بۇ ئىشتا سوۋېت كونـ

سۇلى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ قولى بولغانلىقتىن، ئىشنى ئارقىسىغا سۆرەش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ئەھمەتنى جىنايى جاۋابكارلىقتىن قاچۇرۇپ، ھېچقانداق چارە كۆرمىگەن. قاتىل ئەھمەت كېيىنكى چاغلاردا خەلقنىڭ نەپرەتى تۈپەيلىدىن نېرۋىسىدىن ئاداشىپ، ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يەپ ئۆلگەن.

ئابدۇقادىر داموللام قەتلىئام قىلىنغان كۈنىنىڭ ئەتىسى يۇسۇپ توقام دېگەن كىشى: «بۇ ئۆمەربايىنىڭ قىلغان ئىشى» دېگەن. بۇ سۆزگە ئاساسەن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ شاگىرتلىرى ئۆمەربايىنى ئىزدەپ، ھېسابلا شماقچى بولغاندا، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئوتتۇرىغا چىقىپ: «بۇ ئۆمەربايىنىڭ قىلغان ئىشى ئەمەس، ئابدۇقادىر داموللام شۆھرەتىدىن دوختۇرخانىسىغا ئوت قويغانلىقى ئۈچۈن شۇلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن» دېگەن. ئۆمەرباي ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش جەريانىدىن پۈتۈنلەي خەۋەردار بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ پۈتكۈل سوداا ئىشى سوۋېت بىلەن بولىدىغان بولغاچقا، بۇ سىرنى تىنىشقا جۈرئەت قىلالمىغان. بۇ سىرنى بىلىدىغان ئىنايەتخان مەخسۇم، ئابلىراخۇن مەخسۇم، مۇساخان تېۋىپنىڭ ئوغلى ئابدۇۋايىت ئاخۇن، ئورداىالدىلىق مامۇت ھاجىم ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەت ھاجىم، مەمتىلاجى شاگىخەي، جاگۇرغانلىق زۇنۇن ھاجىم، خانئېرىقلىق ئىمىن ئاخۇن خەلپىتىم قاتارلىقلار: «ئابدۇقادىر داموللامنى شۆھرەتلار ئەمەس، ئورۇسلارقول تىقىپ ئۆلتۈرگۈزدى» دېگەنلىكى ئۈچۈن، جۇ دوتەي بۇلارنى تۇتۇپ، ھەپسىگە سولاپ قويغان. ئىنايەتخان مەخسۇم، ئابلىراخۇن مەخسۇملار بۇ ئىشنى ئىككىنچى تىنماسلىققا ۋەدە قىلىپ، چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن. جامال ئاخۇن خەلپىتىم كالتايلاقتا، زۇنۇن ھاجىم غۇلجىغا، مەمتىلاجى شاگىخەيگە كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئۆلۈمىنىڭ سىرى يېشىلمەي، شۇ پېتى بېسىلىپ قالغان.

ئەسلىي گەپكە كەلسەك، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ۋاپات بولغان خەۋىرى چاقماق تېزلىكىدە پۈتكۈل شەھەرگە ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى قوغان، سەمەن، ئاۋات، بەشكېرەم، توققۇزاق، ئاتۇش، پەيزاۋات قاتارلىق يېزىلارغا ئاڭلاندى. 10 مىڭلىغان شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ، قول ھۈنەرۋەن، كاسىپ، سودىگەرلەرنىڭ، دېھقانلارنىڭ بۇ مۇسىبەتتىن يۈرىكى مۇ-جۇلدى. ھەممە يەرنى ھەيرانلىق ئىلكىدىكى غۇلغۇلا قاپلىدى، ھەممە كۆزلەردىن قاتىللارغا بولغان غەزەپ - نەپرەت ئۇچقۇنى چاقنىدى، ھەممە چىرايدىن قاتىللارغا بولغان ئۆچمەنلىك نامايان بولدى. پەيشەنبە كۈنى ھېيتگاھ جامەنىڭ ئىچى - تېشى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ نامىزىغا داخىل بولۇش ئۈچۈن كۈن بويى ئىشتىن توختىغان ئادەملەر بىلەن لىق تولدى. پېشىندىن كېيىن 10 مىڭلىغان ئادەم سەپ - سەپ بولۇپ، داموللامنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى، نامازدىن كېيىن قوللىرىغا ھاسا ئېلىپ، تۇماقلىرىنى تەتۈر كىيىشكەن مىڭلىغان تالىپلارنىڭ:

« تاغۇتاشلار تەۋرىشىپ،
قاتتىق چاقماق چاققانمۇ؟
تۇمەن سۈيى قان بولۇپ،
بۇ كۈن تەتۈر ئاققانمۇ؟

قەشقەرنىڭ ھاۋاسىنى،
چاڭ - تۇمانلار باسقانمۇ؟
قەشقەرنىڭ جاھانىنى،
قايغۇ - ماتەم باسقانمۇ؟

ئاي تۇتۇلماس دەپتىمىز،
كۈن تۇتۇلماس دەپتىمىز.

داموللامغا دۆيۈزلەر ،
قەست قىلالماس دەپتىمىز » .

دىگەندەك مەرسىيە شېئىرلىرىنى ئوقۇشۇپ ، دەۋرىي ساما سېلىشىپ ، يول ئېچىشى ؛ بېشىغا سەللە ، بەللىرىگە ئاق باغلىغان مەرھۇمنىڭ يۈزلىگەن دوست - يار ، ئاغىنە - بۇرادەرلىرى ، بالا - چاقا ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ « ئاھ دادام ، ئاھ قېرىندىشىم » دەپ داد - پەرياد كۆتۈرۈپ ھازا ئېچىشىپ ، جىنازا ئالدىدا مېڭىشى ، ھېيتگاھتىن تۆشۈك دەرۋازىغىچە ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان كىشىلەر توپىنىڭ جىنازىغا ئەگىشىشى ئارقىسىدا ، مېيىت سېلىنغان تاۋۇت ئۇزىتىپ چىقىلدى ، داموللامنىڭ جەسىتى ھەزرەتتىكى تاختاكۆۋرۈك دېگەن يەرگە دەپنە قىلىندى①.

ئابدۇقادىر داموللام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن بۇرادەر ۋە مەسلەكداشلىرىدىن شەمسىددىن داموللام ، مەھمۇت ئاخۇن داموللام ، تەجەللى ھەزرەت ، مۇراد رەمزەبەگ ھەزرەتلىرى② ، چەت ئەلدىكى دوستلىرىدىن ئەنۋەر ساھىب داموللام (كەشمىرلىك) ، ئالىم ، مۇئەررىخ رىزا ئىبنى پەخرىدىن ھەزرەتلىرى (تاتار ، ئۇفالىق) قاتارلىقلار ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ۋاپاتىغا ئېچىنىپ ، مەرھۇمغا ئاتاپ مەرسىيىلەر يېزىشتى . ئۇنىڭ

① قەشقەر شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1996 - يىلى 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى 28 - نومۇرلۇق ھۆججەت ئارقىلىق ، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەبرىسىنى « شەھەر دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى » دەپ ئېلان قىلغان .

② مۇراد رەمزەبەگ ئابدۇقادىر داموللامغا بېغىشلاپ 160 مىسرالىق مەرسىيە يازغان بولۇپ ، بۇ مەرسىيىدە ئابدۇقادىر داموللامنىڭ پۈتكۈل ئىش ئىزلىرىنى تىلغا ئېلىپ مەدھىيىلىگەن ، ۋاپاتىغا ئېچىنغان . ئابدۇقادىر داموللامغا يۇقىرى باھا بەرگەن . ئۇ كىشى ھىجرىيە 1352 - يىلى ( مىلادىيە 1933 - ، 1934 - يىللىرى ) غۇلجىدا ۋاپات بولغان .

سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى چۆچەكتە تۇرۇپ ئاڭلىغان مەمتىلى توختىھاجى (تەۋپىق) مۇ ئىنتايىن چۆچۈگەن ھالدا:

« مەرھۇم داموللا ئابدۇقادىرى ناھەق كەتتىلەر،
گۇناھى نىمە؟ پەقەت بىزگە ھەقنى ئۆگەتتىلەر » ①.

دەپ يېزىپ، ئابدۇقادىر داموللامغا قەست قىلغان مۇتەئەسسىپ دۆيۈز، مۇناپىق قارا كۈچلەرگە غەزەپ - نەپرىتىنى بىلدۈردى.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ۋاپاتى ئەينى دەۋردە يالغۇز ئوتتۇرا ئاسىيانىلا ئەمەس، ھەتتا غەربىي ئاسىيا، جۈملىدىن مۇسۇلمان شەرق ئەللىرىنىمۇ قاتتىق زىلزىلىگە سالغان ئىدى. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرى بولغان ئىنايەتخان مەخسۇم: « ھىندىستان، مىسىر، قازان، كەشمىردىكى مەتبۇئاتلاردا ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈرۈپ يېزىلغان مەرسىيە شېئىرلىرى ۋە ماقالىلەرنى توپلاپ توپلام قىلسا، بىرنەچچە جىلدلىق چوڭ توپلام ھاسىل بولۇر ئىدى » دەپ ئېيتقان②.

ئابدۇقادىر داموللام ھەقىقەتەن ئوتتۇرا ئاسىياغا، جۈملىدىن غەربىي ئاسىياغا تونۇلغان ئۇستا ناتىق، ماھىر مۇنازى-

① مەمتىلى توختىھاجىنىڭ « ئوقىدى - ئاشتى » غەزىلىدىن ئېلىندى.

② ئىنايەتخان مەخسۇم ئابدۇقادىر داموللامنىڭ توقام مەدرىسەدە ئوقۇتقان شاگىرتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئابدۇقادىر داموللامنى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ قول تىقىپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى پاش قىلغانلىقى ئۈچۈن ھەپسىگە ئېلىنغان. كېيىن بۇ ئىشنى قايتا ئېغىزغا ئالمايدىغانلىق ھەققىدە يەرلىك دائىرىلەرگە تىلخەت بېرىپ، ھەپسىدىن چىققان ۋە شۇ يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانغا چىقىپ كەتكەن. ھىجرىيە 1367 - يىلى ( مىلادىيە 1947 - ، 1948 - يىللىرى) سەئۇدى ئەرەبىستاندا ۋاپات بولغان.

رىچى ، خەلقپەرۋەر ئالىم ، تالانتلىق شائىر بولۇپ ، ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرى ، داستانلىرى① تىرەن مەنىلىك رۇبائىيلىرى ② ئۆزىنىڭ پاساھەت ، بالاغەتتىكى ئۇستۇنلۇكى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭلا ئەمەس ، بەلكى چەت ئەللەردىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان ھەمدە ئۇلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولغان ئىدى . ئۇنىڭ كۆپ ئەسەرلىرى ئۆزى ھايات ۋاقتىدا قازاندىكى « مىللەت » مەتبەئەسىدە ، تاشكەنتتىكى « غۇلامىيە » مەتبەئەلىرىدە بېسىلىپ ، كەڭ تۇردە تارقىتىلغان . بىر قىسىم ئىلمىي ئەمگەكلىرى شۇ زامانىنىڭ ئاتاقلىق مەجمۇئەسى « شورا ژۇرنىلى »دا ئېلان قىلىنغان . ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ، بىر قىسىم ئەسەرلىرى قەشقەر قازانچى يارىبېشىدا قۇرۇلغان « مۇھەممەدىيە » مەتبەئەسىدە ، دەمەشقتە ، جىددەدە نەشر قىلىندى . ئۇ يازغان « جاۋاھىرۇل ھىيقان » (ھەقىقەت جەۋھەرلىرى ) ، « ئىرشادىل مۇسلىمىن » ، « شەرھى ئامالى » قاتارلىق ئەسەرلەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كۇتۇپخانىلاردا ، قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش ئىشخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقاندىن تاشقىرى ، مىسىرنىڭ ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا .

« مىفتاھۇل ئەدەب » — ئاپتورنىڭ ئەرەب ئەدەبىياتىدا ئىپادىلەنگەن ئەرەب تىلىنىڭ ئەڭ ئىنچىكە ، ئەڭ نازۇك ، ئەڭ پاساھەتلىك تەرەپلىرىنى ئەرەب تىلى ئۆگەنگۈچىلەرگە بىلدۈرۈش ئارقىلىق ، ئۇلارنىڭ ئەرەب تىل - ئەدەبىياتى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە يازغان دەرسلىك كىتابلىرىنىڭ بىرى . بۇ كىتاب ھىجرىيە 1328 - يىلى (مىلادىيە 1910 - ، 1911 - يىللىرى)

---

① 120 مىسرالىق بىر مۇخەممىسى ، « مېۋىلەر مۇنازىرىسى » ناملىق داستانى بار .

② ئابدۇقادىر داموللامنىڭ رۇبائىيلىرى تاشكەنتتە تاش مەتبەئەدە نەشر قىلىنغان « شەۋقى گۇلستان » ناملىق چوڭ توپلامغا بېسىلغان .

قەشقەردە يېزىلغان. شۇ يىلى تاشكەنت «غۇلامىيە» مەتبەئەسىدە سىراجىدىن مەخدۇمنىڭ خىراجىتى ۋە شۇ ساخاۋەتلىك زاتنىڭ ئۆز قولى بىلەن كۆچۈرۈشى ئارقىسىدا تاش مەتبەئەدە بېسىلىپ چىققان.

ئاپتور كىتابنى يېزىشتىكى مۇددىئا ـ مەقسىتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەقسەتلەرنىڭ مۇھىمى، ئارزۇلارنىڭ ئۇلۇغى بولسا، ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان ئالالائالانى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى، ئىسلامنىڭ ئەھكام ـ پرىنسىپلىرىنى، ئەمر ـ پەرمان ۋە ھۆكۈملىرىنى جانابىي ھەقنىڭ تەلىمگە مۇۋاپىق بىلىش ۋە تەستىق قىلماقلىقتۇر. بۇنداق بىلىش ۋە تەستىق قىلماقلىقنى (قۇرئان كەرىم) ۋە ھەدىس تەكلىپ قىلىدۇ... لېكىن (قۇرئان) ئايەتلىرى ۋە رەسۇلۇللانىڭ ھەدىسلىرىنى بىلىش ـــ ئالدى بىلەن ئەرەب تىلىنى ۋە ئۇنىڭ لەتىپ، ئىنچكە ئۇسلۇبىنى بىلىشكە باغلىقتۇر. ئەرەب تىلىنىڭ ئەڭ ئىنچكە بالاغىتى ئەرەبلەرنىڭ ھېكمەت، باتۇرلۇق، ئەخلاق، نەسىھەت ۋە لەتىپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پاساھەتلىك ۋە بالاغەتلىك ئەدەبىياتىدا كۆرۈلىدۇ... قازى بەيزاۋى ئۆز تەپسىرىدە: (ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ پىكرىدىن قارىغاندا، ئەرەبلەرنىڭ شېئىرلىرى ئەرەب تىلىدا چۈشكەن قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلىشتا بىردىنبىر ئاساسلىق ياردەمچى مەنبە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ) دېگەن ئىدى. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، ئىلگىرىكى ئالىملار ئەرەب تىلىنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئەرەب شېئىرىيىتىدىن ئەرەب تىلىنىڭ قائىدىسىنى ۋە شېئىرىيەتنىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبىنى تەتقىق قىلىپ يەكۈنلىگەن ھەمدە بۇ يەكۈن ئارقىلىق، ئىسلام ئەھلىنى ئاللانىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللانىڭ ھەدىسلىرىنى بىلىشكە دالالەت قىلغان ۋە يېتەكلىگەن ئىدى (ئاللا ئۇلاردىن رازى بولسۇن). ئەپسۇسكى، ھەسرەت ئۈستىگە ھەسـ

رەت ! زامانىمىزدىكى مۇشۇ دىياردا ئىلىم تەھسىل قىلغۇچىلار ئەرەب شېئىرىيىتىنىڭ بالاغىتىگە ۋە ئەدەبىي ئۇسلۇبىغا قارىماي ، شۇنداقلا ئالىي بىلىم ھاسىل قىلىش پىكرىدە بولماي ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئىسلام ئالىملىرىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىدەك ، ئىسلام مىللەتلىرىنىڭ چۈشكۈنلىشىشى ۋە خارابلىشىشىدەك يامان ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . ئوقۇغۇچىلارنى بارلىق ئىلىم- لەردىن ، بولۇپمۇ ئۇلۇمۇ قۇرئان ، ئۇلۇمۇ ھەدىس ۋە پىقھە ① ئىلمىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلدى ... ئەگەر مەدرىسەلىرىمىزدىكى ئوقۇتۇش ئاشۇ قالاق ئۇسۇل بىلەن كېتىۋېرىدىغان بولسا ، ئۇ چاغدا ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن شەرىئەت ئەھكام - پرىنسىپلىرىنى خەلققە يەتكۈزۈش ۋە ئاللاتائالانىڭ سۆزىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش ، ئىسلام مىللىتىنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلىشتەك ۋەزىپىنى قاچان ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولار ؟ شەرىئەت ، ئەھكام ئىشلىرىنى جاھىل ، نادانلارنىڭ قولىدىن قا- چانمۇ قۇتۇلدۇرۇپ ئالغىلى بولار ... ئۇلار پايدىلىق سۆزنى زەرەرلىك دەپ ، توغرا سۆزنى يالغان دەپ ھېسابلاۋاتسا ، ئۇ ھالدا ئۆزىنىڭ ئىشەنچىنى ، ئىقتىدارلىق كىشىلىرىنى ئېچىنارلىق ھالدا يوقاتقان بۇ مىللەتنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلىشتىن قانداقمۇ ئۈمىد بولسۇن ؟! ئىقتىدارلىق كىشىلەرنىڭ دىنىي ھېسسىياتىمىز بويىچە ئالىي ھىممەت كۆرسىتىپ ، ئوقۇغۇچىلارنى ، بەلكى ئومۇمىي ئەھلى ئىسلامنى ياخشى پېشۋالارنىڭ ئىش ئىزلىرىغا يېتەكلەپ ، مەنپەئەتلىك ئىلىم ۋە ئالىي مائارىپنى قولغا كەلتۈرۈشكە تەشەببۇسكار بولۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن » .

مانا بۇنىڭدىن ئاپتورنىڭ ئۆز كىتابىنى مىللەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ، بولۇپمۇ كونا ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ ، ئوقۇغۇچىلارنى ئاسان ئۇسۇل بىلەن ئىلىمدىن كۆپ

① پىقھە ئىلمى — شەرىئەتنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قانۇنى .

مەنپەئەتلىنەلەيدىغان قىلىشقا ھەمدە پايدىلىق ئىلىملەرنى كۆپرەك ئۆگىنىپ، بىلىم سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق ئالىي مەلۇماتلىق بولۇپ يېتىلىشكە رىغبەتلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ يازغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

بۇ كىتابنى نەشرگە تەييارلىغان مەرىپەتپەرۋەر زات سىراجىددىن مەخدۇم كىتابنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى ھەققىدە: «سۆز جەھەتتىكى پاساھەت ۋە بالاغىتى فىردەۋسىنىڭ① ھۆرلىرىدىنمۇ گۈزەل، لاتاپەتلىك، مەزمۇنى جەننەتتىكى سەلسەبىل دېگەن بۇلاقتىنمۇ چوڭقۇر ۋە سۈزۈك، تېكىستى ئۇنىڭدىنمۇ ئاجايىپ» دەپ يازسا؛ تاشكەنتنىڭ شۇ زاماندىكى پازىل ئۆلىماسى، مەشھۇر ئەدىبلىرىدىن بىرى مۇرادخوجا ئىشان تاشكەندى مۇنداق تەقرىز يازغان: «خۇش خەۋەر، خۇش خەۋەر، ئەدىبلەرگە خۇش خەۋەر! ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ ئاچقۇچى بېسىلىپ چىقىدىغان بولدى. بۇ كىتابنى تاللانغان (ئاتاقلىق) يازغۇچىلارمۇ ئالتۇن بىلەن ھەل بېرىپ يېزىۋالسا، ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. ۋاھ ئەجەبا! بۇ كىتابنىڭ مەنە جەھەتتىكى بالاغىتى فىردەۋسىنىڭ ھۆرلىرىدىنمۇ گۈزەل ۋە لاتاپەتلىك، ئۇنىڭ تېكىستى كەۋسەردىنمۇ تاتلىق. بۇ كىتاب مەنە، بايان ۋە بەدىئىيلىك جەھەتلەردە كۆڭۈلنى ئاچىدىغان ئازادە، جىلۋىلىك كىيىملەر بىلەن بېزەلگەندۇر. بۇ كىتابنىڭ پىكىر مەنىلىرى ئابىھاياتتۇر، ئىلمى قۇۋۋەتتە ئالتۇن بۇلاقتۇر. كىمكى پەزىلەتتە، ئەدەپ كامالەتتە ھېكمەتلەردىن ئالىي مەرتىۋە تېپىشنى خالىسا، ئاڭا ‹بۇ مەقبۇل كىتابنى چىڭ تۇت› دېگىل! شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئاشۇ پەزىلەت ئارقىلىق ئالىي مەرتىۋە تاپقاي. بۇ كىتاب نىل دەرياسىنىڭ سۈيىدەك دوستلارغا شېرىن، دۈشمەنگە زەھەر تېتىيدۇ. سەۋىيىسى تۆۋەن كىشىلەر ئاچچىقىدا ھەر نەرسىلەرنى

---

① فىردەۋسى — جەننەتنىڭ ئىسمى.

دېــــمــۇ ، ئەمــمــا توشاق ئالىملار ‹ ئاپىرىن › دېمەي قويمايدۇ . ئەقلــىــمگە بۇ تاللانما كىتابنىڭ توپلىنىشى ۋە نەشىردىن چىقىشى قــاچان دېــسەم ، ئەقــلىم ئاپــىــرىن يۈزىــســدىن بۇنىڭ تارىــخى ‹ مىفتاھۇل ئەدەب › ① دېگەن نامدا ياسالغان دېدى » .

« مىفتاھۇل ئەدەب » ـــ ئىككى قىسىم بولۇپ ، بىرىنچىسى 10 بــاب ، ئىــكــكــىنچىسى بەش بابتىن تۈزۈلگەن . بىرىنچىسىنىڭ ئاخــىــرىــدا : « ‹ مــىــفتاھۇل ئەدەب › نىڭ بىرىنچى قىسمى تامام بــولــدى ، ئىــكــكىنچى قىسمى بۇنىڭ كەينىدىن ئۇلىنىدۇ . ئۇنىڭدا ئىلىم ماكانى ، بايان ، بەدىئىي ئۇسلۇب ، ئەرۇز ، قاپىيە ... گە دائىر مــىــساللارنــى بــېــرىش ۋە ‹ تەلخىسۇل مىفتاھ › دىكى شېئىرلارنى يــېــشىش مەزمۇن قىلىنىدۇ » دېيىلگەن بولسىمۇ ، ئەمما ئىككىنچى قىسىم كىتابنىڭ يۇرتىمىزغا يېتىپ كەلگەنلىكى ھازىرچە نامەلۇم .

ئاپــتــور ئۆز كــىــتابىغا ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى ئىلىم ـ ھېكــمەت ، قــەھرىــمــانــلــىق ، ئىپتىخارلىق ، ئىچىملىك توغرىسىدىكى ، شــۇنــىــڭدەك تارىخىي ۋەقەلەر ھەققىدىكى قەسىدە ، مەرسىيە ، غەــزەلــلــەرنــى تــاللاپ كــىــرگۈزگەن . بىرىنچى كىتاب 95 بەت ، 1746 مــىسرا بولۇپ ، بۇنىڭدىن ئىككى مىسراسى ھەبەش (ھازىرقى ئېفىــئوپــىــيــە) تىلىدا ، قالغىنى ئەرەب تىلىدا يېزىلغان . ھەبەش تىلىدا يېزىلغان :

« ئەرەھ بەرەھ كەنكەرە ،
كەراكىرى مەندەرە » .

(دۇنــيــادا نۇرغۇن ئېسىل كىشىلەر ئۆتكەن بولسىمۇ ، ئاردــمىزدا پەقەت سەنلا سىمۇول قىلىشقا يارايسەن .)

---

① « مــىفتاھۇل ئەدەب » ھەم كىتاب نامىنى ، ھەم ئەبجەد ھېسابى بويىچە ھىجــرىيە 1328 ـ يىلى (مىلادىيە 1910 ـ ، 1911 ـ يىللىرى) نى كۆرسىتىدۇ .

دېگەن بۇ ئىككى مىسرانى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ھەزرىتى بىلال ئوقۇغان. قالغان 1744 مىسرانى مۇسۇلمان ئەللىرىگە مەشھۇر بولغان 100 گە يېقىن ئەرەب، پارس، تۈرك ۋە ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن تاللىۋالغان. بۇنىڭ ئىچىدە مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى تەجەللىنىڭ 164 مىسرا، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ 148 مىسرا، سىراجىدىن مەخدۇمنىڭ سەككىز مىسرا، مۇرادخوجا ئىشان تاشكەندىنىڭ 22 مىسرا شېئىرى بار. ئۇنىڭدىن تاشقىرى «لەيلى - مەجنۇن» داستانىدىن پارچىلار بار.

ئاپتور ئۆز كىتابىغا نېمە ئۈچۈن «مىفتاھۇل ئەدەب لىفەھمى كەلامۇل ئەرەب» (ئەرەب تىلىنى چۈشىنىشتىكى ئەدەبىيات ئاچقۇچى) دەپ ئىسىم قويغانلىقى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ: «كەمىنە ئۆزىنىڭ تۆۋەن ئىقتىدارىغا قارىماي، ئوقۇغۇچىلارنى پايدىلىق ئىلىملەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈش نىيىتى بىلەن ئەرەب دىۋانلىرىدىن ئىلىم - ھېكمەت، مەدھىيە، قەھرىمانلىق، پەخىرلىنىش، غەزەل، زەھرىيات (گۈل - چېچەكلەر)، ئىچىملىكلەر، تەنقىد، مەرسىيە، تارىخ ... قاتارلىق ئىلىملەرگە ئائىت نەپىس شېئىرلارنى تاللاپ ئەدەبىيات ئالىملىرىنىڭ ئەرەب تىلى قائىدىسى ۋە ئەدەبىيات ئۇسۇللىرىدىكى مەنە، بايان، بەدىئىي ئۇسلۇب، ئەرۇز، قاپىيىگە مۇناسىۋەتلىك پىكىرلىرىنى توپلاپ، ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ، بىرىنچى قىسىمنى 10 باب، ئىككىنچى قىسىمنى بەش باب قىلىپ تۈزدۈم. 〈تەلخىسۇل مىفتاھ〉 دا بايان قىلىنغان شېئىرلارنى ھەم بۇ توپلامغا قوشتۇم. چۈنكى، بۇ قىسقىغىنا توپلام ئوقۇغۇچىلارنى دىۋاندىكى پاساھەت، بالاغەت، ئاجايىپ ئۇسۇللار، بەدىئىي مەنىلەرگە ئاشىنا قىلىپ، ئۇنىڭدىكى ئىلىم دېڭىزىدىن دۇر - گۆھەرلەرنى قازماقچى، ھەدىيلەر گۈلشەنىدىن گۈللەر ئۈزمەككە دالالەت قىلامدىكىن

دېگەن ئۈمىدتە بۇ لەتىپىلىك توپلامنى 〈 مىفتاھۇل ئەدەب لىفەھمى كەلامۇل ئەرەب 〉 دەپ ئاتاشنى مۇناسىپ كۆردۇم » .

كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە گەرچە « مەقسەتلەرنىڭ مۇھىمى ، ئارزۇلارنىڭ ئۇلۇغى بولسا ، ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان ئاللاتائالانى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى ، ئىسلامنىڭ ئەھكام - پىرىنسىپلىرىنى ، ئەمر - پەرمان ۋە ھۆكۈملىرىنى جانابىي ھەقنىڭ تەلىمىگە مۇۋاپىق بىلىش ۋە تەسدىق قىلماقلىقتۇر . بۇنداق بىلىش ۋە تەسدىق قىلماقلىقنى 〈 قۇرئان كەرىم 〉 ۋە ھەدىس تەكلىپ قىلىدۇ » دېيىلگەن بولسىمۇ ، ئەمما كىتابتا بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلەر ناھايىتى ئاز بېرىلگەن . ئاساسلىقى ئىنساننىڭ ماھىيىتى نېمە ؟ ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتى نېمە بىلەن ئۆلچىنىدۇ ؟ ئىنساندا قانداق ئەخلاقىي پەزىلەتلەر بولۇشى لازىم ؟ ئىنسان كىشىلىك تۇرمۇشنى قانداق ئۆتكۈزۈشى كېرەك ؟ دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا ئاپتور ئۆزىنىڭ ئەقىل ، بىلىم ، بەخت ، گۈزەللىك ، باتۇرلۇق ، قەھرىمانلىق ، ھاكىمىيەت ، ۋەتەن ، مىللەت ، ئىنسانپەرۋەرلىك ، ئادالەت ، ھۆرلۈك ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ۋاسىتىلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان . ئىنسانىي پەزىلەتلەردىن ئىناقلىق ، ئىتتىپاقلىق ، ياخشىلىق ، خەير - ساخاۋەت ، كەم سۆزلۈك ، ئۆزىنى تۇتۇش ، ئۆزىنى بىلىش ، باشقىلارغا باھا بېرىش ، باشقىلارنى چۈشىنىشكە ئوخشاش ئېسىل خىسلەتلەرنى قىزغىن مەدھىيىلەپ ، كىشىلەرنى بۇ خىل خىسلەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشقا چاقىرغان . ئەكسىچە ، يامانلىق ، ئاچ كۆزلۈك ، شۆھرەتپەرەسلىك ، ھاماقەتلىك ، ھەسەتخورلۇق ، شاللاقلىق ، ئۆزۈمچىلىك ، بېكىنمىچىلىك قاتارلىق يامان ئىللەتلەرنى قاتتىق سۆكۈپ ، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن يىراق بولۇشقا ئۈندىگەن ؛ زامانىنىڭ يولسىزلىقى ، تەتۈرلۈكى ئۈستىدىن قاتتىق شىكايەت قىلىپ ، ئۆز نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن . مانا بۇ

نۇقتىدىن ئالغاندا «مىفتاھۇل ئەدەب»نى XI ئەسىرنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»ى دېيىشكە بولىدۇ. ئەگەر «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن «مىفتاھۇل ئەدەب» ئوتتۇرىسىدا پەرق بار دېيىلسە، بىرىنچىدىن بۇ پەرق يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت، ھاكىمىيەت، قانۇن، بەخت ـ سائادەت، ئەقىل، بىلىم، ئىنسانىي پەزىلەت توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى تۆت پېرسوناژنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق ئىپادىلىگەنلىكىدە؛ ئابدۇقادىر داموللامنىڭ بولسا، بۇ مەزمۇنلارنى ئەرەب، پارس، تۈرك شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىكى شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان قىسىملارنى تاللاپ توپلاش ئارقىلىق ئىپادىلىگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. ئىككىنچى پەرق يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز كىتابىنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يازغان، ئابدۇقادىر داموللام ئىسلامىيەتتىكى ئومۇمىي تەربىيىنى جەمئىيەتنى يېتەكلىگۈچى مولىلار ئارقىلىق يۈرگۈزۈش ئوڭاي دەپ ھېسابلىغانمۇ، ياكى مولىلاردا ھەۋەس قوزغاشنى مەقسەت قىلغانمۇ، ياكى بولمىسا ئەسلىگە سادىق بولۇشنى خىيال قىلغانمۇ، كىتابنى ئەرەب تىلىدا يازغان.

ئابدۇقادىر دامولامنىڭ ئۆز كىتابىدا بىرىنچى بولۇپ تەكىتلىگىنى ئەقىل، بىلىم، ئەخلاق ـ پەزىلەت مەسىلىسىدىن ئىبارەت. چۈنكى، ئۇنىڭ قارىشىچە، ئەقىل، بىلىم، ئەخلاق ـ پەزىلەت ــ ئىنساننى خار ۋە زەبۇنلۇقتىن ساقلاپ سائادەتمەن قىلىدىغان، تىلەك، مەقسەتلەرگە يەتكۈزىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. ئەگەر ئىنسان ئەقلىنى ئىشقا سېلىشقا ماھىر بولمايدىكەن، ئىنسانىيەت ياراتقان بىلىم بايلىقلىرى بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرمايدىكەن ۋە گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتنى ئۆزىدە يېتىلدۈرمەيدىكەن، مەڭگۈ قۇل بولۇپ ئۆتىدۇ. «ئاللاتائالا ئىنسانغا ئەقىل ۋە ئەدەپتىن گۈزەل نېمەت بەرمىدى (1 ـ بېيىت)»، «ئەقىل، ئەدەپ ياشلارنىڭ گۈزەل ھۆسنى، ئەقىل، ئەدەپنى

يـوقـاتـقـان ياشلار هايات سەھنىسىدىن تېزراق يوق بولغىنى ياخ-شـىـراق » (2 ـ بـېـيـت) ، « ئەگـەر سـەن ئەقـلـىـڭـنـى تـوغرا ئىشلىتەلىسەڭ ، ياتقان ئورنۇڭ كېچىدىمۇ ئەقىل نۇرى بىلەن دائىم يـورۇپ تـۇرىـدۇ » (12 ـ بـېـيـت ) ، ئەقلىڭدىن مەسلىھەت سورا ، ئەقـلـىـڭـدىـن باشقىنى كېرەكسىز ھېسابلا » (13 ـ بېيت ) . ئۇ ، ئىلىمنىڭ خاسىيىتىگە توختىلىپ : « ھەربىر پەزىلەتتە ئۇستۇنلۇك بـار . ئەمما ، ئىلىمنى ھەممە پەزىلەتتىن ئۇستۇن تاپتىم » (3 ـ بېـيـت) ، « ئىـلـىـمدىن باشقىنى زەخىر (سەرمايە) دەپ ھېسابلىما ، چـۈنـكى ، ئىلىم دېگەن تۈگىمەس خەزىنە » (4 ـ بېيت) دەيدۇ . ئۇ يـەنـە : « ھەي يـاش ، ئىلىم ئۆگەن ، چۈنكى نادانلىق نومۇس ، نادانلىققا ئىشەكتىن باشقا نەرسە رازى بولـمايدۇ » (6 ـ بېيت) ، «ئىـلـىم بىلەن نىجات تاپ ، مەڭگۈ ياشايسەن ، نادانلار ئۆلۈك ، ئا-لىـملار تىرىك » (5 ـ بېيت) ، « ئىلىم ئىگىلىرى ۋە ئىلىم يولىدا ماڭـغـان كـىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەڭلىك ۋە خارلىنىش بىلەن ئۆتـۈپ كـەتـتـى دېـمـە ! » (16 ـ بـېـيـت) ، « ئىـلـىم ئارتقاندا دۈشمەننىڭ ئاغزى ـ بۇرنىنى توپىغا مىلىگىلى بولىدۇ ، ئىلىمنىڭ ھۆسـنى ھەرىكەتنى ئىسلاھ قىلىشتۇر » (17 ـ بېيت) دەپ خىتاب قىلىدۇ .

مـانـا بـۇلار يـۈسـۈپ خاس ھاجىپنىڭ « قۇتادغۇ بىلىك » تـىـكـى « ھەر تـۈرلـۈك ياخشىلىقلار ئەقىلدىن كېلىدۇ ، ئەقىل — ئىـنـسـان ئۈچـۈن مـىـڭ خـىـل پەزىلەتنىڭ بېشى ، ئۇ كېچىدەك قـاراڭـغۇلۇقتىكى ئىنسانىنىڭ دىلىنى مەشئەل كەبى يورۇتىدۇ . ئە-قـىـلـلـىـق بـولـۇش — تـەڭـرىـنـىـڭ نېمىتى ، ئەقىللىق ئىنسان بـۈيـۈكتۇر » ، « ئىلىم — كۈچ ، ئىلىم — بەخت قورالى ، ئىلىم — ئىـنسان قەدىرـ قىممىتىنىڭ ئۇلى ، ئىنسان ئەقىل ۋە بىلىم بىلەن يـۈكـسـەلـىـدۇ ، بىلىملىك كىشىنىڭ ئورنى كۆك (ئاسمان) دىنمۇ ئېـگـىـز . كـىـشـىـلەرنى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرىدىغان ئاساسلىق ،

بەلكى دوزاخ ئىشكىنى پېچەتلەيدىغان نەرسە پەقەت ئىلىم، بىلىملىك كىشىنىڭ ئۇخلىشى تەقۋادار زاھىتنىڭ ئىتىكاپتا ئولتۇرۇشىدىن ئەۋزەل» دېگەن قاراشلىرى بىلەن نېمىدېگەن ئوخشاش ـ ھە!

ئابدۇقادىر داموللام ئۆز كىتابىدا يەنە ئىنسان پەزىلىتىنىڭ نېگىزلىك ماھىيەتلىرىدىن بىرى بولغان ئىجتىمائىي ئەخلاق مەسىلىلىرىدە بىر قاتار ئىلغار قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ جەھەتتە ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ياندىشىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياخشىلىق توغرىسىدا: «ئىنسان بۇ دۇنياغا ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈنلا يارالغان، ياخشىلىق — ئىنساننىڭ ماھىيىتى، شۇنداقلا كىشىلىك جەمئىيەت ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك مۇقەددەس بۇرچى. ياخشىلىق — ھاياتلىقنىڭ دەسمايىسى، ياخشىلىق — ئىنساننىڭ ئەبەدىي يېمەك ـ ئىچمىكى. بەخت ـ سائادەت ئىنسانغا ياخشىلىق ئارقىلىق كېلىدۇ. ياخشىلىق ئىنساننى شان ـ شۆھرەت، ئىززەت ـ ھۆرمەتكە، مەرتىۋىگە ئېرىشتۈرىدۇ. ياخشىلىق — دۇنيادا ئەبەدىي قېرىمايدىغان، مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان مۇتلەق نەرسە. ئىنساننىڭ مەڭگۈلۈكى ياخشىلىق بىلەندۇر، ئىنسان گەرچە ئۆلگىنى بىلەن ياخشىلىق ئۇنىڭ نامىنى مەڭگۈ ئۇنتۇلدۇرماي، ئەبەدىي ساقلايدۇ» دېسە؛ ئابدۇقادىر داموللام بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتى، مەيلى ئۇ ئىنسان ياخشى ئەمەلنى ئاز قىلسۇن، كۆپ قىلسۇن، گۈزەل ئەمەلىيىتىگە باغلىق» (27 ـ بېيىت)، «ئىنسانلارنىڭ ياخشىسى، كىشىلەر ئۇستىدىكى ئېغىرچىلىقنى ئىرغىتىپ تاشلاپ، مەنپەئەت يەتكۈزگەن كىشى» (150 ـ بېيىت)، «ئەگەر قادىر بولالىساڭ، كىشىلەر ئارىسىدا ياخشى ئىشلاردىن باشقىنى قىلما. بارلىق يامان ئىشلاردىن يىراق بول» (10 ـ بېيىت)، «ياخشىلىقنىڭ ئۇرۇقىنى

چاچ ئورۇنسىز يەر بولسىمۇ، چۈنكى ياخشىلىق ئۇرۇقى قەيەرگە چېچىلسا ھەرگىز زايە بولمايدۇ» (41 ـ بېيىت)، «ياخشىلىق قىلغىن، زامان ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، چۈنكى، ئۇ ياخشىلىقنىڭ ھوسۇلىنى تېرىغان كىشىدىن باشقىسى ئورۇيالمايدۇ» (42 ـ بېيىت)، «ياخشىلىقنى ئادەت قىلىش ئۈچۈن ئوچۇق قول بولۇش كېرەك، ئوچۇق قول كىشى ئىززەتتىن نېرى بولمايدۇ» (43 ـ بېيىت)، «ھەي باللار، پۈتكۈل خەلققە مېھرىبان بولۇڭلار، ئۇلارغا مەرھەممەت، شەپقەت نەزىرىڭلار بىلەن قاراڭلار» (39 ـ بېيىت)، «چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەپ، بارلىق ئىشلاردا ياراتقان زاتنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىڭلار» (40 ـ بېيىت).

بۇ يەردە بىر مەسىلىنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش لازىمكى، ئاپتورنىڭ ياخشىلىق توغرىسىدىكى قارىشى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قاراشلىرى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما ئۇ مەلۇم جەھەتلەردە كونكرېتلىققا ئىگە. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك»تە ھەممىگە قارا ـ قويۇق ياخشىلىق قىلىشنى، ھەتتا يامانلىق قىلغۇچىغىمۇ ياخشىلىق قىلىش بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلسا؛ ئابدۇقادىر داموللام ياخشىلىقنى بىلگۈچىگە قىلىشنى، يامان ئادەملەرگە ئەسلا ياخشىلىق قىلىشقا بولمايدىغانلىقنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقاچان ئېسىل تەبىئەتلىك كىشىلەرنى ھۆرمەتلىسەڭ، سەنمۇ ھۆرمەتكە ئىگە بولىسەن؛ ئەگەر ئىپلاس ئادەملەرنى ھۆرمەتلىسەڭ، ئۇ ھەددىدىن ئېشىپ، سېنى يەرگە ئۇرىدۇ» (98 ـ بېيىت)، «خەير ـ ئېھسان قىلىش ئورنىغا قىلىچنى ئىشلىتىش زىيانلىق بولغىنىدەك، قىلىچ ئورنىغا خەير ـ ئېھساننى قويۇشمۇ زىيانلىق» (99 ـ بېيىت)، «ئىپلاس ئادەملەرگە لۇتفۇمەرھەممەت قىلما، ئۇنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ قويىسەن» (100 ـ بېيىت)، «قاتتىق تۆ-

مۇرنى پەقەت ئۇتلا يۇمشىتىدۇ، ئەگەر تۆمۇرگە دېگىز سۈيىنى قۇيىسىمۇ ئەسلا يۇمشىمايدۇ» (101 ـ بېيىت)، «قۇدرەت تاپساڭ بىركۈنمۇ پۇرسەت بەرمە، يامانلارنى چاققان بىر تەرەپ قىل، بولمىسا ئۇلار سەن ئىگە بولغان كۈچ ـ قۇدرەتكە ئەتىلا ئىگە بولۇۋالىدۇ» (103 ـ بېيىت).

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ بۇ قارىشى ئەينى زامان رېئاللىقىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىنسانلارنىڭ تەبىقىگە بۆلۈنۈپ ياشاۋاتقانلىقى، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى، ئۇلاردا ئورتاق ھېسسىيات بولمىغانلىقتىن، ھەممىگە قارا ـ قويۇق ياخشىلىق قىلىش مەسىلىسىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكى كۆزدە تۇتۇلغان.

«مېــــفــــتاھۇل ئەدەب» تە ئىجتىمائىي ئەخلاق كاتېگورىيىسىدە سۆزلەنگەن مەسىلىلەرنىڭ يەنە بىرى سۆز قائىدىسى توغرىسىدىكى قاراشتىن ئىبارەت. ئابدۇقادىر داموللام بۇ توغرىدا مۇنداق ئۈچ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: بىرىنچى، سۆزنى قائىدىلىك قىلىش، سۆزنى بۇزماسلىق؛ ئىككىنچى، كەم سۆز بولۇش، كەلسە ـ كەلمەس سۆزلەۋېرىپ شاللاقلىق قىلماسلىق؛ ئۈچىنچى، كەسكىن سۆزلەش، سۆرەلمىلىك، ئەزمىلىك قىلماسلىق. مانا بۇلارغا رىئايە قىلماسلىق ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قارىشىچە، كىشىلىك ئەدەپ ـ ئەخلاققا نۇقسان يەتكۈزىدىغان ئىشلار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئادەمگىمۇ خەۋپ يەتكۈزىدىغان زىيانلىق ھادىسە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئابدۇقادىر داموللام: «سۆزنى گراماتىكا بىلەن گۈزەللەشتۈر، چۈنكى سۆز قائىدىسىدىن مەھرۇم بولغان كىشى سۆزنى بۇزىدۇ» (18 ـ بېيىت)، «ئەقىل دېگەن زىننەت، كەم سۆزلۈك دېگەن سالامەتلىك، شۇڭا ئورۇنسىز سۆزنى تولا سۆزلىمە» (49 ـ بېيىت)، «كەم سۆزلۈكتە بىر قېتىم پۇشايمان قىلسام، كەم

سۆزلىگەنگە مىلڭ قېتىم پۇشايمان قىلدىم » (50 ـ بېيىت) ، «ئىنسان ھەرقاچان ئۆز تىلى بىلەن سىرىنى پاش قىلىپ ، باشـ قىلارنىڭ مالامىتىگە قالسا ، ئۇ ئەخمەق ئىنساندۇر » (119 ـ بېيىت) ، « سۆزلەيدىغان ئورۇننى تاپساڭ چوقۇم كەڭتاشا سۆزـ لە ، ئەگەر سۆزلەيدىغان ياخشى سۆزنى تاپساڭ ئايىماي سۆزلە » (227 ـ بېيىت) ، « چۈنكى كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىلىم ۋە قابىلىيىتىگە يارىشا ئۇ سۆزدىن توغرا چۈشەنچە ئالىدۇ » (122 ـ بېيىت) ، « ھەرقاچان پىكىر قىلساڭ كەسكىن پىكىر قىل ، چۈنكى سۆرەلمىلىك كىشىنى ئىككىلەندۈرىدۇ » (102 ـ بېيىت) . ئابدۇـ قادىر داموللامىنىڭ بۇ قاراشلىرىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك »تە ئوتتۇرىغا قويغان تۆۋەندىكى ئوي ـ پىكىرـ نىڭ تولۇقلانمىسى دېيىشكە بولىدۇ :

167 سۆزۈڭنى كۆزەتكىن ، بېشىڭ كەتمىسۇن ،
تىلىڭنى كۆزەتكىن ، چىشىڭ سۇنمىسۇن .

169 ئېسەنلىك تىلەسەڭ ئەگەر سەن ئۆزۈڭ ،
تىلىڭدىن چىقارما ياراقسىز سۆزۈڭ .

173 كىشى بولغۇسى شاھ ئۆسۈپ سۆز بىلەن ،
تولا سۆز بېشىڭنى قىلار يەر تۆۋەن .

175 پاساھەت بىلە قىل شۇڭا سەن سۆزۈڭ ،
پەسىھ بولسا تىلىڭ ، ئۆسەر سەن ئۆزۈڭ .

دۇنياپەرەسلىك ــ مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ، ئاچ كۆزلۈكنىڭ بىر خىل ئىپادىسى ، ئاچ كۆز كىشىلەر ئادەتتە ئىنتاـ يىن شەخسىيەتچى ، ھەسەتخور ، پىخسىق ، بېخىل كېلىدۇ .

ئۇنىڭ ھەممە نېمىسى تەلتۆكۈس بولسىمۇ، ئەمما مال ـ دۇنياغا كۆزى تويمىغانلىقتىن، باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ھامان ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشقا ئالدىرايدۇ. مال ـ دۇنيا ئالدىدا نومۇس، ھاياني ئۇنتۇپ، ھەرقانداق پەسكەش قىلىقلارنى قىلىشتىن يانمايدۇ. شۇڭا، دۇنياپەرەسلىكنى «ئىنسان ئەدەپ ـ ئەخلاقىغا چۈشكەن مىتە» دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئابدۇقادىر داموللام دۇنياپەرەسلىكنىڭ ماھىيىتىنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىپ يەتكەنلىكتىن، كىشىلەرنى بۇ زەھەرلىك زىياندىش بىلەن ئۆزىنى جاراھەتلەندۇرۇۋالماسلىققا ئۈندەپ «مىفتاھۇل ئەدەب» تە مۇنۇلارنى يازىدۇ: «دۇنيا بىر ھالەتتە داۋام قىلمايدۇ، ئۇ بەزىدە ئالدىنى قىلىدۇ، بەزىدە كەينىنى قىلىدۇ» (139 ـ بېيىت)، «دۇنيا كەينىنى قىلسا، ئىنسان ھەرقاچان ھەسرەتلىنىدۇ؛ ئالدىنى قىلغاندا، ئۇنىڭ غەملىرى كۆپىيىپ كېتىدۇ» (109 ـ بېيىت)، «ئىنسان بىرەر ئىشتا خۇرسەن بولسا دۇنياني ماختايدۇ، ئەگەر ئازراق خاپىلىق تارتسا، ھاياتىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئاز ئۆتمەستىن ئۇ دۇنياني تىللايدۇ» (108 ـ بېيىت)، «قارىمامسەن! دۇنيا دېگەن قۇرۇلغان بىنالىرىنى ئۆرۈيدۇ، بەرگەن نەرسىلىرىنى قايتۇرۇۋالىدۇ، توغرا نەرسىلەرنى بۇزىدۇ» (110 ـ بېيىت)، «تولا نادانلار دۇنيادا پۇل ـ مالغا تويماي ئۆتسە، كۆپلىگەن بىلىمدارلار يوقسۇزلۇقتىن دۇنيادا ھەسرەت چېكىپ ئۆتىدۇ» (22 ـ بېيىت)، «خاپىلىق كۆرمەي ھاياتنى خۇشاللىق بىلەن ئۆتكۈزەي دېسەڭ، دۇنياپەرەسلىكتىن ئىبارەت ئادەمنى ھالاكەتكە ئىتتىرىدىغان بۇ نەپسانىيەتچى يولنى تۇتما» (111 ـ بېيىت)، «دۇنياپەرەسلىكنى تاشلا! چۈنكى، ئالىي مەرتىۋىلىك كىشىلەرنى خارلاشتۇرۇش، ئېتىبارسىز كىشىلەرنى مەرتىۋىلىك قىلىش دۇنيانىڭ تەبىئىتىدۇر» (21 ـ بېيىت)، «قارىمامسەن! تۇغۇلغاندا بوۋاقنىڭ قولىنى

چىنلىق يۇمۇپ ئالغىنى ھاياتقا بولغان ئامراقلىقىنىڭ دەلىلىدۇر » (115 ـ بېيىت) ، «ئۆلگەن چاغدا ئالقىنىنى ئاچقىنى ، قاراڭلار دۇنيادىن قۇرۇق قول چىققىنىم ، دەپ ئىبرەت قىلغىنىغا ئىشارەتتۇر » (116 ـ بېيىت ) .

يۇسۇپ خاس ھاجىپ « قۇتادغۇ بىلىك »تە بۇ مەسىلىنى تارىختا مال ـ دۇنيانىڭلا كويىدا بولۇپ ، ھەددى ـ ھېسابسىز مال ـ دۇنيا توپلىغان ۋە بۇ مال ـ دۇنيالىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ماختىنىپ ئالەمگە پاتماي قالغان شەددات ، فىرئەۋنلەرنىمۇ مال ـ دۇنياسىنىڭ قۇتۇلدۇرۇپ قالالمىغانلىقىنى ، ئۆلۈم مال ـ دۇنيانى ئۇلاردىن ئايرىپ ئېلىپ قالغانلىقىنى ، قارۇن مال ـ دۇنياغا تويماي بېخىللىق قىلغانلىقتىن ، ئاخىرقى ھېسابتا يەر يۇتۇپ كەتكەنلىكىنى مىسالغا ئېلىش ئارقىلىق ، دۇنياپەرەسلىكنىڭ ئاقىۋىتىنى چۈشەندۈرگەن ھەمدە مۇنداق يازغان :

2004 كۆزى ئاچ كىشىلەر بولماس مالغا باي ،
پۈتۈن دۇنيا بولساڭ ئۇنىڭ ، ئۇ گاداي .

2002 بۇ ئاچ كۆزلۈك ئاغرىق ، داۋا يوق ئاڭا ،
جاھاندا ھېكىم چارە تاپالماس بۇڭا .

5389 كۆزى ئاچقا يەتمەس پۈتۈن بۇ جاھان ،
قانائەت قىلغانلار بەختلىك ھامان .

« مىفتاھۇل ئەدەب »تە « قۇتادغۇ بىلىك »تىكى مەزمۇنلارغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ياكى بىر ـ بىرىنى تو-لۇقلاپ ، بىر ـ بىرىنى ئالغا سۈرىدىغان جايلار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ .

« مىفتاھۇل ئەدەب »نىڭ ئۆزىگە خاس مەزمۇنلىرىدىن

بىرى، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، مىللەتنىڭ ئىستىقبالىغا كۆيۈنۈش تۇيغۇسىدىن ئىبارەت. ئابدۇقادىر داموللام بۇ تۇيغۇنى «ۋەتىنىم نېمىدېگەن شەرەپلىك، ئۇنىڭدىن زۇلۇم كۆرگەن بولسامىمۇ؛ مىللىتىم نېمىدېگەن قەدىرلىك، ئۇ مىللەتتىن جاپا كۆرگەن بولسامىمۇ» (94 ـ بېيىت) دېگەن بىر جۈملە بىلەن ناھايىتى چىرايلىق، يارقىن، ھېسسىياتلىق ئىپادىلىگەن.

ۋەتەنپەرۋەرلىك ــ ئەخلاق ۋە ئېتىقادقا ئوخشاش، ئادەملەرنى ئالىيجانابلىققا باشلايدىغان، ھەقىقىي گۈزەل نەرسىلەرنى بارغانسېرى چۈشىنىش ۋە سۆيۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلاندۇرىدىغان ھەمدە تۈرلۈك يوللار بىلەن گۈزەل نەرسىلەرنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە نامايان قىلىشقا يېتەكلەيدىغان غايىۋى كۈچ. ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىك چىرايلىق سۆزدە ئەمەس، بەلكى ۋەتەننىڭ، مىللەتنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش يولىدىكى ھەرىكەتلەردە، يەنى ۋەتەننىڭ، مىللەتنىڭ ھازىرقى ھالىتى بىلەن پاسسىپ ھالدا قانائەتلىنىپ، ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىدىغان ئەمەس، بەلكى ھازىرقى ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ۋە بۇ ئۆزگەرتىشنى پۈتكۈل كۈچى بىلەن قوللاپ ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتىكى ھەرىكەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

تارىخقا نەزەر سالىدىغان بولساق، ھەرقايسى مەملىكەت، ھەرقايسى مىللەتلەردە نۇرغۇنلىغان ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ئۆتتى. ئۇلارنىڭ زور بىر قىسىملىرى ۋەتەنپەرۋەرلىكتە، مىللەتپەرۋەرلىكتە ئاجايىپ قەھرىمانلىقلارنى كۆرسىتىپ، بۈيۈك داستانلارنى ياراتقان بولسىمۇ، ئەمما بىر قىسىملىرى ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا يەككە ـ يېگانە قالغاندا، چەتكە قېقىلىپ، بېسىمغا، تەھدىتكە يولۇققاندا، ۋەتەننىڭ، مىللەتنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاق، قايغۇسىغا ھەمدەم بولالماي، ۋەتەننى، مىللەتنى تاشلاپ، چەت مەملىكەتلەرگە مۇھاجىر بولۇپ چىقىپ

كەتتى . بىراق ، ئابدۇقادىر داموللام ئۇنداق قىلمىدى . ئۇ ، «مىفتاھۇل ئەدەب» تە زامانغا نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ : « بۇ زامان پەسكەشلەرنىڭ ئورنى يۇقىرى بولۇۋاتقان ، ئۇلۇغ ، مەشھۇر كىشىلەرنىڭ شۆھرىتى بىسلىپ كېتىۋاتقان ئىپلاس زاماندۇر » (66 ـ بېيىت) ، « بۇ زامان ـــ مەرۋايىت ـ مارجانلىرى ئاستىغا چوڭقۇر چۆكۈپ كەتكەن ، ئۆلۈكنىڭ تاپلىرى ئۇستىدە لەيلەپ تۇرغان دېڭىزغا ئوخشىشىدۇ » (67 ـ بېيىت) ، « تۇرمۇش ـــ ئەقىللىق ، پاك كىشىلەرگە كەينىنى قىلىۋالغان » (54 ـ بېيىت) ، « ئىلىم ئەھلى ۋە سەنئەتكارلار كاساتلاشقان ، نادان ، جاھىللار بازار تاپقان زاماندۇر » (62 ـ بېيىت) ، « تۇرمۇش لوگىكىسى شۇنداق ، دۇنيادا نادان كىشىلەر ئاتاقتا ئېرىشىدۇ ، ئالىم كىشىلەرنى جاپا ـ مۇشەققەت چىرمىۋالىدۇ » (63 ـ بېيىت) ، « ئەگەر رىزقى ـ نەسىبە ئەقىلگە قاراپ بولىدىغان بولسا ئىدى ، مانا شۇ ۋاقىتتا ھايۋانلار نادانلىقلىرىدىن ھالاك بولغان بولاتتى » (64 ـ بېيىت) ، « ئوت كۆيگەن ئوتتۇندا ئوتىنىڭ يالقۇنى بولمىسا ئىدى ، ئارچا ياغىچىنىڭ خۇش پۇرىقى تونۇلمىغان بولاتتى » (69 ـ بېيىت) ، « بارلىق نەرسىلەرنىڭ تەمىنى قايتا ـ قايتا تېتىپ كۆردۈم ، لېكىن ، مەن تېتىغان نەرسىلەر ئىچىدە گادايلىقتىن تەمى ئاچچىق نەرسە يوق ئىكەن » (78 ـ بېيىت) ، « مېنى قايغۇغا تاشلىغان نەرسىلەر ئىچىدە دۈشمەننىڭ شادلىقىدىن غەيرىينى تاپالمىدىم ، مېنى شادلاندۇرغان نەرسىلەر ئىچىدە ھەسەتخوردىن غەيرىينى تاپالمىدىم » (84 ـ بېيىت) ، « ئەپسۇسكى ، مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى دوستلىرىممۇ مېنى چېقىشتىن تارتىنمايدىغان قۇملۇقنىڭ زەھەرلىك يىلانلىرىغا ئايلىنىپتۇ » (85 ـ بېيىت) ، «مەن ئۇلارنى سىناپ ، ياخشىلىق كۈتكەن بولساممۇ ، ئەمما ئۇلار مېنى ھېچنېمە ئۈنمەيدىغان قاقاس بىر ئويمانغا تاشلىۋېتىپتۇ» (86 ـ بېيىت) ، « ھەركۈنى ئۇلارغا ئوق ئېتىشنى ئۆگەتسەم ،

ئۇلار بىلىكنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن مېنى ئاتتى » (87 ـ بېيىت) ، «ئۇلارنى دۈشمەن ئوقىدىن مۇداپىئە قىلىدىغان زەرلىك چاپان قىلىۋالسام ، ئۇلار دۈشمەن ئوقىنىڭ ئۇچى بولدى» (88 ـ بېيىت) ، «دۈشمەندىن بىر قېتىم ھەزەر ئەيلىگۈچى ، دوستتىن مىڭ قېتىم ھەزەر ئەيلىسە بولغۇدەك » (89 ـ بېيىت) ، « چۈنكى دوست ئۆزگەرسە ، بۇ دوست زىيانكەشلىك قىلىشقا تولىمۇ ماھىر بولىدىكەن » (90 ـ بېيىت) ، « كىشىلەردىن سادىق ، ۋاپادار دوست بولۇش ھەققىدە ئۈتۈنسەم ، ئۇلار بۇنىڭغا يول يوق ، دېيىشتى » (81 ـ بېيىت) دەپ يازغىنىدەك ، مۇئەللىپ ئۇچۇن زامان قاراڭغۇ ، تار زىندان بولغان ؛ كىشىلەر نادانلىقى ، ھەسەتخورلۇقى تۈپەيلىدىن يىلان ـ چايان بولۇپ مۇئەللىپكە نەشتەر ئۇرغان ، دوستلىرىمۇ دۈشمەن بولۇپ ، ئۇلاردىن ئازار يەتكەن . قىسقىسى ، ۋەتەندىن زۇلۇم ، مىللەتتىن جاپا كۆرگەن بولسىمۇ ، ئەمما مۇئەللىپ ۋەتىنىنىڭ ، مىللەتنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ ، كۆرگەن زۇلۇم ، تارتقان جاپاسىنى بىر يولى ئۇنتۇپ ، ۋەتىنىنىڭ قايغۇسىدا يىغلىدى ، مىللەتنىڭ غېمىدە سارغىيىپ ، ئىچ ـ ئىچىدىن پۇچۇلاندى . ۋەتىنىنىڭ ئازادلىقىنى ، مىللەتنىڭ ھۆرلۈكىنى ۋە زاۋاللىقتىن قۇتۇلۇپ ، گۈللىنىشىنى بىر مىنۇتمۇ ئەستىن چىقارمىدى . ئابدۇقادىر داموللام بۇنىڭ بىردىنبىر يولى بېكىنمىچىلىككە خاتىمە بېرىش ، ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىپ ، سىرتقا چىقىش ، دۇنيانى كۆرۈپ ۋە كۆزىتىپ ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش دەپ قارايدۇ . شۇڭا ئۇ ، « مىفتاھۇل ئەدەب »تە مۇنۇلارنى يازىدۇ : « سېنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىڭ چەتكە چىقماسلىق بىلەن ئىپادىلەنمەيدۇ ... سەپەر قىلغىن » (37 ـ بېيىت) ، « سۇ ــ ئۇزۇن تۇرۇش بىلەن سېسىقلىققا ئايلىنىدۇ ، ئاي ــ كىچىكلىكتىن ئاستا ـ ئاستا چوڭىيىپ ، تولۇقلىنىپ ، 14 كۈنلۈك تولۇن ئايغا ئايلىنىدۇ » (38 ـ

بېيىت)، «سەپەر قىل، چۈنكى، ئارزۇ ـ ئىستەكلەر سەپەردە قولغا كېلىدۇ، توختاق سۇنىڭ قېشىدا تۇرۇۋەرمەي، سۈزۈك سۇ ئىزدە» (141 ـ بېيىت). ئۇ، ھۆرلۈكنىڭ ئەھمىيىتىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «ھۆر ئادەم زۇلۇم ئاستىدا قېلىشقا چىدىمايدۇ، زۇلۇمغا پەقەت ئېشەكلا چىدايدۇ» (144 ـ بېيىت)، «ھۆر ـ قەيەرگە بارسا قەدىرلىك ۋە ھۆرمەتكە ئىگە بولىدۇ. خۇددى قۇياش ھەربىر بۇرجىدا نۇرانە بولغاندەك» (147 ـ بېيىت)، «قارا، ئۇ يولۋاس ھۆر ئادەمنى ئۆلتۈرمىدى، گويا ئۇ-نىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلغاندەك، سەن ھىممەتلىك ۋە شەپقەتلىك ئۇ ھۆر ئادەمنى قوغداشقا جۈرئەت قىلالىن-دىڭمۇ؟» (97 ـ بېيىت).

كىشىلەرنى چۈشىنىش، كىشىلەرگە باھا بېرىش ـ «مىفتاھۇل ئەدەب»تە تەكىتلەنگەن مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى. كىشىلىك مۇناسىۋەتتە كىشىلەر ئۆزى مۇناسىۋەتلىشىۋاتقان شەخسكىمۇ، ئۆزىگىمۇ توغرا باھا بېرەلمەسلىك، توغرا مۇئامىلە قىلالماسلىق تۈپەيلىدىن ھەر كۈنى دېگۈدەك سانسىزلىغان زىددىيەتلەرگە دۇچ كېلىدۇ، نۇرغۇن كۆڭۈلسىز ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. ئەگەر كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىغۇچى ھەر ئىككى تەرەپ مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى ئۆزىدىن ئاختۇرمىغاندا، زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىپ، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ساغلام راۋاجلاندۇرالماسلىقى مۇمكىن. ئابدۇقادىر داموللام بۇ مەسىلىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغانلىقتىن، «مىفتاھۇل ئەدەب»تە ئۇنى ئىنسانىنىڭ ماھىيىتىدىن باشلاپ تەھلىل قىلىپ، كىشىلەرنى كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئۆزى دۇچ كەلگەن زىددىيەتلەرنى توغرا ھەل قىلىشقا، توغرا يولغا سېلىشقا يېتەكلىگەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «زۇلۇم قىلىش ئىنسان تەبىئىتىدىكى نەرسە، ئەگەر زۇلۇمدىن خالىي قالغان كىشىلەر بار دېيىلسە، ئۇ مەلۇم بىر تۇسالغۇنىڭ

سەۋەبىدىن زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن » (95 ـ بېيىت) ، « بىر تۇقۇچ هايۋانلاردىن زۇلۇمغا ئۇچرىماي هايات قالغانلىرى كۆپ ، بىراق ، ئىنساندىن زۇلۇمغا ئۇچرىمىغان بىرەرسىنىمۇ تاپالمايسەن » (93 ـ بېيىت) ، «ئىنسانلار ئىچىدە ئۆز ئەيىبىنى ئۇنتۇپ ، قېرىندىكى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئەيىب ـ نۇقسانىنى ئەسكە سالىدىغان قەبىھ ، يامان ئادەت بار » (126 ـ بېيىت) ، « بارلىق ئەخلاق ، تەبىئەتتىن رازى بولىدىغان كىم بار ؟ چەكلىك ئەيىبى بولۇشنىڭ ئۆزى پەزىلەتلىك ئىنسان ئەكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ » (45 ـ بېيىت) ، «گۈزەللىكنى ياشلىقتا دەلىل قىلما ، بارلىق ھەل بېرىلگەن تۆمۈر كېرەكلىك ئەمەس » (47 ـ بېيىت) ، « سەن قانچە قېتىملاپ كىشىلەرنى يامان ئىشلاردىن توسسەن ، ئۆزۈڭ يانمايسەن ، قانچە قېتىملاپ كىشىلەرگە نەسىھەت قىلسەن ، ئۆزۈڭ ئاڭلىمايسەن » (117 ـ بېيىت) ، « ھەي بىلەي تاش ! قاچانغىچە تۆمۈرنى ئىتتىتىسەنۇ ، ئۆزۈڭ كەسمەيسەن ؟! » (118 ـ بېيىت) ، « ئەگەر كۆزۈڭ باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كۆرسەتسە ، سەن ئۇ كۆزۈڭگە ‹ باشقىلارنىڭمۇ كۆزى بار › دېگىن » (125 ـ بېيىت) ، « ئەگەر ئەقىل ئىگىسى بولساڭ باشقىلارنى ئەيىبلىمەيتتىڭ ، ئەگەر ئۆزۈڭدىكى ئەيىبنى كۆرەلىسەڭ ، بۇ ئەيىبىڭ بىلەن جىم بولاتتىڭ » (127 ـ بېيىت) ، « ئەيىبلىرىنى سېزەلمىگەن كىشى يېزىلىشتا بار ، ئوقۇلۇشتا يوق بولىدىغان (ئىمدو) دېگەن سۆزنىڭ ‹ و › سىغا ئوخشاش » (128 ـ بېيىت) ، « ئەقىلسىزلىك بىلەن كورنى ھاقارەتلىمە ، چۈنكى ئاقىللارنىڭ كوردىن ئاغرىنى يۇمۇشى توغرا ئىشتۇر» (130 ـ بېيىت) ، « كوردىن ھايانى قانداق ئۈمىد قىلىسەن ، ئۇنىڭ ھايا قىلىش ئەزاسى خاراب تۇرسا » .

ئابدۇقادىر داموللام كىشىلەرنى چۈشىنىش ، كىشىلەرگە باھا بېرىش ئۈستىدە توختالغىنىدا ئالاھىدە قىلىپ ، جەمئىيەتنىڭ

ياشلارنىمۇ چۇشىنىشنى ، ئۇلارغا باھا بەرگەندە نەسلىگە قاراپ ئەمەس ، بەلكى ئەمەلىي ھەرىكىتىنى ئۆلچەم قىلىشنى ، ئۇلارنىڭ بالىلارچە بەزى قىلىقلىرىنى ئورۇنسىز ئەيىبلىمەستىن ، بەلكى جۇرئىتىنى قەدىرلەپ ، قوللاشنى تەلەپ قىلىدۇ : « ئەسلىي نەسەبىم مەڭگۈلۈك داۋام قىلىدۇ دېمە ، چۈنكى ، مەڭگۈلۈك نەسەب ياشلار قولىغا كەلتۈرگەن نەرسىلەردۇر » (24 - بېيىت) ، « بەزىدە دادا تەربىيىسىدىن مەھرۇم قالغان ئىنسانلارمۇ خوجا بولالايدىغۇ ؟ بىلىش لازىمكى ، غەلدە - غەشلەر ياخشى بوتىدا تاۋلاش ئارقىلىق چىقىرىۋېتىلىدۇ » (25 - بېيىت) ، « قىزىلگۈل چوقۇم تىكەندىن ئېچىلىدۇ ، نەرگەس گۈلىمۇ پىيازدىن ئۆسىدۇ » (26 - بېيىت ) ، «قىلىچنىڭ ئۆزىنى چىڭ تۇت ، غىلپىنى تاشلا ! ياشلارنىڭ ياسانچۇقلۇقىغا قارىماستىن ، پەزىلىتىنى قەدىرلە » (36 - بېيىت) ، « چىراي شەكلىنىڭ گۈزەللىكى ياشلارغا پايدا بېرەمدۇ ؟ ئەخلاقى ھەرقاچان گۈزەل بولمىسا » (46 - بېيىت) ، « ئەگەر بىرنەرسىدىن ھەيران قالدىم دېسەم ، ياشلارنىڭ قەدىر - قىممەتسىز ئىش - ھەرىكەتلىرى مېنى ھەيران قالدۇرغان بولاتتى » (151 - بېيىت) . ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ياشلارنى چۈشىنىش ھەققىدىكى يۇقىرىقى قاراشلىرى تەبىقچىلىك ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئەينى دەۋر شارائىتىدا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ ، بۇنى ھۆكۈمران تەبىقىلەرگە قارشى قىلىنغان ئىسيان دېيىشكە بولىدۇ .

« مىفتاھۇل ئەدەب »تە ئىشق - مۇھەببەتمۇ نۇقتىلىق ۋە يارقىن يورۇتۇلغان ئاساسلىق تېمىلاردىن بىرى . ئاپتور بۇنىڭغا دائىر مەزمۇنلارنى كىتابىنىڭ ھەرقايسى بابلىرىغا ، بولۇپمۇ «مەدھىيىلەر ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدىكى سېخىيلىق ، بېخىللىق توغرىسىدا » ، « غەزەل توغرىسىدا » ، « تەنقىد ھەققىدە » ، « چېچەك ھەققىدە » ، « ئىچىملىك توغرىسىدا » قاتارلىق بابلىرىغا

كىرىشتۇرۇپ بايان قىلىغان .

مۇھەببەت تېمىسى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا قەدىمدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆلمەس تېمىلارنىڭ بىرى . مەھمۇد قەشقەرىنىڭ « تۈركىي تىللار دىۋانى »دىن قارىغاندا ، قەدىمكى زامانىدا بۇ تېمىدا يېزىلغان ئەسەرلەردە ئىشق ـ مۇھەببەتكە چىن قەلبىدىن بېرىلگەن قىز ـ ئوغۇللارنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان ۋاپادارلىقى ، يار ۋەسلىگە يېتىشكە ئىنتىزار بولۇپ ، ھىجران ئازا- بىدا قىينالغانلىقى بايان قىلىنىپ ، ياخشىلىق ، ۋاپادارلىق ، بىر ـ بىرىگە كۆيۈنۈش ، ئار ـ نومۇسنى ساقلاشتەك ئېسىل پەزىلەتلەر مەدھىيىلەنگەن . بۇنداق ئىپادىلىنىش ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ قەدىمكى تۇرمۇش شەكلى ، ئۆرپ ـ ئادىتىگە تامامەن ئۇيغۇن بولۇپ ، كۆچۈپ يۈرۈش تۈپەيلىدىن قىز ـ ئوغۇللار ئارىسىغا چۈشىدىغان ھىجرانچىلىقنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، قىز ـ ئوغۇللار- نىڭ بىر ـ بىرىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىشى ئاساسەن چەكلىمىگە ئۇچرىمايتتى . لېكىن ، كېيىنكى دەۋرلەردە ئىشق ـ مۇھەببەت « بىدئەت » ھېسابلىنىپ ، قىز ـ ئوغۇللارنىڭ بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈپ ، مۇھەببەت ئىزھار قىلىشى چەكلەندى . ئەدەبى- ياتتىمۇ بۇ تېمىنىڭ خاراكتېرى قەدىمكىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىپ ، ئۇ ، يازغۇچىلارنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى رېئاللىققا نارازى- لىقىنى ئىپادىلەيدىغان ، نىكاھ ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىپ ، فېئودالىزمنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلىدىغان ۋاستىسىگە ئايلاندى . ئابدۇقادىر داموللام مۇسۇلمانلارنىڭ « قۇرئان » ، ھەدىسنى ياخشى چۈشىنىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش مەقسىتىدە يېزىۋاتقان بۇ كىتابىغا ئىشق ـ مۇھەببەت تېمىسىنى سىڭدۈرۈپ قويۇشى بىرئاز غەلىتىرەك تۇيۇلسىمۇ ، ئەمما بۇ ئارقى- لىق ئىشق ـ مۇھەببەتنى ئىسلام دىنىنىڭمۇ رەت قىلمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ ، بۇ ھەقتىكى خۇراپىي قاراشلارغا رەددىيە بەرمەكچى

بولىدۇ. مانا بۇ تارىختىن بۇيانقى ئىشق - مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەرگە نىسبەتەن مىسلىسىز يېڭىلىق، ھەممە يەرنى خۇراپاتلىق، جاھالەت، نادانلىق قاپلاپ كەتكەن ئەينى دەۋردە ياشاۋاتقان ئابدۇقادىر داموللام ئۈچۈن ئېيتقاندا، يوكسەك شىجائەت ۋە قورقماس جاسارەت دېيىشكە بولىدۇ. «مۇھەببەت — مۇرۇۋۋەت، ۋاپادارلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس، مۇھەببەت ئەھلىگە گۈزەل ئەخلاقلىق، ئېسىل تەبىئەتلىك كىشىلەردىن باشقىسى كېرەك ئەمەس» (431 - بېيىت)، «مۇھەببەت ئەھلى بولمىغان كۆپ كىشىلەر مۇھەببەت دەۋاسى قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار مۇھەببەتتىن بەكمۇ يىراق، مۇھەببەت دېگەن قورقۇنچاق ئەخمەقلەرگە نەدە تۇرۇپتۇ»(432 - بېيىت)، سېيماسى تولۇن ئايدەك مەھبۇبقا پەم - پاراستى يۇقىرى، ئۆتكۈر پىكىرلىك كىشىلەر ئاشىق بولۇپ، مۇھەببەت دەردىدە ئۆرتىنىدۇ» (440 - بېيىت)، «يۈرەك — جامالى ئايدەك ئۇ مەھبۇبقا ئىنتىلدى، ئۇنىڭ نازاكەت، لاتاپەتلىرى يۈرەكتىن ئورۇن ئالدى، لېكىن ئۇنىڭ ماڭا قىلغان مۇئامىلىسى قوپال، قەبىھ بولدى» (465 - بېيىت)، «ئۇ، كۆز ئوقى بىلەن مېنى ئاتتى، كۆز ياشلىرىم خۇددى بۇلاقتەك ئېتىلىپ چىقتى»(461 - بېيىت)، «ئۇ قاتىلىم مەقسىتىگە يەتكەندىن كېيىن، كۆز ئوقى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن بۇ كىشىگە كىم نامازا ئوقۇيدۇ؟ دېدى» (462 - بېيىت)، «ئۇ مەھبۇبنىڭ ھۆسنى كامالەتتە تەڭداشسىز بولۇپ، گۈزەللىك — ئۇ ھۆسنىنىڭ سۇلتانى، چېچەنلىك — قوشۇنلىرى ئىدى» (476 - بېيىت)، «ئۇنىڭ خۇلقى لەززەتلىك، تەبىئىتى زىل، لەتىپ، توغرىلىقتا زامانىنى ھەيران قالدۇرغۇچى يەككە - يېگانە بولۇپ» (480 - بېيىت)، «قەددى ئىنچىكە، لېۋى ھەسەل، جامالى ئايغا ئوخشاش، ئاغزى ۋە تۇپرۇكى ھەسەل ۋە ھەسەلچىنىڭ ئۆزى ئىدى» (241 - بېيىت)، «تولۇن ئاي ئۇ دىلرەبانىڭ گۈزەل قا-

مىنىگە ، سۇزۇك ھۆسنىگە رەشك قىلىپ ، خىجىللىقتىن بۇلۇت ئاسىنىغا مۆكۈنۈۋالاتتى » (240 ـ بېيىت) ، « شاراپەت ئاسمىنىدىكى ئاكامۇللاشقان بەخت يۇلتۇزىمۇ بۇ تولۇن ئاينىڭ سائادىتىدىن ئارزۇسىغا يەتكەن ئىدى » (477 ـ بېيىت) ، « ئۇ دىلرەباغا بېرىلىپ ، ئىشق ـ مۇھەببىتىدە سارالى بولۇپ كەتكەن ، كۆز ئوقىدا ئۆلگەن ياشلارمۇ ئاز ئەمەس » (242 ـ بېيىت) ، «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن : ‹ ئۇنىڭغا ئاشىق بولسام گۇناھ بولامدۇ ؟ قىيامەتتە ماڭا ئازاب بولامدۇ ؟ › دەپ سورىسام ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : ‹ خۇدا بۇيرۇسا گۇناھ يوق › دېدى » (392 ـ بېيىت) ، « سەن نېمە ئۈچۈن لېۋىمنى، ئاشۇ مەھبۇبنى سۆيۈشتىن چەكلەيسەن ؟ ھالبۇكى ، زىرائەت تېرىغۇچىنىڭ ئۇ زىرائەتتە ھەققى بار ئەمەسمۇ؟» (400 ـ بېيىت) ، « ئىشق ئوتىدا ئۆرتىنىۋاتقانلىقىمنى ھەقىقىي مۇھەببەتنى چۈشىنىدىغان بارلىق كىشىلەردىن سورىغىن ، شۇ ۋاقىتتا مېنىڭ ھەقىقىي مۇھەببەت ئەھلى ئىكەنلىكىمنى بىلىسەن » (435 ـ بېيىت) ، « مالامەت قىلغۇچىلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالما ، چۈنكى ئۇلارنىڭ بىزگە قارىتا يامان خىيال ، ئوي ـ پىكرى بار » ( 436 ـ بېيىت) ، «قىزىلگۈل بىلەن نىقابلانغان ئۇ مەھبۇبنىڭ مەڭزىگە سۆيدۇم . ھالبۇكى ، يۈرىكىم ئۇنىڭ مۇھەببىتىدىن قۇتۇلىدىغاندەك ئەمەس » (397 ـ بېيىت) ، « ئۇ مەھبۇب ئاچچىقلانغان ھالدا بېشىنى تارتتى ، مەن ئۇنىڭغا : ‹ ئىسلامدا جاراھەتلەنگەنلەرگە قىيامەتتە قىساس بار ، شۇڭا زۇلۇم قىلماي ئاغزىمغا سۆيۈۋالغىن › دېدىم » (398 ـ بېيىت) .

« مىفتاھۇل ئەدەب » تە يەنە ئادالەت ، باتۇرلۇق ، گۈزەللىك ، تەنقىد ، كېڭىشىش ھەققىدە ئاجايىپ ياخشى ئوي ـ پىكىرلەرمۇ ئالغا سۈرۈلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ بەزىلىرى كىتابخانلارنى ئادالەتپەرۋەرلىككە ، باتۇرلۇققا ئۈندىسە ؛ يەنە بەزى-

لىرى كىشىلىك تۇرمۇش ۋە ئەخلاقىي جەھەتتە چوڭقۇر تەربىيىگە، تەجرىبە ـ ساۋاققا ئىگە قىلىپ، ئىنساننىڭ مەنىۋى يېزىلىتىنى تاكامۇللاشتۇرىدۇ. بولۇپمۇ گۈزەللىك ھەققىدىكى باياتلىرى كىشىگە ئاجايىپ ئېستېتىكىلىق زوق بېغىشلايدۇ.

«مىفتاھۇل ئەدەب» تە باھارنىڭ گۈزەللىكى: «باھار شۇنداق بىر پەسىلكى، ھەرقانداق ۋاقىتتا پەخىرلەنسە بولغۇدەك، ئۇ باھار ئىنساننىڭ كۆزى، قەسىدىلەرنىڭ كۇپلېتلىرىدۇر» (608 ـ بېيىت)، «باھار ئۆزىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى، ئىللىق شامىلى، چىرايلىق گۈللۈك كىيىملىرى بىلەن كەلدى» (607 ـ بېيىت)، «ئۇ شاخلارغا قارا! ئۇلار قانداق گىرەلىشىپ، قانداق ئايرىلىشقان ـ ھە!» (597 ـ بېيىت)، «ئۇ شاخلار خۇددى سۆيۈشكە ئىنتىلىۋاتقان، ئەمما ماراقچىلار كۆرۈپ قالغانلىقتىن بۇ ئىزاغا تەن بېرىپ، ئايرىلىشقان ئاشىقلاردەك» (598 ـ بېيىت)، «مەن ئۇ شاخلاردىن: ‹نېمە ئۇچۇن قىشتا يالىڭاچ بولۇۋېلىپ، ئەتىيازدا كىيىم بىلەن كۆرۈنىسىلەر؟› دەپ سورىسام، ئۇلار ماڭا: ‹قىشتا كىيىممىزنى باھاردىن ئىبارەت بۇ خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچىگە سېلىپ بېرىمىز› دېدى» (614 ـ، 615 ـ بېيىتلەر) دېگەن مىسرالار ئارقىلىق ناھايىتى يېقىملىق تەسۋىرلەنگەن.

«مىفتاھۇل ئەدەب» پەلسەپىۋى پىكىرلەرگە ناھايىتى باي بولۇپ، ئۇنىڭدا دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم كۆزقارىشى بەلگىلىك دەرىجىدە سىڭدۈرۈلگەن. مەسىلەن، «ئىنسان كىشىلەردىن ئايرىلىپ تاغ چوققىسىغا چىقىۋالسىمۇ، زىددىيەتتىن خالىي بولالمايدۇ» (28 ـ بېيىت)، «قاتتىقچىلىقتىن كېيىن كەڭرىچىلىك كېلىدۇ، قايغۇ ـ ھەسرەت يېقىنقى خۇشاللىقتىن بېشارەت بېرىدۇ» (132 ـ بېيىت)، «بارلىق ھادىسىلەر ئاخىرىغا يەتكەندە ئاڭا يورۇقلۇقنىڭ يېتىپ كېلىشى يېقىن». مانا بۇ مىسالنىڭ

بىرىنچىسىدە زىددىيەتنىڭ مەڭگۈلۈكلۈكى ئېچىپ بېرىلگەن بولسا، ئىككىنچىسىدە دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزمنىڭ ماددا ئالمىشىش قانۇنى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«مىفتاھۇل ئەدەب»تە يەنە بەزى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ۋاپات بولغان، مازارلارنىڭ، بىنالارنىڭ تەئمىر قىلىنغان ۋاقىتلىرى ئەبجەد ھېسابىدا بېرىلگەن بولۇپ، ئۇ، كىشىلەرنىڭ تارىخىي بىلىمىنى كېڭەيتىش، بەزى تارىخىي شەخسلەر ۋە تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورۇنلىرىنىڭ تارىخىنى ئېنىقلاشتا ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىيال مەنبەسى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

«مىفتاھۇل ئەدەب» ـــ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيا- تىمىزدىكى بىباھا گۆھەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، تەسۋىرلىرىنىڭ گۈزەللىكى، تەربىيىۋى ئەھمىيىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن خەلقىمىزنىڭ مەڭگۈ سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولغۇسى.

1992 ـ يىل، 8 ـ ئاي



## شائىر ئەھمەدى ۋە ئۇنىڭ غەزەللىرى

1984 - يىلى 5 - ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كەلگەن مەكىتلىك مەھمۇت قارىم دېگەن كىشىدە ئىككى پارچە قولىيازما كىتابنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇ كىشىنى ئىزدەپ باردىم. راست دېگەندەك، ئۇ كىشى كىتابنى ماڭا ساندۇقتىن ئېلىپ بېرىۋېتىپ: «بۇ كىتابلار ئاتامدىن قالغان تەۋەررۇك، 40 — 50 يىلدىن بۇيان ساقلاپ كېلىۋاتىمەن. ئۇنىڭ ئىچىدە ئاتام يازغان بىرمۇنچە نەزمىلەر بار. كۆچۈرۈۋالساڭلار بولىدۇ، بىراق كىتابنى بەرمەيمەن» دېدى ھەمدە ئاتىسىنىڭ ھاياتىغا دائىر بەزى مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلىدى.

مەھمۇت قارىمنىڭ ئاغزاكى مەلۇماتىدىن قارىغاندا، ئاتىسى ئەھمەد قازىئاخۇنۇم ھىجرىيە 1325 - يىلى (مىلادىيە 1907 - يىلى) مەكىت ناھىيىسىگە قاراشلىق غازكۆل يېزا لايلىق پاختىلىق كەنتى چېكىلىك مەھەللىسىدىكى خۇدابەردى ھاجىم ئوغلى ئىگەمبەردى ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. يەتتە يېشىدىن باشلاپ ئانا تەرەپ چوڭ دادىسى پازىل ئاخۇنۇمنىڭ قولىدا ئوقۇپ، ئاز - تولا بىلىم ئىگىلىگەن. 12 يېشىدا ئۇنى ئاتا تەرەپ چوڭ دادىسى ئىگەمبەردى ھاجىم قەشقەرگە ئېلىپ كېلىپ، ھېيتگاھ مەدرىسەسىدىكى ئابدۇغوپۇرئاخۇن مەخسۇمنىڭ تەربىيىسىگە بەرگەن. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇ ئاشۇ مەدرىسەنىڭ مۇدەررىسى جامال ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ قولىدا ئوقۇپ، ئەرەب -

پارس تىلىنى پۇختا ئىگىلىگەندىن تاشقىرى ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇسۇلمان شەرق ئەدەبىياتى بىلەن پىششىق تونۇ-شۇپ ، ئەدەبىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۇرگەن . زېھنىي قۇۋۋىتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ، شېئىرىي پىكرىنىڭ راۋان ، تېزلىكى جەھەتتە باش-قىلارنى بېسىپ چۈشكەن . ئۇ ، ھەرقانداق ۋاقىتتا سورالغان ھەرقانداق سوئالغا شېئىر بىلەن جاۋاب بېرىشنى ئۆز ئادىتىگە ئايلاندۇرغان .

ئەھمەد قازىئاخۇنۇم ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە قەشقەردىكى چوڭ ئۆلىمالاردىن جامال ئاخۇن خەلپىتىم ، موللا ئىسلام دا-موللام ، مامۇت ئاخۇن داموللام ، ھامىد ئاخۇن داموللام ، نىمشېھىت ئارمىيە داموللام قاتارلىقلار بىلەن تونۇشۇپ ، قويۇق بېرىش - كېلىش قىلغانلىقتىن ، بىر قېتىم ئۇلارنى مەكتەپكە چايغا تەكلىپ قىلغان . ئۇنىڭ ئوغلى مەھمۇت قارىنى كۆرگەن جامال ئاخۇن خەلپىتىم « بۇ مەخدۇم ئوقۇدىمۇ » دەپ سورىغاندا ، ئەھمەد قازىئاخۇنۇم تېزلا مۇنداق جاۋاب بەرگەن :

« ئوقۇر ھەپتىيەك بىزنىڭ مەخدۇمىمىز ،
كى موللا قىلىش بىزنىڭ مەقسۇدىمىز .
تامام ئەيلىسە ھەپتىيەك ، پارسى ،
قىرائەتى قۇرئان مەتلۇبىمىز » .

ئەھمەد قازىئاخۇنۇم كېيىنكى ھاياتىدا مۇدەررىسلىك قى-لىۋاتقان چاغلىرىدىمۇ ھەربىر ھېيتتا بىردىن شېئىر يېزىپ ، تالىپلارغا ھېيتلىق سوۋغا قىلغان .

ئەھمەد قازىئاخۇنۇم ھىجرىيە 1345 - يىلى ( مىلادىيە 1926 - ، 1927 - يىللىرى ) ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ ، مەكىت ناھىيىسىگە قازى بولغان . ئۇ ، قەشقەردە

ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە ئابدۇقادىر داموللام باشچىلىقىدىكى دې‍موكراتىك ئىلغار پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر يولۇققانلىقتىن، بەزى مەسىلىلەردە يەرلىك فېئودال مۇتەئەسسىپلەر بىلەن كېلىشەلمەي، قازىلىقنى تاشلاپ، 1929 - يىلى يەكەنگە كېلىپ، ئارال قۇمباغدىكى ئابدۇلباقى ئىشانىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى مەدرىسەدە مۇدەررىسلىك قىلغان.

1931 - يىلىدىكى قۇمۇل دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قۇرۇلغان شەخسلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى پەننىي مەكتەپلەر 1933 - يىل 4 - ئايدىن باشلاپ ھەربىر ۋىلايەت شەھەر - ناھىيىلەردە قۇرۇلغان ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى قارىمىقىدىكى مائارىپ ئىدارىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. ئەھمەد قازىئاخۇنۇممۇ ئۆز قولىدىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلىرىنى يەكەن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدىكى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، مەكتەپكە قايتىپ كېلىپ، ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ كاتىپلىقىغا ئورۇنلاشقان.

بۇ ۋاقىت جايلاردىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىنىڭ خىزمىتى جانلىنىپ، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان؛ ھۇسەيىن مۇساباي، باھاۋىدىن مۇساباي، ھامىت ھاجىم قاتارلىق بىر قىسىم ئىلغار قاراشتىكى بايلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسى، تۈركىيە، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلگەن ھەر مىللەت زىيالىيلىرى جايلاردا قۇرۇلغان يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇ - ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەدەنىي ئاقارتىش ھەرىكىتىنى جانلاندۇرۇۋەتكەن؛ چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلگەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى، مەمتىلى ئەپەندى قاتارلىقلار بۇ مەدەنىي ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ ئاكتىپ تەشۋىقاتچىلىرىدىن بولۇپ،

قارشى كۈچلەر بىلەن كەسكىن كۆرەش قىلىۋاتقان چاغلار بولغاچقا، ئەھمەد قازىئاخۇنۇمۇ بۇ قاينام تاشقىنلىق ۋەزىيەتكە يېقىندىن ماسلاشتى. ئۇ، بىر تەرەپتىن ئۇيۇشمىدىكى خىزمەت قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا ئالاھىدە كۈچ كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىختىيارىي مۇخبىرلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، شۇ چاغدىكى ئۈرۈمچى مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ قەشقەر شۆبە ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدىكى مائارىپ جەمئىيىتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «يېڭى ھايات گېزىتى»گە مەدەنىيەت - مائارىپقا، ئەدەبىيات - سەنئەتكە، ئىلىم - پەنگە، ئىجتىمائىي ئىشلارغا ئائىت كۆپلىگەن شېئىر - ماقالىلەرنى يېزىپ، خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىش، نادانلىق، خۇراپاتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، تەرەققىياتقا يېتەكلەش، ناچار ئىللەتلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاش ۋە جەمئىيەتنى تۈزەش ئۈچۈن تىرىشتى. مەسىلەن، ئۇنىڭ «يېڭى ھايات گېزىتى»گە بېسىلغان «مەكتەپتە دەۋاپۇرۇشلۇق تۈگىسە ئىدى»، «ئىسلام ئۆلىماسىنىڭ سەللىسى بىر تۈمەن ئەسكىرىي كۈچكە ئىگە»، «پىلە بېقىشنىڭ ئەھمىيىتى» قاتارلىق ماقالىلىرى ئۆز زامانىسىدا جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان.

«مەكتەپتە دەۋاپۇرۇشلۇق تۈگىسە ئىدى» دېگەن ماقالىدە: 1926 - يىلدىن 1934 - يىلغىچە سەككىز يىل داۋاملاشقان، ئەينى چاغدا ياڭ زېڭشىن، جىڭ شۇرېن ھۆكۈمىتىمۇ بىر تەرەپ قىلالماي نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگىچە يېتىپ بارغان، مەكتەپ چامغۇرلۇق ئوسمان ھاجىم، ھاڭغۇتلۇق قۇۋانبەگ، ناھىيە بازىرى ئىچىدە ئولتۇرۇشلۇق نازىل قارىم قاتارلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى جاڭگال تالىشىش، دەريا - توقاي تالىشىش، تۈگمەن تالىشىش، شەھەر كوچىلىرىنى تالىشىش دەۋاسىنىڭ جەريانى بايان قىلىنغان. بۆشۈكتىكىدىن تۆشۈكتىكىچە ھەممە ئادەم مەدەنىي

ئاقارتىش دېڭىزىنىڭ قاينىمىدا غۇلاچلاپ ئۈزۈپ، جاھالەت، نادانلىق، خۇراپاتلىق، مۇتەئەسسىپلىك بىلەن جىددىي كۈرەش قىلىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، يۇقىرىقى بايلارنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانماي، يەنىلا كونا سەنەمگە دەسسەپ، ئاچ كۆزلۈك، نەپسانىيەتچىلىك يولىدا ھەدەپ ئۈزاقلاپ كېتىۋاتقانلىقى چوڭقۇر پاش قىلىنغان ۋە قاتتىق ئەيىبلەنگەن. بۇ ماقالە گېزىتتە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىغان، مەدھىيىلەش سادالىرى ھەممە جاينى قاپلىغان، جامائەت پىكرىنىڭ قاتتىق بېسىمى ئاستىدا ھېلىقى بايلار قايتا دەۋا قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا نومۇس كۈچىدىن ئۆيدىن چىقىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالغان.

1934 - يىلى 2 - ئايدا ماجۇڭيىڭ قوشۇنى تەركىبىدىكى ما فۇيەن بىلەن ما جەنساڭ قىسىملىرى قەشقەر خەلقىنىڭ يۈسۈپجان قۇربېشى باشچىلىقىدىكى ئۆزبېك قوشۇنلىرىنى قارشى ئالغانلىقىدىن ئۆچ ئېلىش يۈزىسىدىن قەشقەر شەھىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ھېيتگاھ جامەسىنى ئىگىلىۋېلىپ، چۈشكۈنخانا قىلىۋالغان ھەمدە شۇ ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە ئۈچ كۈن شەھەر ئىچىدە قەتلىئام يۈرگۈزۈپ، 4000دىن ئارتۇق بىگۇناھ پۇقرالارنى قىرىپ تاشلىغان. بۇ قەتلىئامدا ئافغانىستاننىڭ قەشقەردىكى ۋاكالەتخانىسىنىڭ باش ۋاكالەتچىسى مۇھەممەد شېرىپخان، ھىندىستاننىڭ قەشقەردىكى ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ ئىككى نەپەر ھىندى خادىمى ئۆلتۈرۈلگەن، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنىڭ باش كونسۇلىنىڭ ئايالى ئېغىر يارىدار قىلىنغان. ئەنگلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىلىرى، ھىندىستاننىڭ قەشقەردىكى ئىش بېجىرىش ئورنى بۇ قىرغىنچىلىقنىڭ ئۇزاققا داۋاملىشىپ كېتىشى ۋە كېڭىيىپ كېتىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرىگەن. ئۇلار خانلىق

مەدرىسىگە ئادەم كىرگۈزۈپ، ئۆلىمالارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ، قىرغىنچىلىقنى توسۇشنى جىددىي تەلەپ قىلغان. بۇ تەلەپنىڭ ئورۇنلىنىش ئىمكانىيىتىنى ھېس قىلغان ئەپەندى مەخسۇم، موللا ئىسلام داموللام، جامال ئاخۇن خەلپىتىم، مامۇت ئاخۇن داموللام، ھامىد ئاخۇن داموللام قاتارلىق 100 دىن ئارتۇق موللا - ئۆلىمالار خەلقنى دەپ، بېشىنىڭ كېتىشىدىن قورقماي، مەدرىسەدىن ئاتلىنىپ چىقىپ، ھېيتگاھقا بارغان. ئۆستەڭبويى تەرەپتىن ئاتلىق كېلىۋاتقان ما جەنساڭ بۇ موللا - ئۆلىمالارنى كۆرۈپ ئاتتىن چۈشكەن. موللا - ئۆلىمالار: ما جەنساڭ بىلەن قارشىلىشىۋاتقانلار يۈسۈپجان قاتارلىق ئايرىم كىشىلەر ئىكەنلىكىنى، شەھەر پۇقرالىرىدا گۇناھ يوقلۇقىنى، پۇقرالارغا يۈز كۆرۈلۈۋاتقان قىرغىنچىلىقنى توختىتىشنى، مۇسۇلمانلار ئامىسىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئورنى — ھېيتگاھ جامەسىنى بوشىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ھەمدە قەشقەردىكى خەلق ئامىسىدىن يىغىلغان ئالتۇن - كۈمۈش، ماللارنى شەيخۇلئىسلام ئەپەندى مەخسۇم بارلىق موللا - ئۆلىمالارغا ۋاكالىتەن نەق مەيداندا ما جەنساڭغا تەقدىم قىلغان. ما جەنساڭ موللا - ئۆلىمالارغا سۆز قىلىپ: «سىلەرنىڭ بېشىڭلاردىكى سەللە مېنىڭ بىر تۈمەن ئاتلىق ئەسكىرىمنىڭ كۈچىدىن ئۈستۈن كەلدى. پۇقرالارغا ئېيتىڭلار، بۇنىڭدىن كېيىن بىز بىلەن قارشىلاشىدىغان ئىشلار قايتا يۈز بەرمىسۇن» دېگەن. ئۇ، 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن باشلاپ قىرغىنچىلىقنى توختىتىپ، ھېيتگاھ جامەسىنى بوشىتىپ، يېڭىشەھەرگە چىقىپ كەتكەن. مۇشۇ ۋەقە يۈز بەرگەن چاغدا ئەھمەد قازىئاخۇنۇم جامال ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ قېشىدا بولغاچقا، ئەينەن ئەھۋالنى خاتىرىلەپ، ماۋزۇسىنى ما جەنساڭنىڭ سۆزىدىن ئېلىپ: «ئىسلام ئۆلىماسىنىڭ سەللىسى بىر تۈمەن ئەسكىرىي كۈچكە ئىگە» دېگەن ماقالىنى يازغان.

ئەھمەد قازىئاخۇنۇمنىڭ «يېڭى ھايات گېزىتى»گە بېسىلغان «پىلە بېقىشنىڭ ئەھمىيىتى» دېگەن ماقالىسىدە دېھقانلارنىڭ قوشۇمچە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا دەۋەت قىلىنغان.

ئەھمەد قازىئاخۇنۇمنىڭ 1934 ـ يىللىرى «يېڭى ھايات گېزىتى»گە بېسىلغان دىنىي تونىنى دەستەك قىلىۋېلىپ، پۇل ـ مال، دۇنيا كويىدا، ئەمەل ھەلەكچىلىكىدە، نەپسانىيەتچىلىككە بېرىلىپ، شەرىئەت ھۆكمىدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقان بىر قىسىم ئۆلىمالارنى ھەجۋىي قىلىدىغان:

«ھەم ئىمامۇ ھەم خەتىبۇ، ھەم مۇدەررىس ھەم رەئىس،
تۆت ئەمەلگە رازى بولماي قازى بولغان ئاخۇنۇم».

سەدرىسى بىلەن باشلىنىدىغان 40 مىسرالىق شېئىرى، پۇلنى دەپ ئىمان ـ ئىنساپنى، ئەخلاق ـ دىيانەتنى، ئىنسانىي خىسلەتنى ئۇنتۇپ كېتىۋاتقانلىقىدەك رەزىل قىلمىشلىرىنى پاش قىلىدىغان «سەلەي ئاخۇن» ناملىق 200 مىسرالىق شېئىرى ۋە بەگلەرنى ھەجۋىي قىلىدىغان:

«بۇلۇڭ ـ پۇچقاقتا ئولتۇرۇشتۇر ئادىتىڭىز
قاپاقتىن ئوت چىقارماق كارامىتىڭىز».

دېگەن مىسرالار بىلەن باشلىنىدىغان 80 مىسرالىق شېئىرىمۇ جەمئىيەت كەيپىياتىنى تۈزەش، كىشىلىك ئەدەپ ـ ئەخلاقنى توغرا يولغا سېلىشتا مەلۇم ئىجابىي رول ئوينىغان.

ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن باشلانغان شىنجاڭدىكى مەدەنىي ئاقارتىش ھەرىكىتى خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا 1938 ـ يىلىنىڭ بېشىغىچە جانلىنىپ، يۇ-

قىرى دولقۇنىغا كۆتۈرۈلگەن. ئەمما، «ئىلغار» لىق نىقابىغا ئورۇنۇۋالغان جاللات شېڭ شىسەي بۇ ئامىۋى ھەرىكەتتىن ئانچە خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ، قەشقەردىكى مەدەنىي ئاقار- تىش ھەرىكىتىنى تەشكىللىگۈچى ۋە قوللىغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان 6 - دىۋىزىيىنىڭ باشلىقى مەھمۇت سىجاڭنىڭ خىزمىتىنى تاشلاپ ھىندىستانغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى باھانە قىلىپ، مەدە- نىي ئاقارتىش ھەرىكىتىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللىغان بىر قىسىم بايلارنى، مەدەنىي ئاقارتىش ھەرىكىتى بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللانغان ئىلغار زىيالىيلارنى ئارقا - ئارقىدىن قولغا ئېلىپ تۈرمىلەرگە تاشلىدى. شۇ مەزگىلدە ئەھمەد قازىئاخۇنۇمنىڭ ھا- ياتىغىمۇ جىددىي خەۋپ يەتكەنلىكتىن، 1938 - يىلى ئۆيىۇشمىدىكى خىزمىتىنى تاشلاپ، يەكەن، يېڭىسار، پەيزاۋات قاتارلىق جايلاردا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئىككى يىل سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كې- يىن، ئۇ 1939 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا يۇرتى مەكىتكە قايتىپ كېلىپ، شەھەر ئىچىدىكى ئوسمان ھاجىمنىڭ مەدرىسەسىدە مۇدەررىسلىك قىلدى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. چەت تىللاردىن بىر قىسىم ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلدى. شۇنداق قى- لىپ، ئۇ ھىجرىيە 1360 - يىلى زۇلھەججەنىڭ 27 - كۈنى يەكشەنبە (مىلادىيە 1941 - يىل 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى) 34 يېشىدا بەختكە قارشى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن مەكىتنىڭ غازكۆل يېزا لايىلىق پاختىلىق كەنتىدىكى ئۆز ئۆيىدە ۋاپات بولدى①.

---

① ئەھمەد قازىئاخۇنۇمنىڭ قەبرىسى مەكىت ناھىيىسىنىڭ غازكۆل يېزا لايىلىق پاختىلىق كەنتىدە بولۇپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1996 - يىلى 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بۇ قەبرىنى «ناھىيە دەرىجىلىك ئوقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» دەپ ئېلان قىلغان.

ئۇچىتۇرپانلىق ئابدۇرېھىم قۇززات، ئاقسۇلۇق ئاقنىبداموللام، مەكىتلىك ھامىد قارىئاخۇنۇم قاتارلىقلار ئەھمەد قازىئاخۇنۇمدا ئوقۇپ، ئىلىم تەھسىل قىلغان يېقىنقى زاماندىكى مەشھۇر ئۆلىمالاردۇر.

شائىر ئەھمەدىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى قەشقەر ھېيتگاھ مەدرىسەسىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە باشلانغان. ئۇ ئۆز ھاياتىدا ساياھەت خاتىرىسى شەكلىدە، تېشى قىزىل چەكمەن رەخت بىلەن قاپلانغان «تەكلىماكان جەزىرىسىدىن بىر مۆجىزە» ناملىق بىر توملۇق كىتاب، ئۇيغۇر ۋە پارس تىلىدا 3800 مىسرادىن ئارتۇق غەزەل، مەسنىۋى، مۇخەممەس، پەرد، رۇبائىيلارنى يازغان. ئەدەبىي تەرجىمە ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن شەيخ سەئدىنىڭ «گۈلىستان»، «بوستان» ناملىق ئىككى كىتابىنى، «لوقمان ھېكىمنىڭ 100 نەسىھىتى» دېگەن ئەسەرنى مەسنىۋى ئۇسلۇبىدا بىر قۇرنى بىر مىسراغا سىغدۇرۇش ئاساسىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغاندىن باشقا، زەمەخشەرىنىڭ «ناۋابىغۇل كىلەم» دېگەن كىتابىنى نەزمىي شەكىلدە، ھاجى كاتىپ چەلەبىنىڭ «كەشپى زۇنۇن» ناملىق ئىككى تومۇق كىتابىنى نەسرىي شەكىلدە تەرجىمە قىلغان. مۇئەللىپلەرنىڭ تەرجىمىھالى، ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا ماقالىلەرنى يېزىپ، ئاشۇ ئەسەرلەردىن ئېلىنغان پارچىلار بىلەن بىرلىكتە «يېڭى ھايات گېزىتى»دە تونۇشتۇرغان. ئەپسۇسكى، شائىرنىڭ بۇ تەرجىمە ئەسەرلىرى ۋە بىر قىسىم قولىيازمىلىرى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا كۆيدۈرۈپ تاشلانغان. ساقلىنىپ قالغىنى رەتلەنمىگەن ئىككى پارچە دىۋان بولۇپ، بىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 21.6 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 14 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئۈچ سانتىمېتىر، 220 بەت؛ ئىككىنچىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 19 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 12.4 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئۈچ سانتىمېتىر، 214 بەت،

ئىككىلىسى كۆن خۇرۇمدا مۇقاۋىلانغان.

بىرىنچى كىتابتا «كەيدان»، «رىسالەئى رەپىئى سابابە»، «ھەدىس»، «ھەدىس مۇنتەخىبە»، «مىفتاھۇل ئەدەب» (ئابدۇقادىر داموللامنىڭ)، «قۇتبەئى ئىزھا» قاتارلىق قازان، تاشكەنت، لاھور مەتبەئەسىدە بېسىلغان ۋە قولىيازما قىلىپ كۆچۈرۈلگەن 148 بەت ئەسەردىن باشقا، ئاپتورنىڭ «ئەجرۇمىيە» (تىل قائىدىسى)، «قائىدە مەكتۇپ» (خۇش خەت يېزىش قائىدىسى) دېگەن ئىككى پارچە ئەسىرى، بىر ھېكمەت، ئالتە پارچە غەزىلى بار.

ئىككىنچى كىتابتا زەمەخشەرىنىڭ 80 بەت چامىسىدىكى «ناۋابىغۇل كىلەم» دېگەن ئەسىرىنىڭ قولىيازمىسى بىلەن ئۇنىڭ تەرجىمىسىدىن باشقا، «قول دەپتىرى» ئىسىملىك 134 بەتلىك بىر قولىيازمىغا توپلانغان، ھۇۋەيدا، خوجا ھافىز، مەشرەپ قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرى بىلەن ئارىلاش كۆچۈرۈلگەن ئەھمىدىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى 19 غەزىلى، تۆت مۇخەممىسى؛ پارس تىلىدا يېزىلغان ئىككى بېيىتى، بىر نەزمىسى، ئىككى مەسنىۋىسى، بىر مۇخەممىسى، ئىككى پەردى، ئىككى شېئىرى، 10 رۇبائىيسى بار.

دىۋانغا كىرگۈزۈلگەن خۇش خەت نۇسخىلىرى، ئۇ توغرىدىكى قائىدىلەر ۋە بەت ئارىسىغا بېرىلگەن قىستۇرما ھالەتتىكى رەڭلىك ھەر خىل گۈل سىزمىلىرىدىن قارىغاندا، شائىر ئەھمىدىنىڭ خۇش خەت ھەم رەسىمچىلىككە ئىنتايىن قىزىقىدىغان، بۇ ساھەدە بەلگىلىك ئىقتىدار ۋە ماھارەت ئىگىلىگەن، زامانىسىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى خەتتات ھەم رەسساملىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

دىۋان ئومۇمەن شائىرنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەتكە، ئەدەپ ـ ئەخلاققا، ئىشق ـ مۇھەببەتكە بولغان تۈپكى قاراشلىرى بىلەن

زامانغا بولغان نارازىلىق كەيپىياتلىرىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان بولۇپ، تاۋلانغان گۈزەل ئەدەبىي تىل، قايناق شېئىرىي ھېسسىيات، خىلمۇخىل بەدىئىي ۋاستىلەر ئارقىلىق ئوبرازلىق بايان قىلىنغان. مەسىلەن:

« كېلىنلار ياخشى ئوغلانلار ئوقۇماق خۇش سائادەتتۇر،
خۇداۋەندا نەسىپ ئەتسە ئىككى ئالەم شاراپەتتۇر.
كىچە - كۈندۈز ئەدەپ بىرلە كېلىپ مەكتەپتە ئولتۇرماق،
ئەگەر بىلسەڭ بەخت - ئىقبال سائادەتكە ئالامەتتۇر ».

مانا بۇ مىسرالاردىن ئاپتورنىڭ « ئوقۇش ئىنساننى ياخشى پەزىلەت، خۇش سائادەتكە يېتەكلەيدىغان ئۇلۇغ، خاسىيەتلىك ئىش، ئوقۇش ئارقىلىق بەخت - ئىقبالغا ئېرىشكىلى بولىدۇ » دەيدىغان مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى چۈشىنىپ يەتسەك؛ تۆۋەندىكى مىسرالاردىن ناچار ئىللەتلەردىن بىرى بولغان نەپسانىيەتچىلىكنى قاتتىق تەنقىد قىلىش ئارقىلىق ئىنسانلارنى ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنى ئۆزىگە يار قىلىشقا، ھالاللىق بىلەن ياشاشقا ئۈندىگەنلىكىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز:

« نەپسىنىڭ رايىغا يۈرگەن ئاخىرەتتە خار ئولۇر،
ئول كىشىگە دىۋە مەلئۇن، ھەشىن① ھەمدەم - يار ئولۇر ».

ئاپتور يەنە دۇنيانى ۋاپاسىزلىقتا ئەيىبلەپ، ئۇنى: «ھېچ كىشىگە ۋاپا قىلمىغان، شۇڭا ئۇنىڭدىن شىكايەت قىلمىغان بىرمۇ كىشى يوق» دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ زامانغا بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن. مەسىلەن:

---

① ھەشىن — ھاشارەت، قۇرت - قوڭغۇز.

« ئەجەب دۇنيا ، ئەجەب دۇنيا ۋاپاسى يوق تۇرۇر بىلسەڭ ،
بارى ئەلدىن جۇدا بولۇپ قەلەندەر بولمىسام بولماس .
كىشى يوقكىم بۇ ئالەمدە جاھاندىن ئاغرىماي ئۆتكەن ،
مەن ھەم ئاغرىپ تۇراردۇرمەن ، قەلەندەر بولمىسام بولماس .
ھەمە ئۆتتى بۇ دۇنيادىن قىلىپ دەھرى شىكايەتنى ،
شىكايەت قىلمىغان بارمۇ ، قەلەندەر بولمىسام بولماس » .

دىۋانىدا ئاپتورنىڭ مۇھەببەتكە بولغان ساداقىتى ۋە چىن ئىنسانىي مۇھەببەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان شېئىرلارمۇ ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن بولۇپ ، ئۇنىڭدىكى يارنى سېغىنىش تۇيغۇلىرى ، ئىنتايىن ساداقەتمەن ، ۋاپادار بىر ئاشىقنىڭ يار ۋىسالىغا يېتىش ھەققىدىكى ئارزۇلىرى چىن ئىنسانىي ھېسسىيات ئاساسىدا ماھىرلىق بىلەن تەسۋىرلەپ كۆرسىتىلگەن .
مەسىلەن :

« نىگار ئاي يۈزۈڭ ئاچقىل غېرىبى ئىنتىزارىڭمەن ،
غېمىڭ سەھرادە ئىلكىدە چۇ ئاھۇيى شىكارىڭمەن .
نە بائىسدىن ساڭا يەتمەس كېچە ـ كۈندۈز مېنىڭ ئاھىم ،
ئايا لەيلى ۋە دىل خۋاھىمكى مەجنۇن بى قارارىڭمەن » .

ئاپتور مۇھەببەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى بايان قىلغىنىدا ئۇنى « جاپاسىغە ، ئىناسىغە يۈرەك ـ باغىرنى نىشان قىلغاندا ئاندىن مۇراد ـ مەقسەتكە يەتكىلى بولىدىغان ئىنتايىن قاتتىق ، مۇشكۇل ئىش » دەپ تونۇيدۇ . شۇڭا ئۇ ، مۇھەببەتنى ئويۇنچۇق قاتارىدا كۆرۈپ ، خالىسا بۇ يولدىكى لەززەتتىن بەھرە ئېلىشقا ئىنتىلىدىغان ، خالىسا بىر يولىلا يۈز ئۆرۈپ ۋاپاسىزلىق قىلىدىغان ئىككى يۈزلىمىلىك ، ساختىپەزلىكلەرنىمۇ قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ .
مەسىلەن :

« پەلەك چەرخى مېنىڭ بەختىم لىباسىنى قارا ئەيلەپ ،
يۈزۈمگە كاچ غەم ئۇردى نىگارىم بىۋاپا بولغاچ » .

يۇقىرىقى بىر قاتار مىسرالار شائىر ئەھمىدىنىڭ بەدىئىي قابىلىيىتى ۋە دۇنيا قارىشىنى چۈشىنىش ، تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە . شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى ، ئەھمىدى ئەسەرلىرىدىكى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتكەن دىنىي پۇراق ئاساسەن ئۇ ياشىغان ئىجتىمائىي شارائىتنىڭ تەسىرى ئاستىدا شەكىللەنگەن . قانداقلىكى بولمىسۇن ، ئەھمىدى ئەسەرلىرى مەزمۇن جەھەتتىن تىرەن ، راۋان ، ئويناق ، تىل جەھەتتىن گۈزەل ، ئوبرازلىق ، ھېسسىيات جەھەتتىن ساپ ۋە ساغلام بولۇپ ، ئۇنى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بىرى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ . ئەھمىدى شېئىرلىرىنىڭ تېپىلىشى يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات خەزىنىسىگە قوشۇلغان مۇھىم بايلىق . ئۇنىڭ تەرجىمە ۋە باشقا ساھەلەردە قىلغان ئىجادىي ئەمگىكىنى ئىزدەپ تېپىش ھەم يورۇقلۇققا چىقىرىش ھەربىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇھىم مەسئۇلىيىتى .

1985 ـ يىل ، 5 ـ ئاي

# ئىلىم ئۆلمەيدۇ، ئالىم ئۆلمەيدۇ

## — ئالىم ۋە شائىر ئابدۇرېھىم ھاجى تۇغرىسىدا ئىزدىنىش

تەبىئەت قانۇنىيىتى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دۇنيادا ئۆلمەيدىغان ھېچ نەرسە يوق. مەيلى جانسىزلار، مەيلى جانلىقلار بولسۇن، ھەممىسى بىر-بىر ئۆلىدۇ. ئىنسانىيەت دۇنياسىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. يەر يۈزىگە ئىنسانىيەت پەيدا بولغان ئۇزاق تارىخىي جەرياندا، ئىنسانىيەت دۇنياسى ياشاش ئۇچۇن تۆرەلگەن مىليون - مىليون كىشىلەرنى كۈتۈۋالدى. بىراق، بۇ دۇنيا ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە تەتۈر قارىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ھاياتى بىر ئۆمۈر جاپا - مۇشەققەتتە، ئېغىر ئەمگەك شارائىتىدا، يوقسۇللۇق ئىچىدە ئۆتتى؛ يەنە بەزىلىرىگە كۈلۈپ قارىغانلىقتىن، تەلىيى ئوڭدىن كەلدى، ئۇلار پۇل، مال - دۇنياغا ئىگە بولۇپ، راھەت - پاراغەتتە ياشاپ «باي» دېگەن ئاتاققا ئېرىشتى؛ يەنە بەزىلىرىگە ئالاھىدە ئىمتىياز، ھوقۇقمۇ بەردى، ئۇلار ئۆتكۈنچى بولۇتتەك غىلىلدە پەيدا بولۇپ قويۇپ، غىلىلدە يوقايدىغان ۋە ياكى نامازدىگەر بىلەن نامازشام ئارىلىقىدىكى قىزىقى يوق ئاپتاپقا ئوخشاش پاللىدە كۆرۈنۈپ قويۇپ، تۇن قاراڭغۇسىغا ئەگىشىپ غايىب بولىدىغان بۇ ھوقۇق، ئىمتىيازغا مەھلىيا بولۇپ، ئۆزلىرىنى بىر ساناپ، جاھانغا پاتماي كەتتى، بىراق، بۇ دۇنيا ئۇلارغا ئاخىرىدا ئۆز ۋاپاسىزلىقىنى قىلدى. نېمە بەرگەن بولسا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تارتىۋېلىپ، ئۆز قوينىدىكى كىشىلەرنى تۇغۇلغان

چاغدىكى يالىڭاچ ھالىتى بويىچە ئۆلۈم گىرداۋىغا ئىتتىرىپ بەردى .

بىراق ، ئۆلۈم بىر نەرسىگە ، يەنى ئىلىمگە چاڭگال سالالمىدى ، ئىلىمنى يوقىتالمىدى ، ئىلىم — ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ئۆلۈمگە قارشى قۇدرەتلىك بىر كۈچ سۈپىتىدە ئەبەدىي ياشىدى . ئۆلۈمنىڭ چاڭگال سېلىپ يوقىتەلىگىنى — ئىلىم ، ھۈنەر ئىختىرا قىلغانلارنىڭ ، ئىلىم - ھۈنەر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ئىلىم - ھۈنەرنى بېيىتقان ، راۋاجلاندۇرغانلارنىڭ ، ئىنسانلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى چوڭقۇر قېزىپ ، ئىنسانىيەتنىڭ ئالغا بېسىش يولىنى كۆرسىتىپ ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۆلمەس مەنىۋى بايلىق ياراتقۇچىلارنىڭ جىسمى بولدى . ئەمما ، ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەت دۇنياسىغا قوشقان بايلىق ، تۆھپىلىرىنى ، ئىنسانىيەت دۇنياسى ئۈچۈن قىلغان ئىختىرا ، ئىجادىيەتلىرىنى يوقىتالمىدى ، يوقىتالمىدى . ئۇلارنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان ۋە ئەبەدىي كۆمۈلمەيدىغان بۇ ئىختىرا ، ئىجادىيەتلىرى ، بايلىق ، تۆھپىلىرى ئۆز كۈچ - قۇدرىتىنى جارى قىلدۇرۇپ ، ئىگىلىرىنىڭ ئۆلۈم كۆمۈۋەتكەن نام - شۆھرەتلىرىنى تۇپراق ئاستىدىن قايتا قېزىپ چىقىرىپ ، ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ، ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ئۆزى بىلەن بىللە ئەۋلادمۇئەۋلاد ياشاتتى .

جىسمى ئۆلگەن بولسىمۇ ئۆزى ئۆلمىگەن ، نامى كۆمۈلگەن بولسىمۇ ، ئىجادىيەت ، ئىختىرالىرى كۆمۈلمەي خەلق ئارىسىدا ئۆز كۈچ - قۇدرىتى بىلەن ياشاپ ، ئىنسانلارنى مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئەنە شۇنداق تۆھپىكارلارنىڭ بىرى — ئابدۇرېھىم ھاجىدۇر . ئۇ ، ھىجرىيە 1314 - يىلى (مىلادىيە 1896 - ، 1897 - يىللىرى ) قەشقەر شەھەر قوغان يېزىسىغا قاراشلىق ھەزرەت كەنتىدىكى ئاياغچىلار مەھەللىسىدە چوڭ ئاخۇن‌ھاجىم ئىسىملىك دىنىي مۆتىۋەر ، ئۆلىما كىشىنىڭ ئائىلە

سىدە دۇنياغا كەلگەن . چوڭ ئاخۇنھاجىم چوڭ بوۋىسى ئابدۇرېھىم ھەزرەتتىن باشلاپ موللا تۆلەندى خەلپىتىم، ئابدۇرېھىم خەلپەم، ئاتىسى ئابدۇللا ھاجىمغىچە نەچچە ئەۋلاد يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن بولۇپ ئۆتكەن .

ئابدۇرېھىم ھاجى يەتتە ياشقا تولغىچە ھېچ نەرسىگە ھاجىتى چۈشمەيدىغان بۇ باي ئائىلىدە ئەركىن - ئازادە، باياشاتچىلىقتا چوڭ بولدى . يەتتە ياشقا تولغاندىن كېيىن ئاتىسى ئۇنى ھەزرەت ئاپپاق خوجام مازىرى يېنىدىكى مەدرىسەگە ئوقۇشقا بەردى . ئۇ ، بۇ مەدرىسەدە ئابدۇرېھىم داموللام قاتارلىق مۇدەررىسلەرنىڭ قولىدا ئوقۇپ باشلانغۇچ مەلۇماتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن ، شەھەر ئىچى چاھارسۇدىكى « ساقىيە » مەدرىسەگە ئوقۇشقا كىرىپ، باھاۋىدىن مەخسۇمنىڭ ئىنىسى جالالىدىن ھاجىمدا ئوقۇدى . ئابدۇرېھىم ھاجى جالالىدىن ھاجىمدا بەش يىلدىن ئارتۇق ئوقۇش جەريانىدا ، دىنىي ئىلىم ۋە پەننىي ئىلىمنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى بويىچە بەلگىلىك مەلۇماتقا ئىگە بولغاندىن تاشقىرى ، ئەرەب تىلى ، پارس تىلىنىمۇ پۇختا ئىگىلەپ ، بۇ تىلدىكى بەزى كىتابلارنى ئۆز تىلىغا ئەركىن ، راۋان تەرجىمە قىلالايدىغان ، قۇرئان ، ھەدىسلەرنى ئوقۇپ ، دەرھال مەنە ئېيتالايدىغان ئىقتىدارنى يېتىلدۈردى .

چوڭ ئاخۇنھاجىم ھىجرىيە 1332 - يىلى ( مىلادىيە 1913 - ، 1914 - يىللىرى ) مۇسۇلمانچىلىق پەرزىنى ئادا قىلىش يۈزىسىدىن ھەج سەپىرىگە جابدۇنغان ئىدى . ئىراق ، ھاجىمنىڭ يېشى چوڭىيىپ بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقتىن ، ئوغلى ئابدۇرېھىم ھاجى ھەمراھ بولۇپ بىللە بېرىشقا توغرا كەلدى . ئاتا - بالا ئىككىلەن ئۈچ ئايدەك يول يۈرۈپ ، ئەرەبىستانغا بېرىپ ، ھەج پائالىيىتىنى تاماملىغاندىن كېيىن ، مىسىر ، ئىراق ، ئىرانلاردا بىر مەزگىل سەيلە - ساياھەتتە بولۇپ مۇدەررىسلەر ، ئالىملار بىلەن

تونۇشتى. ئىلمىي سۆھبەتتە بولدى. كېيىن تۈركىيىگە باردى. 1896 - يىلدىن 1911 - يىلغىچە ئىلىم - پەن ئىدىيىسى بىلەن ئىسلام ئەقىدىلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش مەزمۇنىدىكى جەدىتلىك ھەرىكىتى ۋە بۇ ھەرىكەتتىن كېيىنكى تۈركىيىدە بارلىققا كەلگەن ئۆزگىرىش ھەم تەرەققىياتلار ياش ئابدۇرېھىم ھاجىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ بىر شېئىرىدا:

« دوستلىرىم مەن ئېيتايىن بىر زەررە ئىشقىمدىن بايان،
ھەم يۈرەك بولدى كاۋاب، خەلقىمىزا ئولدى نىشان.
جان قۇلاقى بىرلە ئاڭلاڭ بۇ مېنىڭ ئەرزىمنى سىز،
جەننەتنى بىشەك بولۇرسىز، يوق ۋەلى مۇندا گۇمان ».

دەپ يازغىنىدەك، دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەر قالاقلىقنى ئاللىقاچان چۆرۈپ تاشلاپ، ئىلىم - پەنگە قاراپ يۈرۈش قىلغان؛ ئىلغار پەن - تېخنىكىنى قوللىنىپ، سانائەتلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرغان بىر شارائىتتا، ئۆز مىللىتىنىڭ تېخى قالاقلىق، نادانلىق ھالىتىدە بەخىرامان ئۇخلاۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، يۈرىكى مۇجۇلدى. بۇ ھالەت، قاراڭغۇلۇق ئىلكىدە قالغان خەلقنى قالاقلىق، نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن خەلقئارادىكى باشقا مىللەتلەردەك ئالدى بىلەن خۇراپاتلىق، مۇتەئەسسىپلىكنى قاتتىق توپقا تۇتۇپ، تەرەققىياتقا، ئالغا ئىلگىرىلەشكە يول ئېچىش، ئاقارتىشنى چىڭ تۇتۇپ، خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئەنە شۇ ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن ئاتا - بالا ئىككىيلەن ۋەتەنگە قايتىشقا ئاتلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئەنجانغا كەلگەندە توسۇلۇپ قالدى. چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا رۇسىيىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلاپ، شىنجاڭغا كېلىدىغان يول

ۋاقىتىنچە تاقالغان ئىدى. ئىنساننى خار ۋە زەبۇنلۇقتىن ساقلاپ قېلىشتا ئىلىمنىڭ خاسىيىتىنىڭ نەقەدەر چوڭلۇقىنى ياخشى تونۇپ يەتكەن ئابدۇرېھىم ھاجى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئىلىم - مەرىپەتكە بولغان قىزغىن ئىشتىياقى بىلەن بۇخاراغا باردى ۋە ئۇ يەردىكى مەدرىسەلەرنىڭ بىرىگە ئوقۇشقا كىرىپ، ئىككى يىلدەك ئوقۇپ، ئىلمى نۇجۇم، ھەندىس، ئىلمى مەنتىق، ئىلمى پاساھەتتىن يۇقىرى مەلۇمات ئىگىلىدى. جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ نورماللىشىشى ۋە سودا ئالاقىسىنىڭ ئۇرنىتىلىشى ئارقىسىدا ۋەتەنگە قايتىپ كېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان ئابدۇرېھىم ھاجى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپلا خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىش يولىدا كۆپ ھەرىكەت قىلدى. ئۇ، چەت ئەلدە ئالغان تەسىراتلىرىنى كىشىلەرگە تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ يېڭىلىققا ئىنتىلىش تۇيغۇسىنى قوزغىتىپلا قالماستىن، شۇنداقلا يەنە قولىغا قەلەم ئېلىپ «جەننەتۇل ئەلا ۋەتىنىم»، «ئوغلۇمغا نەسىھەت»، «ئى خۇدايا، قىيامەت ياشىسۇن ھۆرلۈك ھايات» دېگەن ماۋزۇلاردا شېئىرلارنى يېزىپ، خەلق ئاممىسىنى جاھالەتتىن قۇتۇلۇپ، خارلىق - زەبۇنلۇق كىشەنلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاشقا، مۇستەبىتچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ئازادلىق، ئەركىنلىكنى قولىغا كەلتۈرۈشكە، خۇراپاتلىققا ئوت ئېچىپ، پەن - مەدەنىيەت ئىگىلەپ، يېڭىچە ياشاشقا ئۈندىدى. ئائىلىسىدە شەخسىي مەكتەپ ئېچىپ ئاقارتىشنى يولغا قويدى. ئەقىل - پاراستىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىپ، پىششىق خىشتىن سائەت، كاكىل لايدىن مەش - كاناي ياساپ، يېڭىلىقنىڭ ئۈلگىلىرىنى كۆرسەتتى. بىراق، ئابدۇرېھىم ھاجىنىڭ خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىش ۋە يېڭىلىققا ئىنتىلىش يولىدىكى بۇ خىل ھەرىكەتلىرى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ كەسكىن قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئۇنىڭ شەنىگە بۆھتانلارنى تو-

قۇدى . ياڭ زېمىننىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىمۇ تەرەققىياتنى يېڭىلىقنى خالىمايتتى ، خەلق ئاممىسىنى قالاقلىق - نادانلىقتا تۇتۇش — ئۇنىڭ بىردىنبىر سىياسىتى ئىدى . ئۆز ھاياتى تەرەپ - تەرەپتىن كېلىۋاتقان خەۋپنى ئاللىقاچان سېزىپ يەتكەن ئابدۇرېھىم ھاجى ۋاقتىنچە ئۆز يولىدىن قايتىپ دېھقانچىلىق ، باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى . ئۇ دېھقانچىلىق ، باغۋەنچىلىك تېخنىكىسىغا شۇ قەدەر پىششىق ۋە ماھىر ئىدىكى ، بىر مو يەرگە 16 جىڭ ئۇرۇقلۇق چاچسا ، 400 جىڭ بۇغداي ئالاتتى ؛ بىر تۈپ مېۋىگە يەتتە خىل مېۋىنى ئۇلاپ ، بولاقلا كىر گۈزگەن ئىدى . ئۇنىڭ دېھقانچىلىق ئېتىزلىرى ، باغلىرىدىن يىل بويى ئېكسكۇرسىيىچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى . ئۇنىڭ داڭقىنى ھەتتا قەشقەر دوتىيىمۇ ئاڭلاپ ، كۆرۈشكىلى ئالدىغا چاقىرتقان . ھاجىم تەقدىم قىلغان ئۈچ دانە ئالمىنى كۆرگەندىن كېيىن ، بەكمۇ ھەيران بولۇپ ، ئۇنىڭ تېخنىكىسىغا ئىنتايىن قايىل بولغان ھەمدە ئاپىرىن ئوقۇپ ، نۇرغۇن سوۋغا ئىنئام قىلغان . گۈل - گىياھ ئۆستۈرۈشتە داڭلىق ئۇستا ئاتالغان قەشقەر شەھەرلىك خەلق باغچىسىنىڭ تېخنىكى پاكىيامەت سوپى ئابدۇرېھىم ھاجىمنىڭ شاگىرتى بولۇپ ، گۈل - گىياھ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى ئۇنىڭدىن ئۆگەنگەن ئىدى .

ئابدۇرېھىم ھاجى 10 يىلدىن ئارتۇق دېھقانچىلىق قىلىش ۋە گۈل - گىياھ ئۆستۈرۈش جەريانىدا ھاسىل قىلغان تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن 1932 - يىلى « زۇبدە تىل تەجرىبە ، ئەز فۇسۇلى ئەربىيە » ( تۆت پەسىلدىن تاللانغان تەجرىبە ) ناملىق كىتاب يازدى . 600 بەتتىن ئارتۇق ھەجىمگە ئىگە بۇ قولىيازمىدا ئابدۇرېھىم ھاجى قەشقەر شەھەر ۋە كونىشەھەر تەۋەسىدىكى قوغان ، سەمەن ، ئاۋات ، بەشكېرەم ، يېڭىئۆستەڭ ، پاختەكلە قاتارلىق رايونلارنىڭ ھاۋا كىلىماتى ، يەر شارائىتىنى ئاساس قىلغان ھالدا ،

بۇ جايلاردا ئۆستۈرۈشكە بولىدىغان دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى، گۈل ـ گىياھ، سەي ـ كۆكتاتلار، مېۋىلەرنى ئېكىش ـ يىغىۋېلىش ۋاقتى، ئوغۇتلاش ئۇسۇلى، ئوغۇت مىقدارى، سۇغىرىش مەزگىلى، مەزگىل ئارىلىقى، قېتىم سانى، پەرۋىش قىلىش، ئاسراش تېخنىكىسى، ھەر خىل تەبىئىي كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش چارىلىرىنى تەپسىلىي، سىستېمىلىق بايان قىلىپ، قەشقەرنىڭ قالاق يېزا ئىگىلىكىنى ئىلمىي يولغا سېلىشقا تىرىشقان. مەسىلەن، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، زىرائەتلەرگە نىسبەتەن ئۇرۇق چاچىدىغان پەيتنى چېك تۇتقاندىن باشقا، يەرنىڭ نەملىكىگە قاراشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى؛ ئەگەر نەملىكى ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، ئۇرۇقنى نەمدەپ، دۆملەپ، بىخلاندۇرۇپ چېچىشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسەتكەن. سۇغىرىشتىمۇ ھاۋا رايىغا، ھاۋا شارائىتىغا قاراش، ئەگەر ھاۋا قىزىق بولسا سۇغارماسلىق، ئىلاجى بار كەچقۇرۇن، كېچە، ئەتىگەن، ھاۋا سالقىن مەزگىلدە سۇغىرىش، ھەر قېتىملىق سۇغىرىش ئارىلىقى 15 — 20 كۈنگىچە بولۇش، ئەگەر سۇغىرىلىۋاتقان چاغ ھاۋا بۇلۇتلىنىپ يامغۇر يېغىشقا، شامال ـ بوران چىقىش ئېھتىمالىغا دۇچ كېلىپ قالسا، سۇغىرىشنى توختىتىش، سۇغىرىلىپ بولغان بولسا، سۇيىنى چىقىرىۋېتىش ... كە ئوخشاش دېھقانچىلىق تېخنىكىسىغا ئائىت ئىنچىكە مەسىلىلەرنى ئىنتايىن مۇپەسسەل شەرھلىگەن.

«زۇبدە تىل تەجرىبە، ئەز فۇسۇلى ئەربىيە» — يالغۇز دېھقانچىلىق ئىلمىغا ئائىت كىتاب بولۇپ قالماستىن، شۇنداقلا يەنە باغۋەنچىلىك تېخنىكىسىمۇ تونۇشتۇرۇلغان باغۋەنچىلىك ئىلمى كىتابىدۇر. ئۇنىڭدا مېۋىسىز دەرەخلەرنى تىكىش، ئەھيا قىلىش تېخنىكىسى بايان قىلىنغاندىن باشقا، مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكىش، ئۇلاش، پۇتاش، قىشتىن ئۆتكۈزۈش، زىياندىش

هاشاراتلاردىن ساقلاش، سۇغىرىش، ئوغۇتلاش قاتارلىق تې
نىكىلىق مەسىلىلەرمۇ تەپسىلىي كۆرسىتىلىپ، باغۋەنچىلى
ئىلمىنىڭ تۇنجى نەزەرىيىۋى ئاساسىنى ياراتقان.

بۇ كىتابنى يەنە مۇچەللىك كالېندار دېيىشكىمۇ بولىدۇ
چۈنكى، ئاپتور ئۆز كىتابىدا دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلى
تېخنىكىسىدىن سىرت، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى
دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ئىشلىرىدا پايدىلىنىشى ئۈچۈن غازال
چۈشۈش، مۇز تۇتۇش، مۇز ئېرىش، ئالا گوستاڭ (قىزىلكوس)
چېچەكلەرنىڭ ئېچىلىشى، تومۇز، كۈننىڭ قىسقىرىشى قاتار
لىق مەۋسۇملارنى ۋە بۇ مەۋسۇملارنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتىن
مىلادىيە يىلنامىسىغا سېلىشتۇرما قىلغان ھالدا جەدۋەللەشتۈرۈپ
چىققان.

بۇ كىتاب ئەينى زاماندا دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلى
تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش، قالاق ئۇسۇلدا دېھقانچىلىق قىلىشن
ئىلمىي ئۇسۇلدا دېھقانچىلىق قىلىشقا يېتەكلەش، تېخنى
كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتە بەلگىلىك ئىجابىي رول
ئوينىغان. بۇ كىتاب 1941 - يىلى قەشقەر ھەزرەتتە قۇرۇلغا
جەنۇبىي شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەك
تېپىنىڭ ئاساسلىق دەرسلىك ماتېرىيالى قىلىنغان. ئابدۇرېھ
ھاجى مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغاندا كۇرسانتلارغا ئاش
كىتابتىن لېكسىيە سۆزلىگەن. ھەزرەتلىك مەقسۇت غۇلام خەتت
ئاخۇنۇمنىڭ ئىسپاتلىشىدىن قارىغاندا، بۇ كىتاب ئۇزاقتىن بۇيا
قولدىن - قولغا ئۆتۈپ، نۇرغۇن دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلى
تېخنىكلىرىنىڭ پايدىلىنىشىغا مۇشەررەپ بولۇپ، ئاخىرى نەزە
باغ كۆنچىلىك قاسىم ھاجىم خەلپىتىمنىڭ قولىغا چۈشكەندە، ئ
1960 - يىللىرى بۇ كىتابنى قەشقەر شەھەرلىك پارتكومىنىڭ بى
لىك سەپ بۆلۈمىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن.

1931 ـ يىلدىن 1934 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىق شىنجاڭدا چوڭ ئىنقىلاب دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن بوران ـ چاپقۇنلۇق بىر دەۋر بولدى . خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدا كۆتۈرۈلگەن قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابى ئۇزاق يىللار مابەينىدە زۇلۇم ئىسكەنجىسىدە چىرمىلىپ ياتقان شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ غەزەپ چاقمىقىنىڭ پىلتىسىگە ئوت يېقىپ ، ئۇلارنى جاھانگىرلىككە ، مىلىتارىستلىققا ، فېئودال مۇستەبىتچىلىككە قارشى تۇرۇش بايرىقى ئاستىغا زىچ بىرلەشتۈردى . خەلقنىڭ ئىنقىلابىي قوراللىق كۈرىشى ۋە ھەققانىي غەزەپ ـ نەپرىتى مىلىتارىست جىنىڭ شۇرېننى ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر قىلدى . ئىنقىلابنىڭ چوڭ ھوقۇقى يەنە مىلىتارىست شېڭ شىسەينىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئەمما بىر مەزگىل ھۆكۈم سۈرگەن دېموكراتىيە ، ئەركىنلىك ، تىنچلىق ۋەزىيىتى خەلق ئاممىسىنىڭ جاھالەت ، نادانلىقتىن قۇتۇلۇشىغا چوڭ ياردەم بەردى . ھاكىمىيەت بېشىدىكى بىر قىسىم تەرەققىيپەرۋەر ئەربابلارنىڭ ، ۋەتەنپەرۋەر بايلارنىڭ ، ئىلغار زىيالىيلارنىڭ ، مەرىپەتپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ تەشەببۇسى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا ، جاي ـ جايلاردا مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كېلىپ ، ئۇنىڭ قارىمىقىدا بىرقانچە پەننىي مەكتەپلەر شەكىللەندى . ئىلگىرى « جەدىت » لىكتە ئەيىبلىنىپ ، مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان بىر قىسىم پەننىي مەكتەپلەرمۇ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ جانلىنىشقا باشلىدى . بۇ ياخشى ۋەزىيەتتىن ئىنتايىن خۇشاللانغان ئابدۇرېھىم ھاجى نۆۋەتتە جۇش ئۇرۇپ قايناپ ، كۈندىن ـ كۈنگە يامراپ تېشىۋاتقان مەدەنىيەت قايىنىمىغا ئۆزىنى ئېتىپ ، 1934 ـ يىلى مەھمۇت مۇھىتى ( مەشھۇر نامى مەھمۇت سىجاڭ ) ئاچقان گۈلباغ ( ئىلگىرى « سىبۇ » دەپ ئاتالغان ، ھازىر ۋىلايەتلىك ساقچى باشقارمىسى جايلاشقان

ئورۇن ) دىكى پەننىي مەكتەپكە خىزمەتكە كىردى ۋە بۇ مەكتەپ
نىڭ مۇدىرلىقنى ئۈستىگە ئالدى . ئابدۇرېھىم ھاجى خىزمەت
جەريانىدا ئوقۇتۇشنىڭ بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ ، قو
شۇمچە دەرس ئۆتۈش ئارقىلىق ، ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىنى ئىگىلەپ
تۇرغاندىن باشقا ، ئوقۇتۇشنىڭ سىستېمىلىق ، پىلانلىق ئېلىپ
بېرىلىشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلدى . ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلا
ئارا قاتتىق ئىنتىزامنى يولغا قويدى . مەكتەپ ئىچىدە ھەر خىل
شەكىلدىكى تەنتەربىيە ، ئۆگىنىش مۇسابىقىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ
تۇرغاندىن باشقا ، قوشنا مەكتەپلەر بىلەن دوستانە ئالاقىنى يولغ
قويۇپ ، قەرەللىك ھالدا مۇسابىقە ئۇيۇشتۇرۇپ ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ
ئۆگىنىش ئاكتىپچانلىقىغا ئىلھام بەردى . بۇ مەكتەپ ئەينى
يىللاردا ھەرقايسى ناھىيە ، يېزىلاردا قۇرۇلغان پەننىي مەك
تەپلەرنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولۇپ قالغان ئىدى .

1935 - يىلىنىڭ بېشىدا ئوردائىشكىدىكى ۋاكلىق
مەدرىسەنىڭ ئورنى ( ھازىرقى شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ
ئورنى ) غا 10 سىنىپلىق بىر دارىلمۇئەللىمىن يېڭىدىن قۇرۇلغان
بۇ چاغدا گۇلباغدىكى مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى كۈندىن -
كۈنگە كۆپىيىپ ، مەكتەپ ئورنى تارلىق قىلغانلىقتىن ، يۇقىرى
سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىمتىھان ئارقىلىق بۇ
مەكتەپكە تاللاپ قوبۇل قىلىندى . ئابدۇرېھىم ھاجىمۇ خىزمەت
ئېھتىياجى بىلەن بۇ مەكتەپكە يۆتكىلىپ كېلىپ ، ئوقۇتقۇچى
قوشۇمچە تەرتىپ مۇدىرى بولدى . ئۇ ، كۆپ ھاللاردا ئوقۇغۇ
چىلارغا تەنتەربىيە كوماندىسىنى ئۆزى بېرىپ ، گىمناستىكا
تەنتەربىيە مەشقلىرىنى ئۆزى ئۆگىنەتتى . ئازادلىقتىن ئىلگىرى ۋ
كېيىن ، تاكى 1970 - يىللارغىچە ھەرقايسى مەكتەپ ، مەدەنىيەت
ئورۇنلىرىدا ئىشلەپ ، قەشقەر مەدەنىيەت - مائارىپىنىڭ
تەرەققىياتىغا زور ھەسسە قوشقان پېشقەدەم مائارىپچىلاردىن

مەرھۇم ئابلىز ئەپەندى ، سالىجان قارىھاجىم ، مەرھۇم تۇردى ھاجىم ، ئەھمەت ساماق ، مەرھۇم ئوبۇلقاسىم ئىسمايىل ، مەرھۇم ئابدۇرېشىت ئەمەت ، ئىسلام نامان ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ ئىشلىگەن مەرھۇم ھامىت ئىمىنوپ قاتارلىقلار ئابدۇرېھىم ھاجىنىڭ شۇ چاغدا تەربىيىلىگەن شاگىرتلىرى ئىدى .

بۇ مەكتەپتە ئوقۇش ئىككى قارار داۋاملاشتى . مەكتەپكە ۋىلايەتنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدىن ئوقۇغۇچىلار كەلگەندىن تاشقىرى ، تۇرپان ، پىچان ، توقسۇنلاردىنمۇ كېلىدىغان بولغاچقا ، ئورۇن يەنە تار كېلىپ ، 1936 - يىلى بۇ مەكتەپ نەزەرباغقا (ھازىرقى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئورنىغا ) قۇرۇلۇش قىلىپ كۆچۈپ چىقتى . ئابدۇرېھىم ھاجىمۇ بۇ مەكتەپكە يۆتكىلىپ چىقىپ ، بىر يىلدىن ئارتۇق ئىشلىدى .

1937 - يىل 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى مىللىي ئارمىيىنىڭ قوماندانى مەھمۇت مۇھىتى جاللات شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىگە قارىتا يامان نىيەتتە بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ قېلىپ ، چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى . مىلىتارىست شېڭ شىسەي مەھمۇت مۇھىتىنى قولغا چۈشۇرەلمىگەندىن كېيىن ، شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى خوجىنىياز ھاجىنى ئۈرۈمچىدە قولغا ئېلىپ ، نەزەربەنت قىلدى . ئارقىدىنلا ئوچۇق - ئاشكارا تېررورلۇق يۈرگۈزۈپ ، جاي - جايلاردىكى ئاتاقلىق زىيالىيلارنى ، يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى تۇتقۇن قىلىشقا باشلىدى . ئۆز ھاياتىدىن ئەندىشە قىلغان ئابدۇرېھىم ھاجى خىزمەتنى ، يۇرتنى ، بالا - چاقا ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى تاشلاپ ، ئاقسۇغا كېتىشكە مەجبۇر بولدى . چۈنكى ، ئابدۇرېھىم ھاجى ئەينى يىللاردىكى مەدەنىيەت - مائارىپ سېپىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئاتاقلىق زىيالىي بولۇپلا قالماستىن ، شۇنداقلا مەشھۇر

خەتتات زىياۋىدىن مەخسۇمدىن قېلىشمايدىغان ئۇستا مەششاق (خەتتات) بولغانلىقتىن، قىسقا بىر مەزگىل خوجىنىياز هاجى يىلدەك كاتىپ بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ، ئاقسۇ ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا ئۇ سەي تۆت قېتىملىق باستۇرۇش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بەشىنچى قېتىملىق تازىلاش ئوبيېكتىنى ئاز سانلىق مىللەت ئى قىلابچىلىرىدىن، زىيالىيلىرىدىن، تەرەققىيپەرۋەر بايلىرىدىن كومپارتىيە ئەزالىرىنى تازىلاشقا قاراتقان؛ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قوينىغا ئاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ياپون جاهانگىرلىكىنىڭ قايتىپ كەلدى. ئۇ، 1941 — 1943 - يىلغىچە هەزرەتتىكى يېزا ئىگىلىك تېخنىكلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. 1943 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رىغىچە ئىشلىدى. هىجرىيە 1364 - يىلى (مىلادىيە 1944 -، 1945 - يىللىرى) ماهى رەجەپ (6 - ئاي) نىڭ 14 - كۈنى تالانتلىق ئۇستا خەتتات، مەشهۇر قىزىقچى ئابدۇرېهىم هاجى هايات بىلەن كۆز يۇمغاندا ئاران 48 ياشتا ئىدى.

فوغان شۆبە ئۇيۇشمىسىغا ئالمىشىپ، بۇ جايدا هاياتىنىڭ ئاخىر شائىر، مىچۇرىنچە ئالىم، پېشقەدەم مائارىپچى، ماهىر رەسسام، ۋىدالىشىپ، پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە رىهلەت قىلدى. ئۇ،

ئابدۇرېهىم هاجى ئاز هايات كەچۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ، ئەنە شۇ چەكلىك ئۆمرىدە مىللىتىمىز، ۋەتىنىمىز، خەلقى مىزنى جاهالەت ئىلكىدىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا هارماي كۈرەش قىلىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۈلگە بولغۇدەك مول، شانلىق تۆھ پىلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى.

ئابدۇرېهىم هاجى خۇددى بىر شېئىرىدا:

« بۇ پەلەكنىڭ ئىشىغا ئەقلىم ئەتمىدى ئىدراك ،
مىسلىكىم زادبۇد ① ئىكەن ، قىلدىلەر مېنى ھەككاك② » .

دەپ يازغىنىدەك ، ئۇنىڭ ھاياتى زاماننىڭ ئادالەتسىزلىكى ، تەڭسىزلىكى ، ھىيلىگەر ، كاززاپلىققا قارشى تىك تۇرغان ھايات . شۇڭا ، ئۇ پۈتكۈل ئۆمرىنى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىلىم - پەن ، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ، قالاق ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىشكە سەرپ قىلىپلا قالماستىن ، شۇنداقلا قەلەمنىڭ جەڭگىۋار كۈچىدىن پايدىلىنىپ ، ئىجتىمائىي تېمىلاردا ھەر خىل شېئىرلارنى يېزىپ ، زاماننى قاماپ ، ئۆز چاغلىدا تۇ- تۇپ تۇرغان جاھالەتچىلىك ، مۇستەبىتلىككە ، قالاقلىققا ، نادانلىققا ، مۇتەئەسسىپلىك ، جاھىللىققا ، ئادالەتسىزلىك ، تەڭ- سىزلىككە ۋە كىشىلىك ئەخلاققا زىت بولغان ھەر خىل بولمىغۇر قىلىقلارغا شىددەتلىك ئوت ئاچتى . ئۇ ، بىر مەسنەۋىسىدە ئۆزى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە پۇلنىڭ جانىدىنمۇ ئەزىز ، قەدىرلىك بولۇپ كەتكەنلىكىنى ، پۇلنىڭ قەدىرلىكلىكى تۈپەيلى- دىن دوست - بۇرادەر ، ئۇرۇق - تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدىكى ۋاپادارلىق كۆرسىتىپ ، بىر - بىرىگە كۆيۈنۈشتەك قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ياتلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى ، ھەتتا بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ ، ئاخىر بىر - بىرىگە ئورا كولاشتەك دۈشمەنلىك كەيپىياتىغا ئايلانغانلىقىنى پاش قىلىپ ، زاماننىڭ بۇزۇقچىلىقىغا نەپرەت ئوقۇيدۇ :

« ئەجەب زامان بولۇبدۇر ، پۇل ئەزىز ئىكەن جانىدىن ،
ۋاپانى تەمەئ قىلما ، دوست - بۇرادەر ، تۇغقانىدىن .

① زادبۇد ـــ مال - مۈلۈك ، يۇرت ، ۋەتەن .
② ھەككاك ـــ تاش كېسىدىغان پىچاق .

ئىشەنمىگىل دوستىڭگە، سامان تىقار پوستىڭگە،
زاھىرىدۇر ئەسەلدەك، قاپقان قويار ئاستىڭگە».

پۇل ـــ ماركسنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، گەرچە تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ـ مۇناسىۋەتنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ قالغاندا، ھەرقانداق شەكىلدىكى پەردە ـ توساقلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئاقنى قارىغا، قارىنى ئاققا، ئاجىزنى كۈچلۈككە، كۈچلۈكنى ئاجىزغا، مەغلۇبنى غالىبقا، غالىبنى مەغلۇبقا ئايلاندۇرالايدۇ. مانا بۇ، پۇل ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي كارتىنىسىدۇر.

شائىر ئابدۇرېھىم ھاجى ئەينى جەمئىيەتتىكى ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلانغان «پۇل بولسىلا ھەممە بولىدۇ» دەيدىغان كىشىلىك ئەخلاققا زىت بۇ خىل چىرىك ئىدىيىنىڭ ئىنسانلارنى زەھەرلەپ باغرى قاتتىق، تاش يۈرەكلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ كىشىلەرنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىغىمۇ سىڭىپ كىرىپ، نۇرغۇن بەختلىك ئائىلىلەرنى ۋەيران قىلىپ تاشلىغانلىقىدەك جىنايى قىلمىشىنى بىر ئائىلە باشلىقىنىڭ ئاغزىدىن بېرىش ئارقىلىقمۇنداق پاش قىلىدۇ:

«بىر ئۆيىنىڭ دەردىدە بولۇبدۇرمەن دۇنتاپ ①،
خوتۇن ئېيتىدۇ گۆش ـ ياغ بىلەن ئۇن تاپ.
قېينانام ئېيتىدۇ تاپمىسىڭىز قىزىمنى قوياڭ دەپ،
خالايىق ئېيتىدۇ خوتۇن ئالغانغا توياڭ دەپ.
ئەگرى نوغۇچ ئاشتاختىدا تاراقلايدۇ،
ئەسكى خوتۇن ئۇن تۈگىسە ۋالاقلايدۇ».

---

① دۇنتاپ ـــ ئېتىبارسىز، تۆۋەن

1933 ـ يىلىنىڭ بېشىدا تۆمۈر ئېلى (تۆمۈر سىجاڭ) باشچىلىقىدىكى قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ جەنۇبقا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنى كۇچا، ئاقسۇنى ئېلىپ قەشقەرگە يۈرۈش قىلغاندا، قەشقەر ۋالىيسى ما شاۋۋۇ (ملىلتى خۇيزۇ بولۇپ، ما دوتەي دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قوزغىلاڭچىلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، يەرلىكلەردىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، مەجبۇرىي ھالدا ئىككى قېتىم 2000 دەك ئەسكەر ئالىدۇ ھەمدە بۇلارنى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ.

1934 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ما جۇڭيىڭنىڭ قەشقەرگە ئالدىن يېتىپ كەلگەن ما جەنساڭ («مازىخۇي»، «چولاق زىخۇي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قىسىملىرى ۋە ما فۇيەن قىسىملىرى بىلەن خوجىنىياز ھاجى قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدا قەشقەرنى تالىشىش ئۇرۇشى يۈز بېرىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى ئاجىز كەلگەنلىكتىن، ۋاقتىنچە ئاتۇشقا چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. پۇرسەتتىن پايدىلانغان ما جەنساڭ، ما فۇيەن قىسىملىرى قەشقەرگە باستۇرۇپ كىرىپ خەلقنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ 4000 دىن ئارتۇق ئادەمنى بىھۇدە ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بۇ ۋەقە قەشقەر تارىخىدا «تۇنگان يېغىلىقى» دەپ ئاتىلىدۇ. مانا بۇ ۋەقەلەردىن قاتتىق غەزەپلەنگەن ۋە قاتىللىقنى بىلمەستىن خەت يېزىپ بېرىش تۈپەيلىدىن يىگىشەھەر تۈرمىسىگە قامىلىپ، كۆپ ئازاب ـ ئوقۇبەت تارتقان ئابدۇرېھىم ھاجى ئۆز نارازىلىقىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

« پەيلىمىز بىھەد① يامان، زۇلۇم ئەھلىگە ئۇچرىدۇق،
دەرگاھىڭدە ئاسىي بىز تۇنگانىلەرگە ئۇچرىدۇق.

---

① بىھەد ــ ھەددىدىن ئارتۇق، چەكسىز.

دىنىمىز ئىسلام دەپ قىلغانىمىز ئەينى خاتا،
بولمىدۇق ئەگاھ ۋەلى بەدكارىلەرگە① ئۇچرىدۇق.
پۇلنى ئالدى، مالنى ئالدى ھەم يەنە جاننى تېخى،
ئەدلىگە ئالدى خۇدا خۇنخارىلەرگە② ئۇچرىدۇق.
ئەسكەر ئالدۇق دەپ يىگىتلەر ئەھلىنى قىلدى ھالاك،
ئەھلى دىندىن ئايرىلىپ بەتدىنلەرگە ئۇچرىدۇق.
بەزىنىڭ چەشمى پۇرئاب③، بەزىنىڭ جىگىرى كاباب،
قىلمىدۇق شۇكرى خۇدا، ئاچ بۆرىلەرگە ئۇچرىدۇق.
ئى خۇدايا رەھمە قىلىپ ئەيلە بۇ بەتبەختىن ئامان،
مىسلىسىز مانەندى④ ياۋ يەئجۇجىلەرگە ئۇچرىدۇق».

ئابدۇرېھىم ھاجى شېئىرلىرىدا جەمئىيەتتىكى قالاق ئىللەتلەرنى، ئىجتىمائىي تۈزۈمدىكى چىرىكلىكنى پاش قىلىدىغان كۆرەشچانلىق روھى يۇقىرى، ئىلغار مەزمۇندىكى ئەسەرلەر ئا... ساسىي سالماقنى ئىگىلەپلا قالماستىن، شۇنداقلا كىشىلەرنى... ئەدەپ - ئەخلاق، ئىلىم - مەرىپەتكە ئۈندەيدىغان تەربىيۋى... ئەھمىيىتى كۈچلۈك ئەسەرلەرمۇ مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ... مەسىلەن:

« قەترە - قەترە سۇ قوشۇلسا، يىغىلىپ دەريا بولۇر،
بىر ئېغىز، ئىككى ئېغىز ئوقۇپ كىشى موللا بولۇر».

مانا بۇ شېئىرىدا شائىر ئىلىم ھاسىل قىلىشنىڭ جەريانىنى...

---

① بەدكار — ئەخلاقسىز، يامان ئىش قىلغۇچى.
② خۇنخار — قانخور، قان ئىچكۈچى.
③ چەشمى پۇرئاب — بۇلاق سۇيىدەك تاشماق، قايىنماق. كۆچمە مەنىسى — كۆ...
يېشى قىلماق.
④ مانەند — ئوخشاش، كەبى، ئەينى.

دەريانىڭ ھاسىل بولۇش جەريانىغا سىڭىشتۇرما قىلغان ئاساستا ئوبرازلىق چۈشەندۇرۇش ئارقىلىق، كىشىلەرنى ئوقۇپ بىلىم ئىگىلەشكە دەۋەت قىلسا؛ تۆۋەندىكى شېئىرىدا ياخشىلىقنىڭ مۇھىم بىر ئىنسانىي پەزىلەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، كىشىلەرنى ياخشىلىق قىلىشقا، بىر - بىرىگە كۆيۈنۈشكە ئۈندەيدۇ:

«ياخشىلىق قىلغانغا ياخشىلىق قىلغان ھەر كىشىنىڭ ئىشى،
يامانلىق قىلغانغا ياخشىلىق قىلغان ئەر كىشىنىڭ ئىشى».

چوڭلارنى ھۆرمەتلەش — پېشقەدەملەرنىڭ جەمئىيەت ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى ۋە ئەمگىكىنى قەدىرلەشنىڭ ئىپادىسى بولۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا كىشىلىك ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىدۇر. شائىر ئابدۇرېھىم ھاجى ئۆز شېئىرىدا بۇ مەسىلىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، خەلقىمىزدىن مىللىتىمىزنىڭ بۇ ياخشى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىشنى، ئۇنى ئەبەدىي داۋاملاشتۇرۇشنى قىزغىن ئۈمىد قىلىدۇ:

« ئى بۇرادەر بىر گېپىم بار يېقىن كېلىپراق بېرى تۇر،
پېشقەدەمنى كۆرگىنىڭدە قولۇڭنى باغلاپ ئۆرە تۇر ».

شائىر ئابدۇرېھىم ھاجى ئىجادىيەت ئۇسلۇبىدا XVIII ئەسىردە ئۆتكەن تالانتلىق شائىر ئەخمەتشاھ قاراقاشىنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلغان بولۇپ، ئۇ ئەخمەتشاھ قاراقاشىنىڭ تەسىرىدە ھەجۋىيگە ئۇستا، قىزىقچى بولۇپ يېتىشكەن. ھازىر قەشقەر شەھەر يارباغ كوچا باشقارما بۇلاقبېشى ئاھالىلەر كومىتېتىدا ئولتۇرۇشلۇق ئوغلى مەمتىمىن قارىمنىڭ سۆزلەپ بېرىشىدىن قارىغاندا، ئابدۇرېھىم ھاجى ئەخمەتشاھ قاراقاشىنىڭ « ئات ھەققىدە مۇخەممەس » نى ساز بىلەن تولا ئوقۇيدىكەن. بۇ مۇخەممەسنىڭ ئەينى تې-

ئۆزىكىستى مەمىتتىمىن قارىمغىمۇ ياد بولۇپ كەتكەن ئىكەن. ئۇ زامانىسىدىكى بەزمە، باراۋەت، ئولتۇرۇشلار ھاجىمسىز قىزىماي دىكەن. بىز ئۇنىڭ ئولتۇرۇشلاردا توقۇغان تۆۋەندىكى قىزىق پاراڭلىرىدىن ھەجۋىي قىلىش قابىلىيىتىنىڭ ئارتۇق، ھازىر جاۋاب، قىزىقچى، سۆزمەن كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

ھاجىم بىر كۈنى سورۇنغا بېرىپتۇ. بىراق، سورۇن خېلى ئۇزاقىچە جىمجىتلىق ئىچىدە ئۆتۈپتۇ، ئارىدىن بىرەيلەن بۇ جىمجىتلىقنى بۇزماقچى بولۇپ، «گەپ قىلىشقاچ ئولتۇرايلى» دېگەن تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. بۇ سورۇندا بىر قارىم «ساراڭ» لەقىمى بار بىر كىشى، ئالاباش ۋە ئالاگەردەن يەنە بىر كىشى بار ئىكەن. ئۇچەيلەن بېشىنى بىر يەرگە قىلىپ، ئازراق كۇسۇرلىشىۋالغاندىن كېيىن، «ساراڭ» لەقىمى بار ئادەم سۆز باشلاپتۇ:

— ئانداق بولسا مەن بىر سوئال قوياي، ئادەمنىڭ ئەسكىسى قانداق بولىدۇ؟

قارىم بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىپ:

— توخۇنىڭ ئەسكىسى لوڭ بولىدۇ، تاۋۇزنىڭ ئەسكىسى توڭ بولىدۇ، ئادەمنىڭ ئەسكىسى چوڭ بولىدۇ، — دەپ سۆزنى يۇرتقا يۈزبېشى بولغان ھاجىمنىڭ ئاتىسى چوڭ ئاخۇنھاجىمغا قارىتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ھاجىم ئارقا-ئارقىدىن:

— يۇلغۇننىڭ ئەگرىسى ئارا بولىدۇ، ئۇچەيىنىڭ ئەسكىسى تارا بولىدۇ، ئادەمنىڭ ئەسكىسى قارىي بولىدۇ؛ ئۆيىنىڭ ئەسكىسى چەللىباراڭ بولىدۇ، ئاۋازنىڭ ئەسكىسى تاراڭ-تۇرۇڭ بولىدۇ، ئادەمنىڭ ئەسكىسى ساراڭ بولىدۇ؛ پاختىنىڭ ئەسكىسى ماز بولىدۇ، قۇشنىڭ ئەسكىسى غاز بولىدۇ، ئادەمنىڭ ئەسكىسى تاز بولىدۇ، — دەپ رەددىيە بېرىپ، ئۇچەيلەننى جىم ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ.

ئابدۇرېھىم ھاجى 1941 ـ يىلى ئاقسۇدىن قايتىپ كېلىشىدە بىر ئات ئالغاچ كەلگەن ئىكەن. ئاتنى كۆرگەن بىر ھاجى ئۇنىڭغا خۇشتار بولۇپ ئېشىكى بىلەن تېگىشىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ ھەمدە ئېشەك ئۈستىدىن 1000 سەر قەغەز پۇل قوشۇپ بەرمەكچى بوپتۇ. ئابدۇرېھىم ھاجى ئۇ ھاجىمنىڭ يۈزىگە كېلەلمەي، تېگىشىپ بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ. ھاجىم پۇلنى بېرىشتە پارچە ـ پۇرات قىلىپ بېرىشكە باشلاپتۇ. ھاجىمنىڭ 100 سەر دەپ بەرگەن پۇلى ھەم كەم، ھەم چاپلىغان ئىككى باش پۇللار ئىكەن. ئابدۇرېھىم ھاجى ئۇ ھاجىمنى ئىزا تارتمىسۇن دەپ ئالتە قېتىم پۇل بەرگۈچە گەپ قىلماپتۇ. قارىماي ۋە سانىماي ئېلىپ، دۇكاندارلار ئالدىدا كۆپ خىجىللىق ۋە ئىزا ـ ئاھانەتكە قالغان ئابدۇرېھىم ھاجى يەتتىنچى قېتىم بېرىلگەن پۇلنىڭمۇ ئالدىنقى قېتىمدىكىدەك ئۆتمەس پۇل ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ھاجىمنىڭ ساختا ۋە مەككارلىقىغا قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ، تۆت ئېغىز گەپ قىلىۋېلىش نىيىتىدە تۆۋەندىكى قوشاقنى توقۇپ، خەت بىلەن ھاجىمغا ئەۋەتىپ بېرىپتۇ:

«ئىسمىنى قىلماي بايان ھاجى ھەرەم ئالىيجاناب،
قامىتى تاغدىن ئېگىز، يۈزى قىزىل ئول ماھتاب ①.
مەن بىلەن سودا قىلىپ قالغان ئىدى بىر قىسمى پۇل،
بەرمەيىن كەتتى خوتەن دۇنياپەرەسلىكتىن شتاب ②.
بەزىلەرنى كۆلدۈرۈپ، بەزىلەرنى كۆيدۈرۈپ،
ئالتە ئاي مىقدارىدا كەلدى يەنە ھىرسى قىزراپ.
شۇندا ھەم قىلسام تەلەپ بەردى ماڭا بىر دۆۋە پۇل،
ھەر توپى سەكسەنۇتوقسان نەزدىدە يۈز سەر ھېساب.

---

① ماھتاب ــ تايدەك، ئاي يۈزلۈك

② شتاب ــ ئالدىرىماق، ھولۇقماق.

كىمگە بەرسەم قايتۇرار ھەم ئىككى باش كەم چىقتىدەپ
نەچچە يىللاردىن بېرى يىغقان ئىكەن ماگا ئاتاپ .
ئۆزى توقنىڭ كۆزى توق ، دىلىدا كىتمانى ① يوق ،
باز② يەنە بولسا بىرى ئالەم ھەممە بولغاي خاراب » .

ھېلىقى ھاجىم بۇ خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن ، يۇرت
ئىچىدە ئىزا ـ ئاھانەتكە قېلىپ ، يۇرتنى تاشلاپ چىقىپ
كېتىشكە مەجبۇر بولغان ئىكەن .

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، ئابدۇرېھىم ھاجى ھاياتىنىڭ
ئەھمىيىتىنى چۈشىنىپ ئاگلىق ياشىغان ، ئىنسانىيەتكە بايلىق
يارىتىش ، تۆھپە قوشۇش ئارقىلىق مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشكىلى
بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ۋە چەكلىك ھاياتىنى خەلقىمىزنىڭ
مەدەنىيەت ـ مائارىپ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ، ئەدەبىيات ـ
سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە سەرپ قىلىپ ، بۇ جەھەتتە
زور تۆھپىلەرنى قوشقان تالانتلىق ئالىم بولۇپ ، ئۇنىڭ مەدە-
نىيەت ـ مائارىپ ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ، يېزا ئىگىلىك
ئىشلىرىمىز ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرى مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ .

1988 ـ يىل ، 6 ـ ئاي

① كىتمان ــ يوشۇرۇش ، پاش قىلماسلىق .
② باز ــ ئۇيىنغۇچى ، ئويناتقۇچى دېگەن مەنىدىكى پارسچە سۆز بولۇپ ، بۇ يەردە ھىيلىگەر ، ئادەمنى ئەخمەق قىلغۇچى مەنىسىدە كەلگەن .

# قېزىلىش ئارقىلىق كۆندىن - كۈنگە بېيىۋاتقان ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى

## — شائىر ئەمىر نۇرئەھمەتخان خوتەنى توغرىسىدا ئىزدىنىش

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى ئۆزىگە تېما قىلغان مول مەزمۇنلۇق، كۆپ خىل شەكىلگە ئىگە ناھايىتى باي ئەدەبىيات. بۇ ئەدەبىيات كلاسسىك ئەدەبىيات ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن سىياسىي، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر «مۇئەييەن جەمئىيەت سىياسىيسى ۋە ئىقتىسادىنىڭ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ئىنكاسى» بولغان بۇ ئەدەبىياتقىمۇ بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى؛ ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ تۈرتكىسىدە مەزمۇندىن تارتىپ شەكىلگە قەدەر زور دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىنىپ، دەۋر تەلىپىگە لايىقلاشقان، كۈرەشچانلىقى يۇقىرى، جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك، دېموكراتىك خاراكتېردىكى ئىلغار ئەدەبىياتقا ئايلاندى.

شىنخەي ئىنقىلابىدىن تارتىپ تاكى «ئاپرېل
ئۆزگىرىشى» گىچە بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭدا بولۇپ ئۆتكەن بىر
قاتار زور ۋەقەلەر، بولۇپمۇ دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ياڭ زېڭشىنىڭ
مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە، يەرلىك ئەمەلدارلارغا قارشى ئېلىپ
بارغان ئىنقىلابىي كۈرەشلىرى بۇ ئەدەبىياتنى ئىنقىلابىي مەزمۇن
بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇ دەۋردىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ياكى
يازما ئەدەبىيات ئەسەرلىرى بولسۇن، كلاسسىك ئەدەبىياتتىكىدەك
ئەنئەنىۋى سيۇژىتلاردىن پايدىلىنىپ، چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى
تەسۋىرلەش ئارقىلىق فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى
ۋاستىلىك ھالدا پاش قىلمىدى ياكى ئەدەپ - ئەخلاق
تېمىسىدىن پايدىلىنىپ دىداكتىكىنى تەرغىب قىلىش ئارقىلىق
فېئودال ھۆكۈمرانلارنى ئەدلۇئادالەت، ئىنساپ، دىيانەتكە
چاقىرىش يولىنىمۇ تۇتمىدى، بەلكى ئىجتىمائىي رېئاللىققا توغ-
رىدىن - توغرا يۈزلىنىپ، فەنتەي (ئۆلكە باشلىقى)، تىتەي
(ھەربىي باشلىق)، شەتەي (گارنىزون قوماندانى)، دارىن
(ئەمەلدار)، دوتەي (ۋىلايەت باشلىقى)، شەنگەن (ناھىيە
باشلىقى)، زۇڭبەن (بەگلەر بېگى)، چېڭبەن (بازار بېگى)
دېگەنگە ئوخشاش ئەمەلدارلار ۋە ئۇلارنى ئارقا تېرەك قىلغان
ۋاڭ - گۇڭ، ھېكىمبەگ، بوجاڭ قاتارلىق يەرلىك فېئودال
مۇشتۇمزورلارنىڭ؛ خەلقنى جاھالەت، نادانلىقتا تۇتۇشتا ئەكسـ
يەتچىلەرگە يانتاياق بولغۇچى بىر قىسىم قازى، مۇپتى، ئەلەم
ئىشان، موللا، ئاخۇنلارنىڭ مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇملىرىنى
خەلق ئاممىسىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتىكى قۇۋلۇق -
شۇملۇقلىرى بىلەن زورلۇق - زومبۇلۇقلىرىنى، بولۇپمۇ ياڭ
زېڭشىن، جىڭ شۇرېنلارنىڭ خەلق ئاممىسىنى قۇللۇق، نادانلىقتا
تۇتۇش يولىدىكى ھىيلىگەرلىك، ساختىپەزلىكلىرى بىلەن دېھ-
قانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشتىكى جىنايى قىلمىشلىرىنى

كەسكىن پاش قىلدى. خەلق ئاممىسىنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىككە بولغان تەلپۈنۈشلىرىنى، دېھقانلار قوزغىلىڭىغا بولغان ھېسداشلىق تۇيغۇلىرىنى، خەلق قەھرىمانلىرىغا بولغان مەدھىيىلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى.

ئۇنىڭدىن باشقا، 1896 - يىلدىن 1911 - يىلغىچە تۈركىيىدە بولۇپ ئۆتكەن بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى ۋە ئىلىم - پەن بىلەن ئىسلام ئەقىدىلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدىكى جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش مەزمۇن قىلىنغان جەدىتلىك ھەرىكەتلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا، جۈملىدىن شىنجاڭغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. بۇ يىللاردا مەرىپەتپەرۋەر بايلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىشى بىلەن تۈركىيە ۋە قازاندىن كەلگەن بىر قىسىم تۈرك ھەم تاتار زىيالىيلىرىدىن باشقا، مىسىر، قازان، ئىستانبۇلدا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىمۇ ئارقا - ئارقىدىن شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، كونا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ، يېڭىچە مەكتەپلەرگە ئۆزگەرتىشكە؛ يېڭىدىن يېڭىچە مەكتەپلەرنى قۇرۇپ، خەلققە يېڭى پەننى بىلىملەرنى تارقىتىپ، ئۇلارنىڭ يېڭىچە ئاڭ سەۋىيىسىنى تىكلەشكە؛ نەشرىيات قۇرۇپ، ئىلغار گېزىت - ژۇرناللارنى نەشر قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە تىرىشىپلا قالماستىن، شۇنداقلا خەلق ئاممىسىنى تەشكىللەپ ئۇيۇشتۇرۇپ، جاھانگىرلار بىلەن تىغمۇتىغ كۈرەش قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تاجاۋۇزچىلىقىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. بۇ ھال ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى خۇراپاتلىق، مۇتەئەسسىپلىكنىڭ قاتمۇقات ئارغامچىلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ دۇنياغا يېڭى نەزەر بىلەن قاراشقا، قالاقلىقتىن قۇتۇلۇپ، تەرەققىياتقا ئىنتىلىپ، پەن - تېخنىكا ئۆگىنىشكە، تەرەققىي

قىلغان ئەللەرنى ئۈلگە قىلىشقا ، ئىتتىپاق - ئىناق بولۇ
بىرلىكتە ئالغا بېسىشقا ، ئادالەتسىزلىك ، تەڭسىزلىكنى يوقىت
ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېڭى مەزمۇنلار بىلەن تەمىنلىگەندىن تاشقىرى
ئەدەبىياتىنىڭ خەلقچىللىق ۋە دېموكراتىك ئىدىيىسىنى يەنىمۇ
بالداق يۇقىرى كۆتۈردى .

1917 - يىلى رۇسىيىدە غەلىبىگە ئېرىشكەن ئۆكتە
سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىن
ئىسلاھ قىلىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىنىشىغا بىر سەۋەب بولد
ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىغا ك
قوشقان بىر قىسىم ئەدىبلەر ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى قل
نورماللاشقان جۇڭگو - سوۋېت سودا مۇناسىۋىتىنىڭ ئۇزلۇك
تەرەققىياتى ۋە بۇ مۇناسىۋەتنىڭ تورتكىسىدە ۋۇجۇدقا كەلگە
مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئۇزلۇكسىز كېڭىيىشى ئا
قىسىدا ، ماركسىزم - لېنىنىزم كلاسسىكلىرىنى ۋە ئۇلارنى
ئەسەرلىرىنى ؛ شۇنداقلا رۇس ۋە سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ ۋەك
لىرىدىن تولستوي ، پۇشكىن ، لېرمونتوۋ ، گوگول ، شىدرى
چېخوپ ، ماكسىم گوركىي ، ماياكوۋسكىي ، هادى تاقتاش ، ئ
دۇللا توقاي ، هەمزە هېكىمزادە ، ئابدۇللا قادىرى ، ئۆم
مۇهەممەدى ، نۇر ئىسرائىل ، تۇردى هەسەن ، ئابلەي مۇهەم
دى ، ئىسمائىل ساتتار قاتارلىقلارنى بىلدى . ئۇلارنىڭ ئەسەرلى
بىلەن تونۇشۇش ئارقىلىق يېڭى ئىدىيە ، يېڭى ئۇسلۇب ، يېڭ
شەكىللەرنى ئۆز ئەدەبىياتىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ماسلاشتۇرغ
هالدا قوبۇل قىلىپ ، ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى ه
تەرەپلىمە بېيىتتى .

شۇنداقتىمۇ ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا ئەزەلد
داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىلەرمۇ ئۇزۇلۇپ قالمىدى . بىر قىس
ئەدىبلەر كلاسسىك ئەدەبىيات ئەنئەنىسىگە ئۇزلۇكسىز ۋارىسل

قىلىپ، ئۇنى ئۆزىگە خاس يول بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. يېقىنقى ۋاقىتتا قېزىلىش ئارقىلىق مەلۇم بولغان موللا ھېيت، موللا ھوشۇر، موللا توختى، ئەھمىدى، داموللا ئابدۇلۋاھىت، ناسۇھا ئىمىن، داموللا رازى، ئابدۇللا ھافىز، ئىبراھىم نورۇز، مەھەممەت قاسىم قاراقاشى، ساۋۇت ئابدۇلباقى، زۇنۇنى، نىزامى، ئىسكەندەر شەۋقى، مەھەممەت ئېلى، ئابدۇللا فىراقى، ئابدۇراخمان شادى ... قاتارلىقلار ئەنە شۇ ۋارىسلىق قىلغۇچىلارنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدۇر. ئۇلار ئۆزى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىتتا نۇرغۇن ئەمەلىي مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا كۆپ كۈچ كۆرسەتتى. لېكىن، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا دادىللىق بىلەن چوڭقۇر شۇڭغۇپ كىرىپ، خەلقنى تەربىيىلەپ ئىنتىپاقلاشتۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان، خەلقنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا ئىلھام بېرىدىغان ئىلغار مەزمۇندىكى ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۇنى خەلق ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىغا روھىي ئوزۇق يەتكۈزۈپ بېرەلمىدى. ئۇلار پەقەت ئىجتىمائىي رېئاللىقتىكى ئۆزى دۇچ كەلگەن ئادالەتسىزلىك، تەڭسىزلىك، مىللىي، سىنىپىي زۇلۇم، ئېكسپىلاتاتسىيە قاتارلىق زور مەسىلىلەرگە تەنقىدىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن قاراش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ، يا پاش قىلدى، ياكى شەرىئەت ھۆكمىنى سېلىشتۇرما قىلغان ھالدا پەند - نەسىھەتچىلىك يولى بىلەن تۈزىتىشكە ئۇرۇندى ۋەياكى ئىجتىمائىي رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئىنسانىي مۇھەببەتنى كۈيلەشتىن ئىبارەت بۇ ئەنئەنىۋى تېمىدىن يىراقلاپ كېتەلمىدى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى پەقەت قولىيازما ھالەتتە ئۆز ئىشكاپىدا ياكى ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يار، بۇرادەرلىرىنىڭ قولىدا ساقلىنىپ قالغانلىقتىن، نام - شۆھرەتلىرىمۇ يېيىلماي، خەلق ئارىسىدا كۆمۈلۈپ قالدى. ئەمىر

نۇرئەخمەتخان خوتەنى ئەنە شۇلارنىڭ بىرىدۇر.
ئەمىر نۇرئەخمەتخان خوتەنى ھىجرىيە 1329 ـ يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەلنىڭ 12 ـ كۈنى دۈشەنبە (مىلادىيە 1911 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى) خوتەننىڭ قاراقاش ناھىيىسىدىكى ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن، باشلانغۇچ مەلۇماتنى قاراقاش مەدرىسەلىرىدە ئالغاندىن كېيىن، ھىجرىيە 1344 ـ يىلى (مىلادىيە 1925 ـ، 1926 ـ يىللىرى) قەشقەرگە كېلىپ، خانلىق مەدرىسەنىڭ مۇدەررىسلىرىدىن بىرى، قەشقەرنىڭ قازىكالانى ھاممەخدۇمنىڭ ئوغلى ئەھمەد قارىي كاشغەرىدە ئوقۇغان ۋە بىر مەزگىل ئۇنىڭ ھوزۇرىدا بولغان.
ھەممىمىزگە مەلۇم، XIX ۋە XX ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە «سانى بۇخارا» (ئىككىنچى بۇخارا) دەپ نام ئالغان قەشقەر ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ جەھەتتىكى تەرەققىياتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى، ئالىملىرىنىڭ كۆپ ۋە كۆچلۈكلۈكى، ئادەملىرىنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىكى بىلەن داڭ چىقارغان ئىدى. شائىر تەجەللىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «ھەربىر باشقا يۇرتتا مىڭ كىشىدەك، كاشغەر ھېسابىدا بىر كىشىدىن بىلىندىغان، ھەر دوقمۇشتىكى سەپ ـ سەپ بولۇپ تۇرغان ئالىملىرى ۋە مىڭلاپ ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلىرى بىلەن لىق تولغان بۇ كاشغەرنى كۆرگەن كىشى ئۇچۇن ئىلىم تەلەپ قىلىپ ئەتراپتىكى جايلارغا سەپەر قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. چۈنكى، بۇ مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى مەدەنىيەت، ئىلىم ـ ئىرپاننىڭ ئەڭ ياخشى ئورنى بولغان كاشغەر كىتابى ئىچىدە تېپىلاتتى». شۇڭا، قۇمۇل، تۇرپان، چەرچەن، چاقىلىق، خوتەن، قاغىلىق، يەكەن، كۇچا، ئاقسۇ قاتارلىق يىراق يۇرتلاردىكى ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار بۇرۇنقىدەك بۇخارا ياكى دېھلىغا بارماي، بەلكى ئۇدۇل قەشقەرگە كېلەتتى.

ئەمىر نۇرئەخمەتخان خوتەنى قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر تىلىنى، پارس تىلىنى، ئەرەب تىلىنىڭ سەرپ ـ نەھۋىلىرىنى، تەجۋىد قائىدىسىنى، ئىلمى مەنتىق، پاساھەتنى، ئىلمى فىقھە، ئىلمى شەرئى، ئىلمى ھال، ئىلمى قال، خۇش خەتنى بېرىلىپ ياخشى ئۆگىنىپلا قالماستىن، ھافىز، ھۇۋەيدا، فۇزۇلى، سوپى ئاللايار، ناۋائىي، جامىي، مەشرەپ قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، ئۇلاردىن ئېستېتىكىلىق زوق ئالدى. ئۆزىمۇ ھىجرىيە 1348 ـ يىلى (مىلادىيە 1929 ـ، 1930 ـ يىللىرى) دىن باشلاپ يېزىشقا باشلىدى. ئەدەبىيات مەيدانىغا ئوتتەك قىزغىن ھېسسىيات بىلەن شوخ تايچاقتەك بۆسۈپ كىرىۋاتقان بۇ ياش شائىرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بىر خىل يوشۇرۇن كۈچ، جاسارەتنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ئەھمەد قارىي كاشىغەرى ئۆز تالىپىغا چوڭ ئۈمىد باغلاپ، ئۇنىڭغا ھەر جەھەتتىن يار ـ يۆلەك بولدى. ئۇستازىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى خالىسانە ياردىمىدىن قانغۇدەك ئوزۇقلانغان شائىر ئەمىر نۇرئەخمەتخان خوتەنى ئۆز ئىجادىيىتىنى قىزغىنلىق بىلەن داۋاملاشتۇردى.

ئىلى ۋىلايىتىدىكە قاراشلىق كۈنەس ناھىيە قاراسۇ يېزا مەسچىتىنىڭ ئىمامى نىياز قارىم ساقلاپ كەلگەن 12 × 18 فورمات، 18 بەتلىك «ئەمىر نۇرئەخمەتخان خوتەنىنىڭ ئەسىردىن بىرئاز نىشانە» ناملىق قوليازما ئاپتورنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. كىتاب مۇقاۋىسىنىڭ ئاستىنقى قىسمىدىكى «ھامىد مەخدۇم ئوغلى ئەھمەد قارىي كاشىغەرىنىڭ ئېھتىماملىرى ئىلە كاشىغەر شەھرىدە يېزىلدى» دېگەن جۈملىلەر بىلەن كىتاب «ئىپتىدا» سىدىكى «بىر ھېكايەئى ھەيرەت، ئەفزا نىسبەتى ئىلە ھەزرىتى ئۇستاد قازىكالان ئاخۇنۇم مەدھىيەتىن تۈزمەك ۋە مەقدۇم سانى ئىلىپتاتىغە تەشەككۈر كىرگۈزمەك»

دېگەن جۈملىلەردىن قارىغاندا، بۇ كىتابنىڭ بارلىققا كېلىشى
تەشەببۇسچى بولغان ۋە ئۇنىڭغا ھىممەت، ياردەم قىلغ
كىشىنىڭ دەل «ئۇستاد قازىكالان» دەپ ھۆرمەت بىلەن تىل
ئېلىنغان ھامىد مەخدۇم ۋە ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئەھمەد قار
كاشىغەرى ئىكەنلىكىنى، ئاپتور ئەنە شۇ ئۇستازلىرىنى
ھىممىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بۇ كىتابنى يا
غانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.
كىتابتا تەسۋىرلەنگەن مەزمۇنلار شائىرنىڭ ئۆز بېشىدى
كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن بىۋاستە باغلىقتۇر. «ئ
تىدا» (باشلىنىش) ناملىق شېئىرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا
قەشقەرگە يېڭىدىن كېلىپ، مۇساپىرلىق غەم - قايغۇسى
چۆككەن شائىر قەشقەر ھېيتنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھەيرا
قالىدۇ. بولۇپمۇ ھېيتگاھ جامە دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىدىكى پەش
تاقتىن پەلەكنى ياڭرىتىپ ئۇرۇلۇۋاتقان ناغرا ساداسى بىلەن ب
ھېيتقا خۇشاللىق پەيزى بېغىشلاۋاتقان سۇناي ئاۋازى ۋە ئۇنىڭ
تەڭكەش قىلىپ جامە ئالدىدىكى كەڭ مەيداندا ساما ئويناۋاتقا
كەنتانلىق يۈسۈپكە ئوخشاش چىرايلىق ئوغۇللارنىڭ شوخ
چەبدەس ھەرىكەتلىرى، ئۇچىسىغا شايى - ئەتلەس، دۇردۇن
تاۋار، بېشىغا سۆسەر - كەمچەت تۇماق كىيگەن، قۇلىقىغا ئالتۇ
زىرە، ئالتۇن ھالقا، بىلىكىگە ئالتۇن بىلەزۈك، قوللىرىغا ئالتۇ
ئۈزۈكلەرنى سېلىشىپ، پەرىلەردەك ياسىنىشىۋالغان قا
كۆزلۈك، تاتلىق سۆزلۈك ھۆر قىزلارنىڭ نازاكەتلىك مېڭىش
تۇرۇشلىرى شائىردا خۇددى پەرىزاتلار ماكانىغا كېلىپ قالغاندە
ھېس - تۇيغۇنى شەكىللەندۈرىدۇ. شائىر ئەنە شۇ قىز
يىگىتلەرنىڭ ھەرىكىتىنى تاماشا قىلىپ تۇرغىنىدا، قاياقتىندۇ
قارىقاشلىق، قارا چاچلىق، كىرپىكلىرى پولات نەيزىدەك تال
تال كەلگەن، لەۋلىرى ئانار دانىسىدەك قىزىل، ئىككى مەڭز

بېھىشتەك ئوتلۇق، بەللىرى ئىنچىكە، قامىتى سۆۋادانىدەك تۈز، شۇنداق كېلىشكەن، خۇش چىراي بىر قىز ناز بىلەن ئويناپ ھېيتگاھقا قاراپ كېلىدۇ. قىز بىلەن شائىر دەل ھېيتگاھتا دوقۇرۇشقىنىدا، قىزنىڭ كىرپىكىدىن ئېتىلغان بىر ئوق شائىر-نىڭ كۆكرىكىگە خەنجەردەك قادىلىپ، ئۇنىڭ ئىختىيارىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالىدۇ. يۈرەك يارىسىدىن ئەس - ھوشىنى يو-قاتقان شائىر قىزنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ھېچنېمىدىن خەۋىرى بولمىغان بۇ قىز بىخارامان ھالدا كوچا - بازارلارنى ئارىلاپ، ھېيت تاماشاسىنى تۈگىتىپ، كەچتە ئۆيىگە قايتىدۇ. روزى ھېيتتىن قۇربان ھېيتقىچە ئارىلىقتىكى 70 كۈن جەريانىدا شائىر قىزنى پايلاپ، ئۇنىڭ ئىشىكىدىن نېرى كېتەلمەيدۇ. شائىرنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن گۇمانلانغان كوچا نازا-رەتچىسى ئۇنى بەتنىيەتلىكتە ئەيىبلەپ، قازىخانىغا ئېلىپ بارىدۇ. شائىر قازىخانىغا بارغاندىن كېيىن، يۈرەك سىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، قاتتىق جازاغا تارتىلىشىدىن بەك ئەندىشە قىلىغان بولسىمۇ، ئەمما قازىكالان ھامىد مەخدۇم بۇ مەسىلىگە كەڭچىلىك بىلەن قاراپ، ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىدۇ.

شائىر ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن مانا بۇ ۋەقەلەرنى ھېكايە قىلىش ئارقىلىق، ھامىد مەخدۇمنىڭ مەسىلىلەرگە ئەتراپلىق قارايدىغان، نەزەر دائىرىسى كەڭ، زېھنى ئۆتكۈر، پاراسەتلىك، ئادالەتپەرۋەر كىشى ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. شائىرنىڭ ھامىد مەخدۇمنى تەرىپلەپ مەدھىيە ئوقۇشى ۋە ئىككىنچى ئوغلى ئەھمەد قارىي كاشغەرىگە تەشەككۈر ئېيتىشى تاسادىپىي بولماي، بەلكى قولىيازمىنىڭ 15 - ، 16 - بەتلىرىدىكى ئىككى مۇۋەششەھ بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

بىرىنچى مۇۋەششەھ توققۇز بېيىت، 18 مىسرادىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدا يىگىتنىڭ قىزغا بولغان ئىشق -

مۇھەببىتى ئىزھار قىلىنىپ، قىزنىڭ جاۋاب بېرىشى ئىلتىجا قـ
ـىندۇ. بۇ مۇۋەششەھنىڭ ھەر بېيىتىنىڭ بىرىنچى مىسراسىد
بىرىنچى ھەرپىنى ئېلىپ، بىر - بىرىگە قوشقاندا، ئۇنىڭدى
«زۆھرە خېنىم» دېگەن ئىسىم كېلىپ چىقىدۇ.

ئىشق - مۇھەببەت مەزمۇن قىلىنغان ئىككىنچى مۇۋە
شەھمۇ ئوخشاشلا توققۇز بېيىت، 18 مىسرادىن تەركىب تاپق
بولۇپ، بۇ مۇۋەششەھنىڭ ھەربىر بېيىتىنىڭ بىرىنچى مىسرا
دىكى بىرىنچى ھەرپىنى ئېلىپ، بىر - بىرىگە قوشقاند
ئۇنىڭدىن «يەسىرەخېنىم» دېگەن ئىسىم كېلىپ چىقىدۇ. ئەم
مۇۋەششەھنىڭ ئاخىرىدىكى:

«ماڭا ئەدلى لۇتىپ ئىلە زەررەچە،
شاھىنشاھ، ساھىبقىرانىم خېنىم».

دېگەن ئىككى مىسرا ئارقىلىق يەسىرەخېنىمنى «شاھىنشاھ»
«ساھىبقىران» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ مەدھىيىلەپ، ئۇنىڭدى
ئادالەت، ھىممەت تەلەپ قىلىشى بۇ مۇۋەششەھنىڭ ئالدىنق
مۇۋەششەھدىن مەزمۇن ۋە ھېسسىيات جەھەتتە مەلۇم پەرقنى
بارلىقىنى كىشىگە ھېس قىلدۇرۇپلا قالماستىن، يەنە
يەسىرەخېنىم» شائىر مۇھەببەت ئىزھار قىلىۋاتقان قىز بولسا ك
رەك دېگەن تۇيغۇغىمۇ كەلتۈرىدۇ.

ئۇنداقتا، «زۆھرەخېنىم» كىم؟ «يەسىرەخېنىم» كىم
ئىككىلىسى شائىر مۇھەببەت ئىزھار قىلغان كىشىلەرمۇ؟ ياق! ب
كىشىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئىككى قىزغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىش
مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر بىر كىشى بىرلا ۋاقىتتا ئىككى قىزغا مۇ
ھەببەت ئىزھار قىلىدىكەن، ئۇنداقتا ئۇنى چىن ئىنسان
مۇھەببەت ئىگىسى ئەمەس، بەلكى ساختا مۇھەببەت ئىگىسى، د

يىش كىرەك. ھەر ئىككى مۇۋەششەھنى چوڭقۇر، ئەستايىدىل، ئىنچىكىلىك بىلەن مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگەندە، شائىرنىڭ مۇ-ھەببەت ئىزهار قىلغان كىشىسى «زۆھرەخېنىم» بولۇپ، «يەسىرەخېنىم» بولسا ئۇنىڭ ئانىسى (ئەھمەد قارىي كاشغەرى-نىڭ ئايالى) ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

قازىكالان ھامىد مەخدۇم نۇرئەخمەتخان خوتەننىڭ يۇرەك سىرىنى ئۇققاندىن كېيىن، ساۋابلىق ئىزدەپ نەۋرىسى زۆھرەخېنىمنى (ئەھمەد قارىي كاشغەرىنىڭ قىزىنى) ئۇنىڭغا بېرىشكە قوشۇلغان، ئەھمەد قارىي كاشغەرىنىمۇ ماقۇلغا كەل-تۈرگەن. بىراق، ئەھمەد قارىي كاشغەرىنىڭ ئايالى يەسىرەخېنىم نۇرئەخمەتخاننى مۇساپىر كۆرۈپ، قىزىنى بېرىشكە قوشۇلمىغان. شائىر نۇرئەخمەتخان يەسىرەخېنىمغا تەسىر ئۆتكۈزۈش مەقسىتىدە ئىككىنچى مۇۋەششەھنى يازغان. بۇ مۇ-ۋەششەھ يەسىرەخېنىمغا تەسىر قىلىپ ماقۇل بولغانمۇ، ياكى قازىكالان ھامىد مەخدۇم بىلەن ئوغلى ئەھمەد قارىي كاشغەرى ئۆز ھوقۇقىنى ئىشلىتىپ، بېسىم قىلغانمۇ؟ ئەيتاۋۇر شائىرنىڭ ئارزۇسى ئىشقا ئېشىپ، بۇ ئائىلىگە كۈيئوغۇل بولۇپ كىرگەن. مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى ھىجرىيە 1348 ـ يىلى (مىلادىيە 1929 ـ، 1930 ـ يىللىرى) ئەھمەد قارىي كاشغەرىنىڭ نەۋقىران بولۇپ يېتىلگەن بىر ئوغلى ۋاپات بولغان. ئائىلىدە بۇنىڭ مۇسىبىتى قاتتىق تۇتۇلۇپ، يىغا ـ زار كۆپ بولۇپ كەت-كەنلىكتىن، شائىر ئۇلارغا تەسەللى بېرىش يۈزىسىدىن ئەھمەد قارىي كاشغەرىنىڭ ئاغزىدىن بېرىلگەن «مەخدۇم مەسۇمنىڭ رىساسى، يەئنى ئاندەكى ساناسى بىلەن دۇئاسى ۋە سوكىدە كۆڭۈل تەپتىشدىن ئىزهارى، ئىزهارى ۋە ئام ئەرتىھالى تارىخى ئەشئارى» (پاك مەخسۇمنىڭ ئاغزىنا مەدھىيە بىلەن دۇئاسى. ئۇنىڭدىن كېيىن كۆڭۈل ئۇرغۇشىدىن ئىزهار بولۇپ، ۋە يەنە

ئىزھار بولۇپ، كۆپچىلىككە ئايان بولغان تارىخىي شېئىر
ناملىق مەرسىيەسىنى يېزىپ قالدۇرغان.
شائىر نۇرئەھمەتخان خوتەنىنىڭ ئىجتىھات بىلەن ئ
نىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت قايىنىمىدا غۇلاچ تاشلاۋاتقان ۋاقت
دەل 1931 - يىلى قۇمۇلدىن باشلانغان دېھقانلار قوزغىلىڭ
ئوت يالقۇنى پۈتكۈل شىنجاڭغا تۇتاشقان، تۇرپان، كۇ
قەشقەر، خوتەندىمۇ خەلق قوزغىلاڭلىرى ئارقا - ئارقى
پارتلاپ، جەڭ شۇرىنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە شىددەتل
ئوت ئېچىۋاتقان دەۋرگە توغرا كەلگەن. شائىر ھىجرىيە 351
يىلى شەۋۋال ئېيىدا (مىلادىيە 1932 - ، 1933 - يىللىرى
ئايدا) قەشقەردىكى ئوقۇشىنى تاشلاپ، ئۆز يۇرتى قاراقاشقا ق
تىپ، بۇ يەردىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ئاكتىپ قاتنىشى
خوتەن، يەكەندىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى تارمار قىلىشتا ز
كۈچ كۆرسەتكەن. كېيىن «ئەمىر ساھىب» (قوشۇن ئ
گىسى، قوشۇن باشلىقى) مەرتىۋىسىگە ئېرىشىپ، 500 ئەسكەر
باشچىلىق قىلىپ، خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قۇمۇ
دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە قەشقەر يېڭ
سارنى مۇداپىئە قىلىش جېڭىگە قاتناشقان. بىراق، بۇ مۇداپى
جېڭىدىن خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوشۇنلىرى يەكەنگە چېكىنى
كەتكەنلىكتىن، ئەمىر نۇرئەھمەتخان خوتەنى ما جۇڭيى
قوشۇنلىرى تەرىپىدىن يېڭىسار سېپىلى ئىچىدە قورشىلىپ ق
لىپ، 23 كۈن شىددەتلىك جەڭ قىلىپ، ھىجرىيە 1352
يىلى زۇلھەججەنىڭ 20 - كۈنى يەكشەنبە كۈنىدە (مىلادى
1933 - ، 1934 - يىل 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى) 23 يېشىدا پۈتكۈ
ئەسكەرلىرى بىلەن باتۇرلارچە قۇربان بولغان.
شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش لازىمكى، ئەمىر نۇر
ئەھمەتخان خوتەنىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى تالىنغان رېئا

ۋەقەلەرنى، ئۇنىڭدىن ئالغان تەسىراتىنى ئوبرازلىق تىل سەنئىتىدىن پايدىلىنىپ، كونكرېت، ئېنىق، روشەن، گۈزەل ھالەتتە، قايناق شېئىرىي ھېسسىيات ئاساسىدا يەكۈنلەپ، راۋان ئۇسلۇبتا تەسىرلىك قىلىپ ئىپادىلىگەنلىكىدەك يۇقىرى بەدىئىي ماھارىتى بىلەن كىشىنى تولىمۇ قىزىقتۇرۇپ، ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدىغان:

« ئەلھەمدۇلىللا ۋەل مۇنتەكە بۇدۇر يېگانە،
مۇھەببەت ئەسرارىدىن تولغان بىر خەزانە.
يەئنى ئەمىر ساھىب نۇرئەھمەتخان —
خوتەنىنىڭ ئەسرىدىن بىرئاز نىشانە ».

( بۇ، مۇھەببەت سىرى بىلەن تولغان يەككە - يېگانە بىر خەزىنە بولغانلىقى تۇپەيلىدىن ئاللاتائالاغا ھەمدۇسانا ئوقۇيمەن. بۇ، ئەمىر نۇرئەھمەتخان خوتەنىنىڭ [ مۇھەببەت سىرىنى ئاشكارا قىلىدىغان ] ئەسەرلىرىدىن بىرئاز نىشانەدۇر. )

دېگەندەك ئوخشاش شېئىرىي مىسرالار بىلەن كىتاب مۇقاۋىسىنى بېزەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى دىۋان ئىچىدىكى مەزمۇنلارغا جەلپ ئەتكۈدەك بەدىئىي كۈچ پەيدا قىلالىغانلىقى؛ شۇنداقلا قەلىمى خېلىلا پىشىپ يېتىلگەن شائىرلارلا قىلالايدىغان يىلنامىلەرنى ئەبجەد ھېسابى بىلەن ئىپادىلەپ ۋە ئۇنى شېئىرىي مىسرالارغا سىغدۇرۇپ، شېئىر ئىچىدە كۆرسىتىشتەك قىيىن سەنئەت شەكلىدىن ئەركىن پايدىلىنالىغانلىقى ئۇنىڭ شېئىرىي سەنئەت جەھەتتە خېلىلا پىشىپ يېتىلگەن تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن، 18 - بەتتىن كېيىنكى ۋاراقلىرى يوقالغان ئاشۇ كىچىككىنە تولۇقسىز قوليازما ① بىلەن چەكلەنمەسلىكى،

① ئەمىر نۇرئەھمەتخان خوتەنىنىڭ بۇ قولىيازمىسىدىكى ئەسەرلىرى « يېڭى قاشتېشى » ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىللىق 2 - سانىغا بېسىلغان.

يـەنـە باشقا ئەسەرلىرى بولۇشى مۇمكىن ، ئۇلارنى ئىزدەپ تېپىش ۋە ئەمـىـر نۇرئەھمەتخان خوتەنى ئۈستىدە سىستېمىلىق تەتقىقا ئېلىپ بېرىش ئالدىمىزدا قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى قـانـداقلا بولمىسۇن ، ئەمىر نۇرئەھمەتخان خوتەنى ئەسەرلىرىنى تـېـپـىـلـىشى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى خۇشاللىنىش تـېـگـىـشـلـىـك ئىش ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبـىـيـات خـەزىنىسىگە قوشۇلغان بايلىق . ئەمىر نۇرئەھمەتخان خـوتـەنـىـنـىـڭ نـامى ئەدەبىيات تارىخىمىزدىن تېگىشلىك ئورۇن ئېلىپ ، ئەۋلادمۇئەۋلاد يادلىنىدۇ .

1991 ـ يىل ، 7 ـ ئاي



# ئالىم ۋە ئەدىب مۇھەممەت فەيزى

كىشىلىك ھايات چەكلىك ، شۇڭا ئۇ قىممەتلىك ، بىراق ئۇنىڭ قىممىتى چەكلىكلىكىدىلا ئەمەس ، بەلكى مەزمۇنىدا . يەنە چەكلىك ئۆمۈرنى سەرپ قىلىپ ئىنسانىيەت ئۈچۈن بەخت - سائادەت ، تۆھپە يارىتالىغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ . مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ، ئەرەب ، پارس تىللىرى بويىچە ئاتاقلىق مۇتەخەسسىس ، يېتۈك ئەدەبىي تەرجىمان ، مۆتىۋەر دىنىي ئۆلىما ، مەرىپەتپەرۋەر مائارىپچى ، ماھىر خەتتات ، پېشقەدەم ئەدىب ۋە تارىخچى ، تالانتلىق شائىر مۇھەممەت فەيزى كاشغەرىنى ھاياتلىقنىڭ قەدىر - قىممىتىنى چۈشىنىپ ئىنسانىدەك ياشىغان ، چەكلىك ئۆمرىنى ئىلىم - مەرىپەتكە بېغىشلاپ ، ئىنسانىيەتكە بەھرە يەتكۈزۈپ ، ئىنسانلىق بۇرچىنى ئادا قىلغان كىشىلەرنىڭ بىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ .

مۇھەممەت فەيزى قىسقىغىنا 68 يىللىق ئۆمۈر ھاياتىدا خەلقىمىز بىلىشكە تېگىشلىك بولغان ئەخلاق ۋە دىنىي ئىلىمگە دائىر بەزى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى مۇتالىئە قىلىپ ، بىرقانچە ئىلمىي ئەسەر يازدى . تەپەككۇر دۇردانىلىرىنى مىسرا يىپلىرىغا تىزىپ ، ئاجايىپ يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن نەزم توقۇدى . چەت ئەل ۋە ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ باشقا تىللاردا يېزىلغان بەزى قىممەتلىك مىسرالىرىنى ئۆز ئانا تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ، بىلىم تەشنالىرىغا

يەتكۈزدى. ئىلىمىزنىڭ ئىلمىي پاكىتى بولغان ئۇيغۇر يېزىق
بار ھۈنەر - سەنئىتىنى ئىشلىتىپ قەغەز بېتىگە نەپ
كەشتىلەپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئىلمىيلىكىنى نامايان قىلد
خەلقىمىزنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن بۇ تالانتلىق ئەد
ۋە ئالىمنىڭ XX ئەسىردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات
قوشقان بۈيۈك تۆھپىلىرى مەدھىيىلىنىشكە تېگىشلىك، ئەلۋەتتە
مۇھەممەت فەيزى ھىجرىيە 1325 - يىلى (مىلادىيە 1907
يىلى) قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ خانئېرىق يېزىس
قاراشلىق قارادۆڭ كەنتىدىكى موللا خۇن ھاجىم ئىسىملىك مەر
پەتپەرۋەر مائارىپچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.
موللا خۇن ھاجىم ئىلىمنىڭ ھەممە تارماقلىرى بويىچ
تولۇق مەلۇمات ئىگىلەپ، خەلقىنىڭ ھۆرمەت - ئىززىتىگە ئېرىش
كەن، بىلىملىك، «ساماۋى»① تەخەللۇسى بىلەن ھەر خى
ئەسەرلەرنى يېزىپ شۆھرەت قازانغان ئىقتىدارلىق، ئادالەتچى
كەسكىن مىجەزلىك ئادەم ئىدى. ئۇ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرى
سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ھەج قىلىشقا بېرىش مۇناسىۋىتى بىلەن
سەككىز يىل تۇرۇپ قېلىپ، مۇدەررىسلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ
بۇ جەرياندا ئۇ، تۈركىيە سۇلتانلىقىنىڭ ھامىيلىقىدىن قۇتۇلۇپ
ئەنگلىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىغان ئەرەب خەلقىنىڭ
مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئازادلىق، مۇستەقىللىقن
قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى ھەققانىي كۆرەشلىرىنى ئۆز كۆزى
بىلەن كۆرىدۇ. مۇستەملىكىچىلىك تۈپەيلىدىن ياۋروپا مەدەنىي
تىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىسىدا ئويغىنىشقا باشلىغان ب

① ساماۋى — ئاسمانغا تېگىشلىك ھاۋا رەڭ دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئاپتور
تەخەللۇس ئارقىلىق ئۆزىنى «تەڭرىگە تەئەللۇق»، «تەڭرىنىڭ بەندىسى
دېمەكچى بولىدۇ.

خەلقلەردىكى جاھالەتچىلىك، خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇش، ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلىش، ئاياللار ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا بولۇۋاتقان بىر قاتار ئىلغار، تەرەققىيپەرۋەر ھەرىكەتلەرنى مەتبۇئات يۈزىدىن كۆرۈپ، ئۆزى پىكىرلەشكەن كىشىلەردىن ئاڭلاپ چۈشىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن موللاخۇن ھاجىمنىڭ ئىدىيىسىدە يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان، تەرەققىيپەرۋەرلىكنى خالايدىغان يېڭى بىر دېموكراتىك ئاڭ - پىكىر شەكىللىنىشكە باشلايدۇ. ئۇ، ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ تەربىيىسىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە ئىلىم ساھەسىدە ئىقتىدارلىق كىشىلەردىن بولۇپ يېتىلىشىنى ئارزۇ قىلغاچقا، قاتتىق تەلەپ قويۇپ تەربىيىلەيدۇ. ئۇلارغا پەننىي بىلىم ئۆگىتىپلا قالماستىن، يەنە دېھقانچىلىق ئەمگىكى، ھەر خىل تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندۇرۇپ، ساغلام بەدەن قىلىپ يېتىلدۇرىدۇ.

مۇھەممەت فەيزى 12 ياشقا تولغىچە ئىنىسى ئەھمەد زىيائىي بىلەن بىرلىكتە ئاتىسىنىڭ قولىدا ئوقۇپ باشلانغۇچ مەلۇماتقا ئىگە بولىدۇ. كېيىن قەشقەر شەھىرىگە كېلىپ «چاھارسۇ» ① مەدرىسەسىدە مامۇت ئاخۇن داموللام، شەمسىددىن داموللام، زىرىپ قارىھاجىم، مەھمۇت داموللام قاتارلىق ئۆز دەۋرىنىڭ نوپۇزلۇق مۇدەررىس، ئالىملىرىنىڭ قولىدا ئوقۇپ، شەرىئەت ئىلمى، فىقھە ئىلمى، ئىلمى پاساھەت، تىل، ئەدەبىيات، تارىخ،

---

① چاھارسۇ — تۆت كوچا دوقمۇشى، گۈزەر دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئىلگىرى مۇشۇ جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىي دوقمۇشىدا ياكى ھازىرقى شەھەرلىك 14 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئۇدۇلىدىكى دوقمۇشتا چاھارسۇ مەدرىسەسى 1958 - يىلىغىچە مەۋجۇت بولغان. 1958 - يىلى چېقىپ تاشلىنىپ، خەلق باشقۇرغان مەكتەپ سېلىنغان.

پەلسەپە ، ئەرەب ـ پارس تىلى بويىچە يۇقىرى مەلۇمات ئىگىلە
گەن ، بولۇپمۇ فەيزىنىڭ ① ئەرەب ، پارس تىللىرى ۋە ب
تىللارنىڭ قانۇنىيەتلىرى ھەققىدىكى بىلىمى شۇ قەدەر كامالەتك
يەتكەنكى ، ئۇ ئۆز مەسلەكداشلىرى بىلەن بولغان بىر قېتىملىق
سۆھبىتىدە : « ئەرەب تىلىنىڭ سەرپ (گراممانتىكا )
نەھۋى ( سىنتاكسىس ) سى دۇنيادىن پۈتۈنلەي يوقلىپ
كەتكەن تەقدىردىمۇ ، ئۇنى قايتىدىن ئەينەن تۇرغۇزۇپ چىقالاي
مەن » دېگەن ②.

مۇھەممەت فەيزىنىڭ ئەينى چاغدىكى شاگىرتلىرىدىن
بىرى ، ھازىر قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ قوغداش خادىمى بو-
لۇپ ئىشلەۋاتقان ئابدۇراخمان قارىمنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە ،
فەيزى ئۆز ئۇستازى ــ قەشقەرنىڭ شەيخۇلئىسلامى ، مۇدەررىس
مەھمۇت ئاخۇن داموللامنىڭ تاپشۇرۇقىغا ئاساسەن ، ئەرەبچە بىر
پارچە سالام خەت يازغان . مەھمۇت ئاخۇن داموللام بۇ خەتنى
مىسىر ئەزھەر دارىلفۇنۇنىدىكى ئۇستازىغا ئەۋەتكەن . خەتنىكى
پاساھەت ۋە بالاغەتنى كۆرۈپ ، بۇنىڭدىن ئىنتايىن سۆيۈنگەن
ئۇستازى ئالاھىدە ئاۋارە بولۇپ ، يۇقىرى سەۋىيىلىك ئەرەب
ئالىمىنى تاپتۇرۇپ ، خەت يازدۇرۇپ ، ئۆزىگە ئەۋەتكەنلىكىگ
رەھمەت ئېيتىپ ، مەھمۇت ئاخۇن داموللامغا جاۋاب خەت يازغان
شاگىرتىنىڭ تالانتىغا ھەيران قالغان مەھمۇت ئاخۇن داموللام ب

① فەيزى ــ مۇھەممەتخان مەخسۇمنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى بولۇپ ، ئ
بېرىنچى ، بەرىكەت ، موللۇق؛ ئىككىنچى، لۇتفى كېرەم، خەير ـ ئېھسان، ئىنئام
ئۈچىنچى، خۇشاللىق ، دىل روشەنلىكى ، بەھرە دېگەن مەنىلەرنى
بىلدۈرىدۇ .

② ھاجى ئەخمەت كۆلتېگىن : «مەرىپەت ئاسمىنىدىن ئېقىپ كەتكەن يۇلتۇز »
قەشقەر « قەدىمكى كىتاب تەتقىقات خەۋىرى » ژۇرنىلىنىڭ 1985 ـ يىل 1
سان ، 73 ـ بەت .

خەتنى مۇھەممەت فەيزىگە يادىكار قىلغان. شاگىرتلىرى ئۇنى فەيزىنىڭ قولىدا كۆرگەن.

كىشىلەر تەرىپىدىن ئىقتىدارلىق ياش ئالىم، دەپ بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان مۇھەممەت فەيزى ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن «ساقىيە» مەدرىسەگە① مۇدەررىسلىككە تەيىنلەنگەن. ئۇ، مەدرىسەدە 10 يىلدىن ئارتۇق مۇدەررىسلىك قىلىپ، نۇرغۇن ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئىشلىگەن تالانتلىق ئالىم مۇھەممەت سالىھ ھاجىم مۇھەممەت فەيزىنىڭ قولىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئاتىسى سالىھ دامولاجىم ئوغلى ئارقىلىق مۇھەممەت فەيزىنىڭ بىر پارچە خېتىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان. سالىھ دامولاجىم فەيزى مەخسۇم بىلەن خېلى يېقىن ئۆتۈشىدىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ خەتتاتلىقتىكى ھۈنەر - سەنئەت ماھارىتىنى تازا بىلمەيدىكەن. خەتنى كۆرۈپ ھەيران قالغان سالىھ دامولاجىم ئوغلىدىن:

— بۇ خەتنى يازغان كىشى قەشقەردە بارمۇ؟ — دەپ سورىغان. ئوغلى:

— بار، بۇ كىشى ئۇستازىم مۇھەممەت فەيزى بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەرگەن. ئوغلىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان سالىھ

① ساقىيە مەدرىسە — ھازىرقى قەشقەر شەھەرلىك 14 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ جەنۇبىي نېمىغا تۇتاش بولۇپ، چاسا يولىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان، ئۇ سەئىدىيە خانلىقى (1514 — 1682 - يىللىرى) نىڭ ئاخىرقى پادىشاھلىرىدىن مەھمۇتخان (لەقىمى قىلىچخان)، ئابدۇللاخان دەۋرلىرىدە ياسالغان. 350 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بۇ مەدرىسە مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ۋەيران قىلىنغان، ئورنىغا 1996 - يىلى «قەشقەر ۋىلايەتلىك دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنى تەربىيىلەش مەكتىپى» سېلىندى.

داموللا جىم « بىزمۇ ئۆزىمىزنى موللا ـ ئەللامە، دەپ يۈرۈپتۇق — مۇنداق پاراسەتلىك، يېتىشكەن ئالىممۇ قەشقەردە بار ئىكەن دەپ مۇھەممەت فەيزىگە كۆپ ئاپىرىن، تەھسىن ئوقۇغان.

مۇھەممەت فەيزى 1937 ـ يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، ئىككى يىلدىن ئارتۇق مۇدھىش تۈرمە ھاياتىنى باشتىن كەچۈردى. تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئاۋۋال ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مائارىپ بۆلۈمىدە، كېيىن ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئۆزىدە كاتىپ بولۇپ ئىشلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن قەشقەر شەرئى مەھكىمىسىنىڭ قازىخانىسىدا سىجىللات ( كاتىپ ) بولۇپ، پەتىۋا يېزىش بىلەن مەشغۇل بولدى.

1946 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ئىمزالاندى. يېڭىدىن قۇرۇلغان بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنى قەشقەر ۋىلايىتىگە باش ۋالىي، قوشۇمچە ئامانلىق ساقلاش باش قوماندانى قىلىپ تەيىنلىدى. مۇشۇ چاغدا ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئۆزىگە ياراملىق بىر كاتىپ تېپىش ئۈچۈن كاتىپلىقتىن خەۋىرى بار ھەممە كىشىلەرنى ئوردىغا يىغىپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىدە دۇچ كېلىش ئېھتىمالى بولغان 10 چوڭ قىيىن مەسىلىگە 10 پەتىۋا يېزىشنى ئۇقتۇردى. يازغانلار ئىچىدە مۇھەممەت فەيزىنىڭ يازغىنى زىيادە ياخشى بولغانلىقتىن، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئۇنىڭغا كۆپ ئىنئام بېرىپ ئۆزىگە كاتىپ قىلىۋالدى. مۇھەممەت فەيزى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمغا كاتىپ بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، بىر تەرەپتىن مەخسۇس خەت ـ ئالاقە، دوكلات، ھۆججەت، پەتىۋا، بايانامە، ئۇقتۇرۇش، ئېلان قاتارلىقلارنى يېزىش بىلەن شۇغۇللاندى؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ

پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇپ تەربىيىلىدى ۋە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمغا يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، مۇشاۋۇرلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى.

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن باشلاپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىدىن ھەقىقەتكە قايتىشقا ئۇنىمىغان ما چىڭشياڭ، لۇ شۇرېن، يې چىڭ باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم باندىتلار پاكىستان، ئەرەبىستان ئارقىلىق شياڭگاڭ، تەيۋەنگە قېچىپ كەتمەكچى بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا قاراپ چېكىنگەندە، يول بويى ھەممە شەھەر - ئۆتەڭلەرنى بۇلاپ، قىرغىنچىلىق قىلىپ ماڭغان. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم مۇھەممەت فەيزىنىڭ مەسلىھەتىگە ئاساسەن، شەھەردىكى باي، سودىگەر، ھۈنەرۋەنلەردىن مەلۇم مىقداردا پۇل يىغىپ، ما چىڭشياڭ، لۇ شۇرېن، يې چىڭلارغا تەقدىم قىلىش ئارقىلىق قەشقەرنى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ بىر قېتىملىق بۇلاڭ - تالاڭ قىرغىنچىلىقىدىن ساقلاپ قالغان.

مۇھەممەت فەيزى 1952 — 1956 - يىلغىچە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن يەكەن مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىسىدا كاتىپ بولۇپ ئىشلىدى. مەمۇرىي مەھكىمە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، « ساقىيە » مەدرىسەسىنىڭ ھۇجرىسىدا ئىلىم مۇتالىئە قىلىش ۋە يېزىقچىلىق ئىشى بىلەن شۇغۇللاندى. 1966 - يىلى 5 - ئايدا مەملىكەت بويىچە كۆتۈرۈلگەن مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ تەتۈر قۇيۇنى ئۇنىڭ تىنچ تۇرمۇشىنى يەنە داۋالغۇتۇپ، بىر ئىزىدا قويمىدى. « قىزىل قوغدىغۇچى » ۋە ئىسكىسىنى كۆتۈرۈۋالغان بىر تۈركۈم بىكار تەلەپ، ھارامتاماق ئىسيانچىلار مۇھەممەت فەيزىنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، نەچچە ئىشكاپتىكى قىممەتلىك مۈلكى بولغان خاتىرە كىتابلىرىنى، كېچە - كۈندۈز تەر ئاقتۇرۇپ، مىڭ بىر جاپا -

مۇشەققەت بەدىلىگە تەييار قىلغان كۆپلىگەن ئىجادىي ئەمگ
مېۋىلىرىنى بۇلاپ ـ تالاپ، جاھالەتپەرەسلىكنىڭ سېھرىل
گۈلخانلىرىدا كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇردى. ئۆزىنى بول
مىنۇت ـ سېكۇنت كۆزدىن ئۈزمەي نەزەربەنت قىلدى. بىر ئۆز
ئەمەس، ئائىلىسىدىكى نەچچە جان ئادەمنىڭ سىقىلىۋاتقانلىق
چىداپ تۇرالمىغان مۇھەممەت فەيزى ئائىلىسىنى تاشلاپ، ئۆ
تەگبويىدىكى قازىيخانا ئىچىگە كۆچۈپ كىرىشكە مەجبۇر بولدى
ئۇ، بۇ يەردىمۇ ئۇزاق تۇرالمىدى. 1969 ـ يىللىرىنىڭ بېشى
يارباغ دۆڭمەسچىتتىكى قادىربەگ‌ھاجىم نامىغا ئاتالغان مەدرىس
نىڭ بىر ھۇجرىسىغا پاناھلىنىپ، يەككە ـ يېگانە، تەنھالىق
تۇرمۇش ئۆتكۈزۈپ، 1977 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئا
لەمدىن ئۆتتى. مۇھەممەت فەيزى ئالەمدىن ئۆتۈشتىن بۇرۇن
ئۇزاق يىل مابەينىدە يەر ئاستىغا كۆمۈپ ساقلىغان 5000 پارچ
دىن ئارتۇق ھەر خىل كىتابلىرىنى شەھەردىكى مۆتىۋەر دىنى
ئۆلىمالارغا ھەقسىز ھەدىيە قىلىپ، ئۇلاردىن ئۆزى ئۆچۈن ۋاپات
بولغاندىن كېيىن دۇئا قىلىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلدى. شەھە
ئۆلىمالىرى ۋە ئۇنىڭ ئىخلاسمەنلىرى ھەر ھېيت ـ ئايەم كۈنلى
رىدە ئۇنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، ھەزرەت تاختاكۆۋرۈكتىكى
تۇپراق بېشىغا چىقىپ، دۇئا بىلەن ياد قىلىپ تۇرماقتا.

مۇھەممەت فەيزى ئىلىم ئۈچۈن تۇغۇلۇپ، ئىلىم ئۈچۈن
ياشىغان ئالىم. ئۇ، پۈتكۈل ئۆمرىنىڭ يەتتىدىن ئالتە قىسمىنى
دېگۈدەك ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىش، ئىلىم ـ مەرىپەت تەتقىق
قىلىش، ئىلىم ـ مەرىپەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئىشىغا بېغىشلاپ
خەلقىمىز ئۈچۈن ئاز بولمىغان ئىجادىي ئەمگەك مېۋىلىرىنى
مىراس قالدۇردى. ئۇنىڭ « زۆرۈر ئەقىدىلەر گۆھىرى » ناملىق
ئەسىرى ئەنە شۇ ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئىچىدە نەچچە قېتىملىق
بۇلاڭ ـ تالاڭدىن ئامان ـ ئېسەن قېلىپ، خەلقىمىز قولىد

ساقلىنىپ قالغان بىر مۇھىم ئەمگەك مېۋىسىدۇر.

ئاپتور ئىككى قىسمدىن تەركىب تاپقان بۇ ئەسىرىنى كىتاب خاتىمىسىدە شېئىر بىلەن:

« مەن تامام ئەيلەگەچ يازىپ بۇ گۆھەر،
ۋاقىت ۋە يىلدىن بەردى ئەقىل خەۋەر.
يەئنى بىر مىڭ ئۈچيۈز ۋە ئاتمىش،
قوشۇلۇپ ئالتىسى — تامام ئەتمىش.
ھەم مۇھەررەم بېشى ۋە جۈمئە كۈنى،
ئىردى ئول كۈن ئوچۇق، بىلىڭلار مۇنى ».

دەپ ئىزاھلىغىنىدەك، ھىجرىيە 1366 ـ يىلى (مىلادىيە 1946 ـ، 1947 ـ يىللىرى) مۇھەررەم ئېيى (1 ـ ئاي) نىڭ ھاۋا ئوچۇق بىر جۈمە كۈنىدە يازغان. ھىجرىيە 1369 ـ يىلى (مىلادىيە 1949 ـ، 1950 ـ يىللىرى) ماھى مۇھەررەمدە (1 ـ ئايدا) قەشقەرنىڭ ئەينى چاغدىكى باش ۋالىيسى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ ھىممەت ياردىمى بىلەن① « قەشقەر گېزىتى » ئىدارىسىدا 2000 تىراژدا بېسىلىپ نەشر قىلىنغان.

① 1936 ـ يىللىرى قەشقەر مائارىپ ئىدارىسىنىڭ قارىمىقىدا مەسچىت ۋە مەدرىسەلەرنىڭ ۋەخپىلىرىنى بىرتوتاش باشقۇرۇپ، مەسچىت، مەدرىسەلەرنى بىرتوتاش رېمونت قىلىدىغان « ئىسلام مادارىس ۋە مەساجىت » (مەدرىسە ۋە مەسچىتلەرنى ئىسلاھ قىلىش ھەيئىتى) دېگەن بىر ئاممۇۋى تەشكىلات قۇرۇلغان. ئۇنىڭ مەقسىتى مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي مائارىپ، ئىلىم ـ پەننى راۋاجلاندۇرۇش ئىدى. ئۇلار مەسچىت ۋە مەدرىسەلەرنىڭ ۋەخپە كىرىملىرىنى، بايلار ۋە سودىگەرلەرنىڭ ئىئانە مەبلەغلىرىنى توپلاپ، بىر قىسمىنى مەسچىت، مەدرىسەلەرنى رېمونت قىلىشقا؛ بىر قىسمىنى مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىشلەتكەن. بۇ كىتاب ئاشۇ مەبلەغ ھېسابىغا نەشر قىلىنغان.

ئاپتور بۇ ئەسىرىدە ئىسلام ئەقىداتىدىكى ئىمان، ئىباد
ئەمەلگە دائىر بىرقانچە مۇھىم مەسىلىلەرنى سوئال - جا
شەكلى بىلەن ئاددىي يوسۇندا بايان قىلىش ئارقىلىق كىشىلە
گۇناھلىق ئىشلاردىن توسۇپ، توغرا يولغا باشلاشقا تىرىشقا
ئەسەرنىڭ ئاخىرىدىكى مۇنۇ سۆزلەر ئاپتورنىڭ ئەسەرنى يېز
تىكى مۇددىئا - مەقسىتىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ
«ئۇنىڭ ئۈچۈن، چوڭ - كىچىك ھەربىر مۆئمىنىنىڭ بۇ ئايەت
ھەدىسلەر مەزمۇنىغا ئەمەل قىلىپ، ھالال كەسىپ قىلماقى
شەرىئەت بۇيرۇغان مۇقەددەس يولدا ماڭماقى، ياخشى ئىش
ياخشى گەپنى قىلماقى، يامان ئىش - يامان سۆز، ھارا
ئەھۋاللاردىن پۈتۈنلەي يىراق بولماقى زۆرۈر ۋە مۇھىمدۇر
چۈنكى، ھەربىر بەندە ئۆزىنىڭ ئەمەلى بىلەن قىيامەتتە مەسئۇ
دۇر. ياخشى بولسا جەننەت، يامان بولسا دەۋزەخ ئۇنىڭ
مۇكاپاتىدۇر».

ئاپتور بۇ ئەسىرىنى چوڭقۇر ئىلمىي ئاساسقا ئىگە قىلىش
ئۈچۈن «خۇلاسەتۇل فەتاۋى»، «ۋەلسان ئەلھىكەمنام»
قاتارلىق پەتىۋاغا دائىر مۆتىۋەر دەستۇر خاراكتېرلىك كىتابلاردىن
پايدىلىنىپ، «ھەربىر چوڭ - كىچىك مۇسۇلمان كىشىلەرنىڭ
بىلىشى ناھايىتى زۆرۈر ۋە پەرز بولغان ...»، «تېبابەتكە تەئەللۇق
بولغان زۆرۈر قائىدە مەسىلىلەرنى» ئانا تىلىدا (ساپ ئۇيغۇر
تىلىدا) بايان قىلىپ، كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشى ۋە بىلىشىنى ئا
سانلاشتۇرغان.

بۇ ئەسەر گەرچە دىنىي خاراكتېرلىك ئەسەر بولسىمۇ،
ئەمما ئۇ، يەنە بىر جەھەتتىن قارىغاندا، كىشىلەرنى سەممىي،
راستچىل بولۇشقا، ئەمگەك - كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ،
ھالاللىق بىلەن يېيىشكە، تىرىكتاپ بولماسلىققا ئۈند
دەيدىغان ئەدەپ - ئەخلاق جۈملىسىگە كىرىدىغان

دىداكتىك ئەسەر ھېسابلىنىدۇ .

مۇھەممەت فەيزىنىڭ يەنە بىر ئىجادىي ئەمگىكى — ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللىي قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان 20×14 سانتىمېتىر فورماتتىكى 230 بەتلىك قاتتىق تاشلىق « سائادەتۇل ئىنسان ، فى رىزائىر رەھمان » ① ناملىق قولىيازما ئەسىرىدۇر . ئاپتور بۇ ئەسىرىنى ھىجرىيە 1393 - يىلى زۇلھەججىنىڭ 14 - كۈنى (مىلادىيە 1974 - يىل 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى) يېزىپ تاماملىغان . بىر مۇقەددىمە ، 20 بابتىن قۇرۇلغان بۇ ئەسىرىدە ئاپتور تەرىقەت ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ، تەرىقەتنىڭ مەقسىتى ، تەرىقەتتىكى سۇلۇكلار ۋە ئۇنىڭ يوللىرى ، تەرىقەت پىر كامىللىرىدىن ئوبۇلقاسىم قەشقەرى ، خوجا يۇسۇپ ھەمەدانى ، خوجا ئەھمەت يەسەۋى ، خوجا ئابدۇخالىق غىژدىۋانى ، خوجا باھاۋىدىن نەقشىۋەندى ، مەۋلانا جالالىدىن رۇمى ، ئىمام رەببانى ، شەيخ ئەھمەت ھىندى ئەلفارۇق قاتارلىقلارنىڭ تەرجىمىھاللىرى ۋە باشقا بىرقانچە مۇھىم مەسىلىلەرنى بايان قىلىپ ، تەرىقەت ھەققىدىكى ھەرخىل چۈشەنچىلەرنى يىغىنچاقلىغان . بۇ كىتاب تەسەۋۋۇپ تارىخىنى ئۆگىنىش ، تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە . مەسىلەن : « شۇنى بىلىڭلاركى ، پەيغەمبىرىمىز سەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كېيىن ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەبزەل-لىرىغە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆھبىتىدىن باشقا ، بىر خاس نام بىلەن ئات قويۇلمىدى . چۈنكى ، ئۇ ۋەقتىدە نەبى مۆھتەرەم سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆھبەتىدىن ئۇلۇغ ھېچ پەزىلەت يوق ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار 〈 ساھابە 〉 دېيىلدى . ۋاقتىكى ئىككىنچى ئەسىرنىڭ كىشىلىرى ئۇلارنى تاپتى . بۇ تاپقۇچىلار 〈 تابەئەين 〉 دېيىلدىلەر . بۇلار بۇ سۈپەتنى ھەممە

① « سائاتۇدەل ئىنسان ، فى رىزائىر رەھمان » — ئىنسانىنىڭ سائادەتمەنلىكى خۇدانى رازى قىلماقتىندۇر .

نىشانىنىڭ ئۇلۇغى، دەپ ھېسابلىدى. ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر ‹ ئەتباﺋى تابەئەين › دەپ سۈپەتلەندى. ئۈچ ئەسىردىن كېيىن، ئادەملەر رەڭگارەڭ بولۇپ كەتتى. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەرتىۋىلەر بىر - بىرىدىن يىراقلىشىپ كەتتى. دىنىي ئىشلارغا بەك ئەھمىيەت بېرىدىغان خاس ئادەملەر ‹ زاھىت ئابىد › دېيىلدى. ئاندىن كېيىن بىدئەتلەر زاھىر بولدى. ھەربىر پىرقە-نىڭ ئىچىدە ئۆز تەرىپىگە قىچقىرىپ، ئۆزلىرىنى ماختاپ، ئۆزلىرىنىڭكىنى راست دەيدىغانلار پەيدا بولدى. بىزنىڭ ئىچى-مىزدە ھەربىر يولمۇ ئىلگىرى بار، زاھىرمۇ بار دەپ دەئۋا قىلدى. ھەق بىلەن ناھەق مۇنداق ئارىلىشىپ كەتكەنلىكتىن، ئەھلى سۈننەت ۋە جامائەت (فىرقەئى ناجىيە) نىڭ ئىچىدىن خۇدا بىلەن بولغان ھەربىر تىنىقنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان، دىللىرىنى غەپ-لەتتىن ساقلايدىغان خاس مۆئمىن بەندىلەر ‹ تەسەۋۋۇپ › ئىسمى بىلەن ئايرىلدى. بۇ ئۇلۇغلەر ھىجرەتتىن 200 يىل كېيىن مەشھۇر بولدى ».

مانا بۇلاردىن تەسەۋۋۇپنىڭ نېمە سەۋەبتىن ۋە قاچان پەيدا بولغانلىقى، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش جەريانى ھەققىدە ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز.

« سائادەتۇل ئىنسان، فى رىزائىر رەھمان » — ئاپتورنىڭ تەسەۋۋۇپقا دائىر مەشھۇر كىتابلاردىن پايدىلىنىش ئاساسىدا، ئۆز مۇلاھىزە چۈشەنچىسىگە ئاساسەن يېزىپ چىققان ئىلمىي تەتقىق دائىرىسىدىكى ئىجادىي ئەمگىكى بولسىمۇ، ئەمما ئاپتور ئۆز ئە-سەرلىرىنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، مۇلاھىزىلىرىنى كونكرېتلاشتۇرۇش، چۈشەنچە ۋە تەسىراتىنىڭ ئېستېتىكىلىق كۈچىنى ئاشۇرۇش يۈزىسىدىن مۇناسىۋەتلىك جايلىرىدا نەقىللەرنى كەلتۈرگەن. يەنە مۇناسىۋەتلىك جايلىرىدا تەسەۋۋۇپ تارىخىغا ئائىت مۇھىم ۋەقەلەرنى بايان قىلىش

ئاساسىدا تەسۋىرلىگەن، يەنە بەزى جايلاردا بولسا لىرىك پار-
چىلارنى قىستۇرغان. مەسىلەن:

« ئىلىم ھەرچەند بىيىشتە خۋانى،
چۇن ئەمەلدۇر تۇنىيسىت نادانى.
نە مۇھەققىق بۇدنە دانىشمەند،
چارپايى بەرۇ كىتابىي چەند ».

( سەن ھەرقانچە كۆپ ئىلىم ئوقۇساڭمۇ، ۋاقتىڭكى
سەندە ئەمەل بولمىسا نادانۇرسەن. ئۈستىگە بىرمۇنچە كىتابنى
يۈكلەپ ئالغان ھايۋان ھەقىقەتلىگۈچى بولمايدۇ، دانىشمەنمۇ
بولمايدۇ، بەلكى ئەمەل كېرەك.)

مانا بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، بۇ ئەسەرنى تەسەۋۋۇپ تا-
رىخى دېگەندىن كۆرە، تەسەۋۋۇپ تارىخىنى تەسۋىرلىگەن
بەدىئىي ئەسەر دېيىش تۇزۇكرەك بولار.
« شېرىن كالام » — مۇھەممەت فەيزىنىڭ ئەدەپ -
ئەخلاق كۆزقارىشىنى مەزمۇن قىلغان دىداكتىك خاراكتېردىكى
ئىلمىي ئەسىرىدۇر. ئاپتور بۇ ئەسىرىدە چوڭقۇر پەلسەپىۋى
مۇلاھىزىلەر ئاساسىدا، مىللىتىمىزنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات
جەريانىدا شەكىللەندۇرگەن ئىلىم - ھۈنەرنى سۆيۈش، ئاتا -
ئانىنىڭ ھەققىنى تونۇش ۋە ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇش،
چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، ئىنسانلارغا پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش ۋە
ئۇلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، خەير - ساخاۋەتچى، ھىممەتلىك،
مۇرۇۋۋەتلىك بولۇش، چىدامliq، باتۇرلۇق، ھوشيارلىقنى ئادەتلە-
نىش، ئاق كۆڭۈللۈك، مېھرىبانلىق، ئىناقلىقنى يار قىلىش،
سەمىمىيلىك - راستچىللىقنى ئىش - ھەرىكەتنىڭ مىزانى قى-
لىشتەك ئېسىل ئەنئەنىۋى ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى جارى

قىلدۇرۇشقا ئۈندەيدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، مىللىتىمىزدە مەۋجۇت بولغان، كىشىلىك ئەخلاققا تۈپتىن زىت كېلىدىغان خۇراپاتلىق، نادانلىق، بىھايالىق، ئەدەپسىزلىك، ئاچ كۆزلۈك، يالغانچىلىق، ھەسەتخورلۇق، ئالدامچىلىق، مەككارلىق، غەيۋەتخورلۇق، ئىچى تارلىق ... قا ئوخشاش يامان ئىللەتلەرنى يۇقىرىقىلارغا سېلىشتۇرما قىلغان ئاساستا چوڭقۇر پاش قىلىپ، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى دىنىي نۇقتىئىنەزەردە تۇرۇپ ئېچىپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا كىشىلەرنى بۇ خىل يامان ئىللەتلەردىن ساقلىنىش، ئۇنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋالماسلىق ھەققىدە سەممىي نەسىھەت قىلىدۇ.

ئالىم ۋە تەتقىقاتچى مۇھەممەت فەيزىنىڭ ئائىلە، بالا - چاقىلىرى ۋە شاگىرتلىرىنىڭ مەلۇمات بېرىشىدىن قارىغاندا، ئۇ، 20 × 13 سانتىمېتىر فورمات، ئالتە سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى ھەجىمدە، ئەرەب تىلىدا بىر كىتاب يازغان. بۇ كىتابنى جان ئۈزۈش ئالدىدا: «قاچانكى ئەرەبىستان دىيارىغا بېرىش نېسىپ بولسا، ئۇنى ھەرەم پادىشاھلىقىغا تەقدىم قىلىڭلار. ھەرەم پادىشاھلىقى سىلەرنى ئۆمرۈڭلار ئاخىرلاشقۇچە ھەقسىز تەمىنلەيدۇ» دەپ ۋەسىيەت قىلىپ، بالا - چاقىلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرغان. بىراق، بالا - چاقىلىرى فەيزى مەخسۇم جان ئۈزگەن مەزگىلدىكى مۇسىبەت قالايمىقانچىلىقىدا، دىققەتسىزلىكىدىن بۇ كىتابنى يوقىتىپ قويغان.

مۇھەممەت فەيزى ئىلىم ساھەسىدىلا ئەمەس، شېئىرىيەتتىمۇ كۆپ مېھنەت سەرپ قىلىپ، زور ئۇتۇق قازانغان تالانتلىق شائىر. ئۇ، كىچىككىدىنلا ئەرەب، پارس تىللىرىدا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆپ ئوقۇپ، كۆپ مەشىق قىلىپ، ئۇنىڭغا ماھىر بولۇپ كەتكەنلىكتىن، شۇنداقلا ئەدىبكە بولۇۋاتقان شان - شۆھرەت ئۆز ئانا تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلىرىدىن كۆرە ئەرەب - پارس تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەردىن كېلىۋاتقانلىقتىن،

ئۆز شېئىرلىرىنى ئاساسەن دېگۇدەك ئەرەب، پارس تىللىرىدا يازغان. ئۇنىڭ ئەرەب، پارس تىللىرىدا يازغان شېئىرلىرى شۇ قەدەر پاساھەتلىك، بالاغەتكە يەتكەنكى، بۇنى ئوقۇغان ئەرەب، پارس ئالىملىرى غەيرىي ئەرەب، پارس شائىرلىرىنىڭ يازغانلىقىغا ئەسلا ئىشەنمىگەن. فەيزىنىڭ ئەرەب، پارس تىللىرىدا يازغان شېئىرلىرى تېما دائىرىسىنىڭ كەڭ، مەزمۇنىنىڭ مول، چوڭقۇرلۇقى، شەكلىنىڭ خىلمۇخىللىقى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

« بىيا ئەي دىن تايكىدەم بىگىرەم،
نىم چۈن خۇش دىلى خۇرەم بىگىرەم.
دەمى بىر جان ھەر ھەسرەت بىنالىم،
زەمانى بىر دىل پىر غەم بىگىرەم ».

(ئەي كۆزۈم كەل، تاكى بىردەم يىغلايلى، ۋاقتىكى مەن بىردەممۇ خۇش دىل ئەمەسمەن، خۇش يىغلايلى، بىردەم ھەسرەتتىن تولغان جېنىمغا نالە قىلايلى، غەمدىن تولغان دىلىمغا بىر زامان يىغلايلى.)

مانا بۇ غەزەلنى ئوقۇغان ھەربىر كىتابخان ئۇنىڭدىكى مۇڭ، قايغۇنىڭ نەقەدەر تەسىرلىك، ھېسسىياتلىق ئىپادىلەنگەنلىكىگە قايىل بولماي قالمايدۇ.

مۇھەممەت فەيزى ئۆز ئانا تىلىدىمۇ شېئىرلارنى يازغان. بۇ شېئىرلار ئاساسەن ئەدەپ ـ ئەخلاق تېمىسىغا، دىنىي ئەقىدىلەرگە، تارىخىي ۋەقەلەرگە بېغىشلانغان بولۇپ، بەدىئىيلىك جەھەتتە ئەرەب، پارس تىللىرىدا يازغان شېئىرلىرىغا يېتىشەلمىسىمۇ، ھەرھالدا شائىرنىڭ دۇنيا قارىشىنى چۈشىنىش، ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە مېتودىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك رېئال

ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن:

« ئىلىم ـ مەرىپەت ھەممىنىڭ كانىدۇر،
ۋەتەن، خەلقنىڭ جانى ۋە جانانىدۇر.
ئىلىم بىرلە ياشناپ تۇرار بۇ جاھان،
قىلىپ پاش سىرىنى دەريا ۋە كان.
ئايا، ئىلىم سەن — بەخت قۇياشىسەن،
ۋەتەن، خەلقنىڭ قەدىرلىك يولداشىسەن ».

ئىلىمنىڭ خاسىيىتى ۋە كۈچ ـ قۇدرىتى مەدھىيىلەنگەن يۇقىرىقى مىسرالاردىن شائىرنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەتنى دوست تۇتۇپ، ئىلىم ـ مەرىپەتكە قىزغىن ئىنتىلىدىغان يۈكسەك مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى روشەن كۆرەلەيمىز.

فەيزى شېئىرلىرىدىكى بەدىئىي ئالاھىدىلىك قوللانغان تىلىنىڭ ئوخشاشماسلىقى تۈپەيلىدىن بىر ـ بىرىدىن پەرقلەنىسمۇ، ئەمما تۆۋەن دەپ قارىلىۋاتقان ئۆز ئانا تىلىدىكى شېئىرلىرىدا ئىشلەتكەن بەدىئىي ماھارەت ئۆز دەۋرىدىكى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىكى بەدىئىي ماھارەتتىن ئېشىپ چۈشسە چۈشىدۇكى، ھەرگىز كەم قالمايدۇ. ئۇ يەنە كېلىپ، ئوي ـ پىكرىنىڭ ئېنچام، تىرەن، مەزمۇنلۇق، تىلىنىڭ ئاددىي، راۋان، يەڭگىل، ئوبرازلىق بولۇشتەك ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن كىشلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. مەسىلەن:

« ھاياتىم گۈلىستانىغا باشتىن ـ ئاياغ،
خازان پەسلى يەتسە ئۆچۈر چىراغ ».

مۇھەممەت فەيزى ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن ئەدەبىي

تەرجىمانلىقتىمۇ كەمدىن - كەم تېپىلىدىغان تالانت ئىگىلىرىنىڭ بىرى. ئۇ، 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا «ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن بىر نىشان قالدۇرۇپ كېتىش» مەقسىتىدە، چاغاتاي دەۋرىدە ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى ئەبۇ ياقۇپ ئىبنى ئەبۇ بەكرى سەككاكىي (1228 — 1306) نىڭ مىلادىيە 1290 - يىلى ئەرەب تىلىدا يازغان زور ھەجىملىك ئىلمىي ئەسىرى «مىفتاھۇل ئۇلۇم» (ئىلىملەر ئاچقۇچى) نى تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن. دىنىي ئىلىم، تىل، ئەدەبىيات، لوگىكا، پاساھەت (ئېستېتىكا)، مۇزىكا، پەلسەپە، ئىلمى نۇجۇم قاتارلىق 12 تۈرلۈك ئىلىمدىن تەپسىلىي مەلۇمات بەرگۈچى بۇ ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىنى 1957 - يىلى 50 ياشقا كىرگەندە غەلىبىلىك تاماملىغان.

« بۇگۈن يەتتى ئەللىككە سالىم ① مېنىڭ،
كىچىكلىك بىللە ئۆتتى ھالىم مېنىڭ ».

ئۆز ئىشىنىڭ غەلىبىسىدىن چوڭقۇر مەمنۇن بولغان ئاپتور شۇ ۋاقىتتىكى خۇشاللىق ھېسسىياتىنى تەرجىمىسىنىڭ ئاخىرىغا مۇنۇ مىسرالار بىلەن ئىزھار قىلغان:

« كېلتۈر ساقىيا ئابى ئاتەش ② لەيپاس ③،
ئىچىپ مەن بولاي ھەممە غەمدىن خالاس.
پۈتۈن قايغۇدىن پاك ۋە ئازاد ئولاي،
ھەقىقەت شارابى ئىلە شاد ئولاي.
تاپاي دەمبەدەم غايىبتىن مەن نىشان،
سائادەت ئولۇپ يار ئىككى جاھان ».

① سال — ياش.
② ئابى ئاتەش — ئوت رەڭگىدىكى سۇ.
③ لەيپاس — لىقمۇلىق.

مۇھەممەت فەيزى تەرجىمە قىلغان «مىفتاھۇل ئۇلۇم» نىڭ تەرجىمىسىنى 1957 ـ يىلى يۇسۇپبېك مۇخلىسوۋ ئەينى زاماندىكى ئەرەب، پارس تىللىرى بويىچە مۇتەخەسسىس دەپ ئاتالغان يارباغ كوچا باشقارما جانقورغان ئاھالىلەر كومىتېتىدا ئولتۇرۇشلۇق مەمتىمىن ھاجىم، ئابدۇقادىر سەئىدى، ھۇسىيناجىم قاتارلىقلارغا كۆچۈرتۈپ ئۇرۇمچىگە ئېلىپ بېرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرغان. كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ھازىر ئاشۇ يەردە ساقلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئەسلىي كىتاب بىلەن ئەسلىي ئورىگىنال مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرىغان. كۆرگۈچىلەرنىڭ ئىسپات قىلىشىدىن قارىغاندا، يۇسۇپ خاس ھاجىپ مازىرىنىڭ ئەسلىدىكى دۆلەتباغ بارىگاھىدىن ئىلگىرى «ئالمىلىق باغ»، كېيىن «ئالتۇنلۇق باغ» دەپ ئاتالغان جايغا يۆتكەلگەنلىكى ھەققىدىمۇ تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرۇپ، تەرجىمىنىڭ ئاخىرىغا ئايرىم تۈپلەپ قويغان. مۇھەممەت فەيزى بۇنىڭدىن باشقا، يەنە 1955 ـ يىلى ئىنىسى ئەھمەد زىيائىي بىلەن بىرلىكتە «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان بولسىمۇ، كېيىنكى قالايمىقانچىلىق يىللىرىدا يوقىلىپ كەتكەن. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مۇھەممەت فەيزى خەلق ئاممىسىنى تەربىيىلەش، ئۇلارنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، مەدەنىيەت ـ مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا بىر ئۆمۈر تەر تۆكۈپ، ھالاللىق بىلەن ئىشلەپ، نۇرغۇن ئىجادىي ئەمگەكلەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى توزۇپ كەتكەن. شۇنداقتىمۇ، مەردپەتپەرۋەر خەلقىمىز مەرھۇمنىڭ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مەدەنىيەت ـ مائارىپىنى بەرپا قىلىش، گۈللەندۈرۈش يولىدا

سىڭدۇرگەن جاپالىق مېھنىتىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ، ئەبەدىي ياد ئېتىدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. ھاجى ئەخمەت كۆلتېگىن: «مەرىپەت ئاسمىنىدىن ئېقىپ كەتكەن يۇلتۇز»، قەشقەر «قەدىمكى كىتاب تەتقىقات خەۋىرى» ژۇرنىلى 1985 - يىل 1 - سان.

2. مۇھەممەت فەيزى: «زۆرۈر ئەقىدىلەر گۆھىرى» 1949 - يىل نەشرى.

3. مۇھەممەت فەيزى: «سائادەتۇل ئىنسان، فى رىزائىر رەھمان»، قولىيازما.

4. «شىنجاڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى»نىڭ 4 -، 21 - سانلىرى.

# پېشقەدەم ئۆلىما، تارىخچى ۋە ئەدىب
# ئىمىر ھۈسەيىن قازىھاجىم

ئالىم ـ ئۆلىمالار يۇرتنىڭ چىرىغى، يۇرت خەلقى قاراڭغۇلۇقتا چىراغقا موھتاج بولغىنىدەك، توغرا يولغا مېڭىشتىمۇ ئالىم ـ ئۆلىمالارغا موھتاج. ئالىم ـ ئۆلىمالار قەلبىدىكى ئىلىم نۇرلىرى بىلەن يۇرت خەلقىنىڭ قەلبىنى يورۇتۇپ، ئاق ـ قارىنى، ياخشى ـ ياماننى تونۇتىدۇ. چىراغلار شەكىل جەھەتتىن ئوخشاش بولمىغىنىدەك، ئۇلارنىڭ چاچىدىغان نۇرىمۇ ئوخشاشمايدۇ. ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ بەزىلىرى جىنچىرىغىدەك نۇر چېچىپ، ئۆز ئەتراپىنىلا يورۇتسا، بەزىلىرى 1000 ۋاتلىق لامپۇچكىدەك نۇر چېچىپ، يىراق ـ يىراقلاردىكى قاراڭغۇلۇقلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، كىشىلەرنىڭ ئالىم ـ ئۆلىمالار چاچقان ئىلىم نۇرلىرىدىن ئالىدىغان بەھرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

ئىمىر ھۈسەيىن قازىھاجىم پېشقەدەم ئۆلىما، ئۆز بىلىم نۇرلىرى بىلەن خەلقىمىزگە كۆپ بەھرە يەتكۈزگەن ئاتاقلىق تارىخچى ۋە تالانتلىق شائىردۇر. ئۇ، ھىجرىيە 1318 ـ يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 18 ـ كۈنى دۈشەنبە (مىلادىيە 1900 ـ، 1901 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى) قەشقەر شەھەر چاسا كوچا باشقارمىسىغا قاراشلىق قازانچى كوچا مەھەللىسىدىكى مەشھۇر

مۇئەررىخ ، شائىر ، ژۇرنالىست قۇتلۇق ھاجىم (شەۋقى) نىڭ ئا-
ئىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . تۆت ياشقا توشقاندا ئانىسى ۋاپات
بولۇپ كېتىپ ئۆگەي ئانىنىڭ قولىغا قالىدۇ . بىراق ، ئۆگەي ئانا
يەكلەپ ، ئۆيگە پاتۇرمىغانلىقتىن ، ئۇ ، بۇ ئائىلىدىن سۇغۇرۇلۇپ
چىقىپ ئۆستەڭبويى كوچا باشقارمىسىغا قاراشلىق ئەنجان كو-
چىسىدىكى چوڭ ئانىسىنىڭ قېشىغا كۆچۈپ كېلىپ ، چوڭ
ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە بولىدۇ . يەتتە ياشقا تولغاندىن كېيىن
ئەنجان كوچىسىدىكى ناتىۋان خەلپىتىم ، ناسىر ئاخۇن خەلپىتىم
ئاچقان مەھەللىۋى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ . ھىجرىيە 1332 ـ
يىلى (مىلادىيە 1914 ـ يىلى) چوڭ ئانىسى ۋاپات بولۇپ
كېتىپ ، يەنە ئاتىسىنىڭ ئالدىغا قايتىپ كېلىدۇ .

قۇتلۇق ھاجىمنىڭ كېيىنكى ئايالىدىن بولغان ئابلىمىت
قۇتلۇق ، ئەسىما قۇتلۇق ئىسىملىك بىر ئوغۇل ، بىر قىزى بار
ئىدى . ئۇ ، ئىمىرھۇسەيىن قازىھاجىمنى ئۆز يېنىدا تۇتۇپ ، ئەدە-
بىيات ۋە تارىخ پەنلىرى بويىچە تەربىيىلەشكە كىرىشىدۇ . لېكىن ،
ئىمىرھۇسەيىن قازىھاجىم « ئاتام بىلمەيدۇ ھالىمنى ، يېتىملىكتىن
سوئالىمنى ، تۇرۇۋشقا بولمىدى ئىمكان ، تولا دەرد خىلاپىدىن »
دەپ يازغىنىدەك ، ئائىلىدە تولا سىقىنچىلىققا ئۇچرىغانلىقتىن ، شۇ
يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاتىسىدىن يوشۇرۇن ھالدا قەشقەر ھېيتگاھ
جامەسى ئىچىدىكى مەدرىسەگە ئوقۇشقا كىرىۋالىدۇ ھەمدە مۇ-
دەررىس سابىر ئاخۇن مەخدۇمدىن پىقھە ئىلمىنى ئۆگىنىشكە
باشلايدۇ . ئۆگەي ئانىسى يوقلاڭ باھانىلەرنى تېپىپ ، ئۇنى ئا-
تىسىغا چېقىپ تۇرغانلىقتىن ، ئوغلىدىن قاتتىق رەنجىگەن
قۇتلۇق ھاجىم بىر كۈنى ئۇنى ئالدىغا چاقىرىپ : « مەن جەدىت
ئۆلىما ، سەن بولساڭ خۇراپىي ئۆلىما ، مېنى ھەرگىزمۇ دوراي
دېمەيسەن . چىق ئۆيدىن » دەيدۇ . بۇ ئىش ھار كەلگەن ئىمىر-
ھۇسەيىن قازىھاجىم ئۆيدىن شۇ چىقىپ كەتكەنچە ئىككىنچىلەپ

قايتىپ كەلمەي ، ھىجرىيە 1340 ـ يىلى شەئبان ئېيى (مىلادىيە 1921 ـ ، 1922 ـ يىللىرى 3 ـ ئاي) دا يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئاراباغقا بېرىپ ، مەشھۇر ئىشان ۋە مۇدەررىس ئەمەت ئاخۇن خەلپەمگە قول بېرىپ ، مۇرىت بولىدۇ . ئۇ ، ئەمەت ئاخۇن خەلپەمنىڭ ھۇزۇرىدا 14 يىل تۇرۇش جەريانىدا تەرىقەت ئىلمىنى پىششىق ئىگىلىگەندىن باشقا ، ئىلمى ئەخلاق ، ئىلمى فىقھە ۋە دىنىي ئىلىمنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى بويىچە بىلىم تولۇقلايدۇ .

ئىمىر ھۈسەيىن قازىھاجىم ئەمەت ئاخۇن خەلپەمنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرغان مەزگىلدە « كەمتەرلىك » ، « تۆۋەنلىك » ، «دىلبەرلىك » (چىن كۆڭلى ) بىلەن ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ، نەزىرىگە يولۇققانلىقتىن ، قىزىنى ئىمىر ھۈسەيىن قازىھاجىمغا نىكاھلاپ بېرىپ ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىدۇ .

ئىمىر ھۈسەيىن قازىھاجىم تەرىقەت ئىلمىنى ئۆگىنىۋاتقان مەزگىلدە ، « ئىنسان يارىلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا كۆرىدىغان كۈنى ئالدىن بەلگىلەنگەن ھەمدە قەلبىدە يوشۇرۇن ساقلانغان بولىدۇ . كىمدەكىم ئاللا ئاتا قىلىپ ، قەلبىگە پۈتۈۋەتكەن مەخپىي سىرلارنى ئالدىنئالا بىلىۋېلىپ ، مۇراد ـ مەقسىتىگە بالدۇر يەتمەكچى بولىدىكەن ، سۈلۈككە كىرىپ ، بىر مەنىۋى يول باشلىغۇچىغا ئىگە بولۇشى لازىم . قۇش ئاسماندا قاناتسىز ئۇچالمىغاندەك ، ئىنسان ھەرقانچە قابىلىيەتلىك ـ پەزىلەتلىك بولسىمۇ ، ئۆز ئالدىغا يۈكسىلەلمەيدۇ . پەقەت ئۆزىنى بىر سۈلۈككە تاپشۇرۇپ ، ئۇنىڭغا مۇرىت ـ مۇخلىس بولسا ھەمدە جانبەدەل خىزمىتىدە بولسا ، ئۇرنى بارغانسېرى ئۆلغىيىپ ، مەرتىۋىسى ئۆسۈپ ، ئاللانىڭ زاتىغا ئۇلىشالايدۇ . مەنىۋى يول باشلىغۇچىلار شەيخ ـ ئەۋلىيالار ، پىركامىللار بولۇپ ، ئۇلار ئىنسانلار بىلەن تەڭرى ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىلىك رولىنى ئۆتەش جەريانىدا تەڭرىنىڭ جامالىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ . مۇرىت ـ مۇخ-

لىس بولغۇچىلار دۇنيانىڭ ھۇزۇر - ھالاۋىتىدىن مېھرىنى
ئۈزۈشى، پۈتكۈل ئوي - خىيالىنى تەڭرىگە بولغان سېغىنىشقا
مەركەزلەشتۈرۈشى، پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى تەڭرىگە تاپشۇرۇپ،
تەڭرى بىلەن بىر بولۇپ كېتىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ھە-
قىقىي مۇرىت - مۇخلىس بولۇپ، پىر كامىللىققا ئۇلىشىپ،
مۇراد - مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ» دېگەنگە ئوخشاش ۋەز - نەسى-
ھەتلەرنى ئاڭلىغان ئىدى. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇ 90 كۈن
ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ، ۋۇجۇدىنى پاكلىغاندىن كېيىن تەرىقەتنىڭ
پۈتكۈل قائىدە - يوسۇنلىرىنى ئىگىلەپ، ئۆزىنى «پىر كامىل»
لىققا ئۇلاشتىم دەپ ئويلاپ، خۇدانىڭ جامالىغا يەتمەك ئارزۇسىدا
ئاسمانغا قاراپ ئۇچماقنى خىيال قىلىپ، ئېگىز ئۆگزىگە چىقىدۇ
ھەمدە غۇلاچلىرىنى كېرىپ ئالدىغا ئىنتىلگەندە ئۇچالماي، ئەمەت
ئاخۇن خەلپەمنىڭ خانىقاسىنىڭ داش ئاسقان ئوچىقىنىڭ
مورىسىغا تىقىلىپ قىلىپ، بىر پۇتى سۇنۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن
بۇيان ئۇنىڭغا «توكۇر» دېگەن لەقەم سىڭىپ قالىدۇ.

ئىمىر ھۈسەيىن قازىھاجىم بۇ ئىشتىن كېيىن «شەيخ»،
«ئەۋلىيا»، «پىر كامىل» دېگەنلەرنىڭ: «بىز خۇدا بىلەن
بەندىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىچىلارمىز، بەندىلەرنىڭ ئارزۇ -
ئۈمىدلىرىنى خۇداغا يەتكۈزۈش جەريانىدا خۇدانىڭ جامالىنى
كۆرۈپ تۇرىمىز» دېگەن سۆزلىرىنىڭ پۈتۈنلەي يالغانلىقىنى؛
مۇرىتلارغا: «مال - دۇنياغا، ھۇزۇر - ھالاۋەتكە بېرىلمەسلىك،
پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئاللاغا تاپشۇرۇش» دەپ ۋەز - نەسىھەت قىل-
سىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ مۇرىتلار تەقدىم قىلغان يەر - سۇ،
چارۋا، مال - مۈلۈكلەر بىلەن ئۆزىنى بېيىتىۋاتقان، مال - دۇن-
يانىڭ كويىدا يۈرۈۋاتقان ئاچ كۆز كىشىلەر ئىكەنلىكىنى
چۈشىنىپ يېتىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئەخمىقانە قىلمىشلى-
رىغا ئېچىنغان ھالدا مۇنداق بىر كۇپلېت شېئىرنى يېزىپ، ئاتىسى

قۇتلۇق ھاجىمغا تەقدىم قىلىدۇ :

« ھاجى مومىسك ، مەخسۇم ئەخمەق ، خوجا دۆت ،
سوپى جىننىي ، موللا شەيتان ، قارىي كۆت .
تۆرەم تەنتەك ، رەمچى تۈلكە ، باخشى پەس ،
داخان ئوغرى ، مەدداھ يالغان ، ئابدال نەس » .

ئىمىرھۈسەيىن قازىھاجىم تەرىقەتكە بولغان ئىخلاسىدىن يېنىپ قەشقەرگە قايتىپ كىرگەندىن كېيىن ، ھىجرىيە 1352 ـ يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەلدە (مىلادىيە 1933 ـ ، 1934 ـ يىل 6 ـ ئايدا ) قۇتلۇق ھاجىمنىڭ ياردىمى بىلەن قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ مەھكىمە شەرئىيىسىگە قازىخانا ئەزاسى بولۇپ خىزمەتكە كىرىدۇ . بۇ چاغ دەل « ئاپرېل ئۆزگىرىشى » يۈز بېرىپ ، شىڭ شىسەي تەختكە چىقىپ « جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش ، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش ، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش ، تىنچلىقنى قوغداش ، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش »تىن ئىبارەت ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى كۆتۈرۈۋالغان ؛ قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ تۈرتكىسىدە باشلانغان زۇلۇمغا ، جاھالەتچىلىك ، نادانلىق ، خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇش ، مىللەتنى پەن ـ مەدەنىيەت ئارقىلىق قۇتۇلدۇرۇش دولقۇنى راسا ئەۋجىگە چىققان ؛ ھەرخىل كۈچلەرنىڭ ئۆزئارا تىركىشىشى ، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشى تۈپەيلىدىن جەنۇبىي شىنجاڭ تېخى ئومۇمىيۈزلۈك تىنچلىنىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ ، ئەمما شىنجاڭنىڭ ھەممىلا جايلىرىدا مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى بارلىققا كېلىپ ، يېڭىچە پەن ـ مەدەنىيەتكە داغدام يول ئېچىلغان ، خۇراپاتلىق ـ جاھالەتكە ئوت ئېچىلغان دەۋر ئىدى . ئىمىرھۈسەيىن قازىھاجىم ئۆز ئۆمۈر ھايا-

تىنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە يازغان بىر شېئىرىدا مۇنداق دەيدۇ :

« شۇ دەۋرانىنىڭ تەقەززاسى قىلىپ قازىخانا ئەزاسى ،
ماڭا ئاخۇنلار نارازى ، تەكەببۇرلۇق ھاۋاسىدىن .
مېنىڭ ئۈستۈمدە ئون ئاخۇن ، ئۇلارنىڭ ئىلكىدە قانۇن ،
ئۇلار ئالدىدا مەن زەبۇن ، كىچىكلىك بىناۋاسىدىن .
بۇ ئاخۇن ھەردەم بولغانغان ، ۋۇجۇدى نەپس بىلەن تولغان ،
بېرىپ تۇرسام ئامان قويغان ، مۇۋۇت - كىمخاپ كۆلاسىدىن .
يەنە يامۇلدا بەگ - تۇگچى پارا - رىشۋەدىن ئىش ئوگچى ،
قىلىپ تەھدىت ماڭا شۇنچى ، لېگەن - داسقان تەمەسىدىن .
بۇلارنىڭ كەينىدىن بوجاڭ ، تېخى سۇگجاڭ بىلەن كوجاڭ ،
قاپاق تۇرتەر يوغان جۇيجاڭ ئېلىشنىڭ مۇددىئاسىدىن .
بالاخور ئاقساقال شاگزۇڭ ، تەمەخور مۇستەبىت لوزۇڭ ،
قويۇپ ئالدىغا مەن تاگزۇڭ ، ساماۋارنىڭ پولۇسىدىن .
يۇقىرىقى مۇستەبىتلەردىن ھەمىشەم دەككە - دەشناملار ،
توقۇپ ھەر ياگزا بەتناملار مالامەت ئىختىراسىدىن » .

ئۇ ، بىر تەرەپتىن قېقىلىپ - سىقىلىپ يۈرۈپ ، قازىخانا ئىشلىرىنى ئىشلىسە ، يەنە بىر تەرەپتىن يېگىلىق ، ئىلىم - ئېرپان قايىنىمىغا ئۆزىنى ئېتىپ ئاتىسى قۇتلۇق ھاجىم باش تەھرىرلىكىدە چىقىدىغان « يېڭى ھايات » گېزىتىنىڭ ماقالىلىرىنى كۆچۈرۈپ بېرىش ، تارقىتىش خىزمىتىگە يېقىندىن ياردەملىشىدۇ . گېزىتتىكى يېڭى خەۋەرلەرنى باشقىلارغا تەشۋىق قىلىدۇ .

ئەينى چاغدا « يېڭى ھايات » گېزىتىگە يالغۇز قەشقەرنىڭ ئەھۋالىغا دائىر ئىشلار بېسىلىپ ، خەۋەر قىلىنىپلا قالماستىن ، بەلكى قۇمۇل ، تۇرپان ، قاراشەھەر ، ئاقسۇ ، خوتەن ، ئۈچتۇرپان

قاتارلىق جايلاردا بولۇپ ئۆتكەن سىياسىي، ئىجتىمائىي ئىشلارغا ئائىت ئەھۋاللار، مەدەنىيەت - مائارىپ تەرەققىياتىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەر، ئەمەلدارلارنىڭ خەلققە سالغان ئالۋان - ياساق زۇلۇملىرى توغرىسىدىكى نارازىلىق سادالار، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق توغرىسىدىكى شىكايەتلەر، شۇنداقلا ئىراندا چىقىدىغان «تېھران گېزىتى»، ئافغانىستاندا چىقىدىغان «ئامان ئەفغان» ژۇرنىلى، ئۆزبېكىستاندا چىقىدىغان «قىزىل ئۆزبېكىستان» گېزىتىدىن تەرجىمە قىلىنغان خەلقئارا ئېقىم مەسىلىلىرىگە، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا دائىر ماقالىلەرمۇ بېسىلاتتى. جاللات شېڭ شىسەي بۇ گېزىتكە بېسىلغان خەلقئارادىكى تىنچلىق، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك ئۈچۈن بولۇۋاتقان كۈرەشلەردىن، يېڭىلىقلاردىن خەلق ئاممىسىنىڭ خەۋەر تېپىپ كۆزى ئېچىلىپ، ئۆزىگە قارشى تۇرۇشىدىن قورقسا؛ مۇتەئەسسىپ كۈچلەر، يەرلىك ئەمەلدارلار بۇ گېزىتنىڭ ئۆزلىرىنى پاش قىلىپ تەنقىد قىلغانلىقىدىن ئىنتايىن نارازى ئىدى. شۇڭا، شېڭ شىسەي 1937 - يىل 9 - ئايدا «جەنۇبىي شىنجاڭ ئىسيانى»① نى ئويدۇرۇپ چىقىپ، تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى، بايلارنى قولغا ئالغاندا، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ، موللىلارنىڭ چېقىشتۇرۇشى بىلەن قۇتلۇق ھاجىمنى، ئوغلى ئابلىمىت قۇتلۇقنى، ئىمىرھۇسەيىن قازىھاجىمنى، ئىنىلىرىدىن ئىسمايىل

① 1937 - يىلى شېڭ شىسەينىڭ مەھمۇت سىجاڭنى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكىرىي باشلىقلىرىنى، ماخۇسەننى يوقىتىش پىلانى ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقتىن، مەھمۇت سىجاڭ چەتكە چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ئابدۇنىيازنىڭ باشچىلىقىدا ماخۇسەن بىلەن بىرلىشىپ، شېڭ شىسەيگە قارشى ئۇرۇش قىلىپ مەغلۇپ بولىدۇ. شېڭ شىسەي بۇ ۋەقەنى «جەنۇبىي شىنجاڭ ئىسيانى»دەپ ئاتايدۇ ھەمدە بۇ ئىشتىن پايدىلىنىپ 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى تۇتۇپ باستۇرىدۇ.

ھەققى، مۇسا ئاخۇن قاتارلىق بىر ئەۋلادتىن يەتتە كىشىنى قولغا ئالىدۇ ھەمدە شۇ يىلى 10 ـ ئايدا قۇتلۇق ھاجىم باشلىق ئالتە كىشى قەشقەر شەھەر يارباغدىكى تېرەكلىك (ھازىرقى ۋىلايەتلىك بەش خىل مېتال شىركىتى ئورنى) دا ك گ ب نىڭ مەخپىي خادىمى، ساقچى ژاندارما باشلىقى مەۋلانۇپ تەرىپىدىن ناگان بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئىمىرھۇسەيىن قازىھاجىمنىڭ تۇتامغا چىققۇدەك جىنايىتى بولمىغاچقا، ئۈچ يىل تۈرمىدە ياتقاندىن كېيىن 1940 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى 500 سەر كۈمۈش تەڭگە جەرىمانە تۆلەش، «تۆۋەنامە يېزىش» بەدىلىگە قويۇپ بېرىلىدۇ.

ئىمىرھۇسەيىن قازىھاجىم تۈرمىدىن بوشىنىپ چىققاندىن كېيىن، يەنە كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ مەھكىمە شەرئىيىسىدە داۋاملىق قازى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالىنىپ، 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلىدۇ. 1947ـ يىل 4ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ۋە 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى جاڭ جىژجۇڭ ①، ئەخمەتجان قاسىمى، ۋاڭ زىڭشەن، رەھىمجان سابىرھاجى، ئېيسا ئالىپتېكىن، چۈيۈۋۇ، مەسئۇت سەبىرى، ليۇ زەيدۇڭ قاتارلىقلار 11 بىتىمنىڭ ئىزچىللىشىشى، خەلقچىللىق، دېموكراتىيىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن قەشقەرگە كېلىپ، ھەر ساھە زاتلار بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بارغاندا، قەشقەردىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى ئاممىدىن بولۇپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق كىشى «قارلىغاچ» ناملىق ئىنقىلابىي تەشكىلاتنىڭ يېتەكچىلىكىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ 11 بىتىمگە

---

① جاڭ جىژجۇڭ ئەينى چاغدا غەربىي شىمال ھەربىي، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باشلىقى،قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولغان.

خىلاپلىق قىلىپ، خەلق ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان زورلۇق، زوراۋانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، نامايىش ئۆتكۈزىدۇ. ھەر ئىككى قېتىمدا ۋالىي مەھكىمىنى قورشىۋېلىپ، جاڭ جىژجۇڭغا سوئاللارنى قويۇپ جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، 15 سائەتتىن ئارتۇق تەمترىتىپ مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئىمىرھۈسەيىن قازىھاجىم بىر شېئىرىدا:

« گومىنداڭدىن سىقىلدىمەن، بالاخوردىن قىسىلدىمەن،
ھەقىقەتكە ئېسىلدىمەن يامانلار غوۋغاسىدىن.
يامانلارغا يېلىنمىدىم، خۇشامەتكە سېتىلمىدىم،
مۇستەبىتلەرگە قېتىلمىدىم، يۈرەك ـ ۋىجدان ساپاسىدىن.
بالاخورلارنى قىلدى باش سەنيىخۇي دەپ قالاق تەشكىل،
بالاخور ئەزدى پۇقرانى تەشكىلنىڭ نىداسىدىن ».

دەپ يازغىنىدەك، ئۇ مۇشۇ قېتىمقى ھەرىكەتتە ئاما ۋەكىللىرى قاتارىدا سۆزگە چىقىپ، گومىنداڭ ھەربىي دائىرىلىرىنىڭ 1946 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە قەشقەر ۋىلايىتىدە ئېلىپ بېرىلغان خەلقچىللىق سايلامغا قىلغان بۇزغۇنچىلىقى، قورال كۈچى بىلەن تەھدىت سېلىپ سەنيىخۇي (ناھىيىلىك ۋە ۋىلايەتلىك كېڭەش) كە بىر قىسىم ئەزگۈچى، ئەپسانىيەتچى ئۇنسۇرلارنى سىغداپ كىرگۈزۈپ قويغانلىقى؛ ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ئىنقىلابىي زىيالىيلارغا، دېموكراتىك تەرەققىيپەرۋەر زاتلارغا، ئىلغار ياشلارغا قىلغان زىيانكەشلىكى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ ۋە جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان بىر قىسىم ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى قاتتىق جازالاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. 42 ـ دىۋىزىيىنىڭ قوماندانى، قوشۇمچە جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق شتابىنىڭ ۋاقىتلىق قوماندانى جاۋ شىكۋاڭنىڭ

مۇھاپىزىتى ئاستىدا ئاما مۇھاسىرىسىدىن ئاران قېچىپ قۇتۇلغان جاڭ جىژجوڭ 8 ـ ماي ئۈرۈمچىگە يېتىپ باردى ، 10 ـ ماي ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا سوراپ ، جاڭ جيېشىغا تېلېگراما بېردى . 19 ـ ماي جاڭ جىژجۇڭنىڭ ئىستىپانامىسى تەستىقلىنىپ ئورنىغا مەسئۇت سەبىرى رەئىس بولدى . 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى قەشقەردە مەسئۇت سەبىرىنىڭ رەئىس بولۇشىغا قارشى نامايىش بولدى . بۇ ئاممۇۋى نامايىشتا ئىمىرھۈسەيىن قازىھاجىم ئۆزىنىڭ تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلدى . شۇ يىلى 7 ـ ئايدا بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن ياڭ دالياڭ ، جاۋ شىكۇاڭ قاتارلىق ھەربىي ئەمەلدارلار « قەشقەرنى تىنجىتىپ ۋەزىيەتنى ئوڭشاش » ئۈچۈن بىر قارا تىزىملىك تۈزۈپ ، يۇقىرىغا تەستىقلاتقاندىن كېيىن ، 1947 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى قەشقەردە چوڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىشنى باشلايدۇ . بىر كېچىدىلا « قىزىل پاچاقلار » ، « ئۈچ ۋىلايەتنىڭ قويرۇقچىلىرى » دەپ ئاتالغان 1000دىن ئارتۇق ئادەمنى قولغا ئالىدۇ . ئىمىرھۈسەيىن قازىھاجىممۇ شۇ چاغدا قاسىمجان قەمبىرى (ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋەكىلى ، قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى) ، ئابلىز مۇھەممىدى (ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى) ، ئالىم ئاخۇن (قەشقەر گېزىتى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ، يەنە بىر ئىسمى مۆمىن ھەمرايىۋ) ، ئابلەق ئېزىزى (ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) ، ئابدۇرېھىم ئىمىنوپ (ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى) ، نىزامىدىن سالىيوۋ (قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ مۇدىرى) ، قاسىموپ ، ئۆمەر سەلەي ، توختى قۇربان ، ئابلا مەخسۇم ، ئابلا زوردۇن ، توختى باقى ، ئەمەت ئۆمەر ، مۇھەممەت ئېيسابەگ ، خوجابەگ ، قاسىم تاش ، ھەيدەر ئېلى بەگ ،

ياقۇپ ئاخۇن قاتارلىقلار بىلەن بىللە قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە قامىلىدۇ①. ئىمىرھۇسەيىن قازىھاجىمنىڭ قامالغانلىقىنى ئاڭلىغان بىر قىسىم قازى، مۇتەئەسسىپ، ئىمام، خەتىپ دېگەنلەر: «ئۆزىنىڭ قازىلىقىنى قىلماي، ھۆكۈمەت سىياسىتىگە ئارىلىشىپ نېمە قىلىدۇ! خوپ بوپتۇ» دەپ تاپا - تەنە قىلىپ، بەزىبىر پىتنە - ئىغۋالارنىمۇ توقۇيدۇ. گومىنداڭ تۈرمىسىدە يېرىم يىل ياتقان ئىمىرھۇسەيىن قازىھاجىم يۇرت - مەھەللە، جامائەتنىڭ ئىلتىماس قىلىشى بىلەن كېپىللىككە قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن تۆۋەندىكى شېئىرنى يازىدۇ:

« ئەرەب - پارسى سۆزنى ئوقۇر ھەر زامان،
ئىلىم ئەھلى ئۇمىدۋار بولار تەرجىمان.
بىرى قازى بولغان، بىرى مۇپتىدۇر،
بىرى شەيخ بولغان تەمە جۇپتىدۇر.
بىرىدۇر مۇدەررىس، بىرىدۇر خەتىپ،
بىرى مۆتىۋەللى، بىرى مۇھتەسىپ.
بىرىدۇر مۇئەززىن، بىرىدۇر ئىمام،
ھەممە موللا - ئاخۇن دېگەنلەر تامام.
پۇتۇن ۋەقىپ، ئەۋقاپنى يەپ تويمىغان،
ئەقىق، خەتمە، مەۋلۇدنى ھېچ قويمىغان.
نېمە كەلسەلەر ئالدىغا يەپ - ئىچىپ،

① مۇشۇ قېتىم قولغا ئېلىنغانلاردىن قاسىمجان قەمبىرى، ئابلىز مۇھەممىدى، ئالىم ئاخۇن، نىزامىدىن سالىيوۋ، ئابلەق ئىزىزى، ئابدۇرېھىم ئىمىنوپ قاتارلىقلار 42 - دىۋىزىيىنىڭ يىگىشەھەردىكى ھەربىي تۈرمىسىگە قامالغان. باشقىلار ھازىرقى ۋىلايەتلىك ساقچى باشقارمىسى ئورنىدىكى 9 - گارنىزون قوماندانلىق شتابىنىڭ تۈرمىسىگە ۋە قومەرۋازىدىكى «گۆڭگاڭ» دەپ ئاتالغان تۈرمىگە (ھازىرقى قومەرۋازا ساقچىخانا ئورنىدا) قامالغان.

دۇئاسى بۇلارنىڭ قاچان مۇستەجىپ.
كىيەر نەزىر ـ تويغا رىيا خەلقەتى،
تىجارەت بۇلارغا ئۆلۈم ئىسقاتى.
تەمەننايى كەبىرى، ئاداۋەت ـ ھەسەت،
قىلۇر بىر ـ بىرىنىڭ كالامىنى رەت.
تەرەققىي جاھاندىن بۇلار بىخەۋەر،
بۇلار ئۆلسە قالماس ئۆلۈمى ئەسەر.
مۇرادى بۇلارنىڭ قورساق تويغۇزۇش،
جاھالەت، خۇراپاتقا خەلق ئويغىتىش.
راۋامۇ بۇلارغا بۇ خىل پەسچىلىك،
ئەمەل يوق ئىلىمگە مىكىر خەسچىلىك».

1949 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئىمىرھۈسەيىن قازىھاجىم مەھكىمە شەرئىيدە يەنە قازىلىق ئىشلىرى بىلەن داۋاملىق مەشغۇل بولىدۇ. 1952 ـ يىلى ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ قازىخانا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىمىرھۈسەيىن قازىھاجىم ئائىلىسىگە قايتىپ، قول ھۈنەر ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىك ئىشلىرىنى يولغا سالىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ماتېرىيال توپلاپ تارىخ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. مەركەز ۋە ئۆلكىدىن كەلگەن تارىخ، ئاسارئەتىقە، ئەدەبىيات، تىل ـ تەزكىرە، جۇغراپىيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يولداشلارنى كۈتۈۋېلىپ، ئۇلارنى مول ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئىمىرھۈسەيىن قازىھاجىم يازغان چوڭ ھەجىمدىكى يىرىك ئەسەر «تارىخىي ئەسەر ۋاقىئەتى كاشغەر» — مانا مۇشۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلىدۇر.

بۇ ئەسەر 740 بەت، 6 × 17 × 12 سانتىمېتىر فورماتلىق

بولۇپ، ھەربىر بىتىگە چاغاتاي يېزىقىدا 25 قۇردىن خەت يېزىلـ-
غان. ئەسەر ئۈچ جىلد (دەپتەر) گە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى جىلددە
39 ماۋزۇ بولۇپ، ئۇنىڭدا تۈرك خەلقلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى،
ئۇيغۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا
تارقىلىشى، كېيىنكى ھەربىي، مەمۇرىي ئۆزگىرىشلەر ۋە بۇ جەر-
يانلاردا بولۇپ ئۆتكەن زور سىياسىي، ئىجتىمائىي، تارىخىي
ۋەقەلەر، ئاتاقلىق شەخسلەرنىڭ پائالىيىتى، مەدەنىيەت - مائا-
رىپ، ھۈنەر - سەنئەت قاتارلىق ئەھۋاللار بايان قىلىنىدۇ.
ئىككىنچى جىلددە 35 ماۋزۇ بولۇپ، ئۇنىڭدا مەخسۇس كۇچادىكى
راشىدىن خان ھاكىمىيىتى بىلەن قەشقەردە ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى-
نىڭ تىكلىنىشى، ياقۇپبەگنىڭ ھەربىي يۈرۈشى، خارجى ئىشلار
مۇناسىۋىتى، ياقۇپبەگ تەمىر قىلغان قۇرۇلۇشلارنىڭ ئومۇمىي
ئەھۋالى، ياقۇپبەگنىڭ خەلققە سالغان زۇلۇملىرى، ياقۇپبەگ
ھاكىمىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى، بۇ دەۋردە يۈز بەرگەن بىرقانچە
تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ. ئۈچىنچى جىلد 31 ماۋزۇ
بولۇپ، بۇ جىلددە شىنجاڭ ۋە قەشقەردە بولغان ھەربىي، مەمۇ-
رىي ئۆزگىرىشلەر، چەت ئەل كونسۇلخانىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى،
ئۇلارنىڭ يەل بېرىشى ئارقىسىدا جاھانگىر كۈچلەرنىڭ شىنجاڭدا
ئېلىپ بارغان تاجاۋۇزچىلىق، ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرى،
شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىنكى مەمۇرىي ئۆزگىرىشلەر، تۆمۈر
خەلپە قوزغىلىڭى، خەلقنىڭ تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى،
غەللە - پاراق، ئالۋان - ياساق، باج تۈزۈملىرى، جاي
ئىسىملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى، مەسچىت، مەدرىسە، مۇھىم مە-
دەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ بىنا بولۇشى، كۆل -
ئۆستەڭلەرنىڭ چېپىلىش تارىخى قاتارلىقلار كىشىنى قايىل
قىلارلىق دەرىجىدە ئىنتايىن تەپسىلىي ھالدا بايان قىلىنىدۇ.
ئەسەر تارىخىي جەريانلارنى بىر خىل ئىزچىللىقتا تەرتىپلىك بايان

قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن گەرچە تارىخىي ئەسەر ھېسابلانسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىكى بەدىئىي تەسۋىر، لىرىك ھېسسىيات، ئوبرازلار خاراكتېرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن يەنە بىر ھېسابتا ئۇنى بەدىئىي ئەسەر دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. ئاپتور ئۆز كىتابىدا ئاپپاق خوجا، نوزۇگۇم، ياقۇپبەگ، نىياز ھېكىمبەگدەك بەزى تارىخىي شەخسلەرنى بايان قىلغاندا ئادەتتىكى تونۇشتۇرۇش شەكلىنى قوللانماستىن، بەلكى ئەدەبىي تەسۋىر ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، بۇ تارىخىي شەخسلەرنىڭ بىر پۈتۈن ئوبرازىنى ياراتقان. شۇنداقلا ئاپتور بەزى ۋەقەلىكلەرگە قارىتا ئۆز كۆزقارىشى ۋە ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان لىرىك پارچىلارنى قىستۇرغان. مەسىلەن:

« جانابى ھېكىم ۋاڭ بېگىمگە سالام،
خاراب بولدى خەلقلەر بۇزۇلدى نىزام.
خاقان لى سىدا ① يوق ئىدى مۇنداق ئىش،
چىقىپ ھەر خىل ئالۋان ـ ياساقلار داۋام.
خوجاملار قىلىپ بىزنى ۋەيرانچىلىق،
پەقەت تىنچلىنالماي، تاپالماي ئارام.
بۇلاردىن قۇتۇلساق يەنە مىڭ بەتەر،
غېرىبلىق كېلىپ بىزنى باستى تامام.
بۇ دەۋراندا راھەت پەقەت بەگلىگە،
ئۆلۈپ كەتسە مەيلى جاپاكەش ھارام.
ۋاڭ ئەۋلادى ھاكىم، بېگىملەر سىراپ،
چاكارلارغا يوق ھېچ تويغۇچە تائام.
ھېكىمنىڭ يېرى يەتتە پاتمان ئۇشۇق،
نۆكەرلىككە ئىشلەر غېرىب سۇبھى ـ شام.
تېرىپ ۋاڭ يېرىنى ھوسۇل غول ئېلىپ،

---

① لى سىدا ـــ قانۇنىدا دېگەن مەنىدە.

توشۇپ ۋاڭ خوجامغا بولۇپ خەلق غۇلام.
ھېكىمگە، بېگىمگە، خېنىمغا دېدەك،
بولۇپ ئىشلىسەك بىز يۇرت بارچە تامام.
ئۇرۇپ ئىشلىتىپ، باستى كاھ بېگىم،
سېتىپ بەردى ئالۋانغا دەپ قازاننى مامام.
ئۇرارلەر مەسچىتتە جامائەتلىنى،
سېلىقنى بېرەلمەي قېچىپتۇ ئىمام.
ئاش ۋە ناننى قويماي پىشۇرغۇنچىلىك،
ئوچاقتا سوۋۇپ، قايىنىماي پىشتى خام.
نۆكەرلىككە بارساق تېپىلماي ئورۇن،
ھېكىم ئېيتىدۇ كەت نېرى، يوق چولام.
ھېكىم، ۋاڭ بېگىمنىڭ تولا كارىزى،
پۇتۇپ بولغۇچە ئىشلىدى خاس ئام.
مىرابلارغا قىلدۇق تولا سوقا تاش،
تۈگمەن - جۇۋازلارغا سېلىپ نەچچە تام.
خېنىملار شامالىق تېرەك باغ دېسە،
بېرىپ تۆھمەتىگە سېلىپ تال - بادام.
ئانار - ئەنجۇر مېۋىلەر ئوخشىتىپ.
يەنە گۈل توشۇپ نەچچە خىل، نەچچە يام.
بېگىملەر شىكار - ئوۋ قىلىپ ئويىنسا،
سېلىق بولدى يۇرتقا چىراغ بىرلە شام.
ھاشار ئىشلىسە نەچچە مىڭ ئەر - خاتۇن،
پاراغەتتە بايلار كۆرۈپ ئېھتىرام».

يۇقىرىدىكىلەر بۇرھاندىن خوجىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ، شىنجاڭدا ۋاڭلىق دەۋر باشلانغاندىن كېيىنكى ئىجتىمائىي ئەھۋاللارغا قارىتا ئاپتورنىڭ غەزەپلىك ھېسسىياتى ۋە

نارازىلىقىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى. شائىر تۆۋەندىكى مەرسىيەسىدە خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر مىللىي قەھرىمانى، سۆيۈملۈك قىزى نوزۇگۇمنىڭ ۋاپاتىغا ئىچىنىش ھېسسىياتىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

«ئايرىلىپ يۇرتتىن مۇساپىرلىقتا ئۆلگەن نازۇگۇم،
باغلىنىپ زەنجىرگە ھەيرانلىقتا ئۆلگەن نازۇگۇم.
سەن تېخى ياش غۇنچە ئەمەسمۇ. بۇ ئەجەل كەلدى ئەجەب،
يىغلىشايلى سەن ئۈچۈن غەيرەتتە ئۆلگەن نازۇگۇم.
ھەيدىلىپ زۇلمەت بىلەن بىرقانچە ئايلىق يول كېزىپ،
ناتاۋانلىق دەرد بىلەن ھەسرەتتە ئۆلگەن نازۇگۇم.
بۇ قىزىل ئاققان قېنىڭ دەردلىك يۈرەكتە ئاقتى سەل،
قاپقارا زۇلمەت تۈنىدە شېھىت ئۆلگەن نازۇگۇم.
ۋاي سېنىڭ قامەتلىرىڭ نازۇك بەدەن قاش - كۆزلىرىڭ،
ياد ئېتىپ يىغلاپ ئەسىرلەر غۇربەتتە ئۆلگەن نازۇگۇم.
بارمۇ بىزلەردەك جاھاندا خانىۋەيران يوق كىشى،
بىگۇناھ سۈرگۈن بولۇپ، كۈلپەتتە ئۆلگەن نازۇگۇم».

بۇ ئەسەر خەلق داستانچىلىقىنىڭ نەسر بىلەن نەزم ئارىلاش ئۇسلۇبىغا بەكمۇ يېقىن بولۇپ، ئاپتور ئۆز ئەسىرىنى يېزىشتا ئىنتايىن قىزغىنلىق، جانلىق، ھېسسىياتلىق بولۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. شۇڭا، بۇ ئەسەر تارىخىي قىممىتى بىلەنلا ئەمەس، ئەدەبىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەنمۇ ئېتىبار بېرىپ ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ.

مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا پۈتكۈل جۇڭگونى 10 يىل قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن تۆت كىشىلىك گۇرۇھ باشقا ساھەلەرگە قىلغان بۇزغۇنچىلىقلىرىغا ئوخشاش پارتىيىنىڭ بىرلىك سەپ

سىياسىتىگە بوْزغوْنچىلىق قىلىپ، بىرلىك سەپ ئەزالىرىنى ئېكسپىلاتاتور سىنىپ ۋەكىللىرى قاتارىغا ئىتتىرىۋەتكەن ھەمدە ئۇلار ئۈستىدىن ئومۇمىيۈزلۈك دىكتاتۇرا يۈرگۈزگەن ئاشۇ كۈنلەردە، ئىمىرھۈسەيىن قازىھاجىم يەنە ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى. 1966 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئۇ «پىتنە ـ ئىغۋا تېرىغان»، «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى» دەپ قولغا ئېلىنىپ، قەشقەر شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ دۆڭباغ ئالدىدىكى تۈرمىسىگە قامالدى. بىر يەكشەنبە كۈنى بوينىغا تاختا ئېسىپ، كوچا ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىنغاندىن كېيىن 14 يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى پەيزاۋاتتىكى «قارلىغاچ» ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى 3 ـ ئوتتۇرا ئەترەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئىمىرھۈسەيىن قازىھاجىم ئۆز ئۈستىدىن تۇرغۇزۇلغان دېلونىڭ يالغان، ناھەق، خاتا ئىكەنلىكىنى، ئۆزىگە ئېغىر دەرىجىدە ئۇۋال قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، 1967 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 1978 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى، قەشقەر رايونلۇق پارتكوم، قەشقەر رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت، ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى، شەھەرلىك سوت مەھكىمىسى، ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسى، شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى، شەھەرلىك بىرلىك سەپ بۆلۈمى، «قارلىغاچ» ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدان رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قاتارلىق ئورۇنلارغا 76 پارچە نارازىلىق ئەرز خېتى يازدى. جازا مۇددىتىنى قىسقارتىش ئۈچۈن قىش ـ ياز ئوچۇقچىلىقتا يېتىپ ـ قوپۇپ ئەمگەك قىلدى. زىمىستاندىكى جۇت ـ شىۋىرغاندىن، يازدىكى بوران ـ يامغۇر، قىزىق ئاپتاپتىن قورقمىدى. شۇ چاغدىكى سىياسىي ۋەزىيەتكە يېقىندىن ماسلىشىپ، ماۋجۇشىنىڭ

بەش ئەسىرنى ۋە 16 شېئىرنى ئۆگىنىپ ، يادلىدى . كۇرەش ـ پىپەنلەرگە ۋە لىن بياۋ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنى پىپەن قىلىشقا قاتناشتى . شۇنداقتىمۇ ئىمىرھۇسەيىن قازىھاجىمغا بولغان رىجىم كۈچەيتىلدى . ئۇ ، 1975 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يەكەن پەيلو ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا يۆتكەپ كېلىنگەندىن كېيىن ، تۆت قېتىم ئەترەتتىن ئەترەتكە ئالماشتۇرۇلۇپ ، ئېغىر ئەمگەكلەرگە سېلىنىپ جازالاندى . بۇ مەزگىلدە ئايالىدىن جۇدا بولۇپ ، يۈزىنى كۆرۈشكە نېسىپ بولالمىدى . كېپىللىككە قويۇپ بېرىش ھەققىدە سۇنغان كۆپ قېتىملىق ئىلتىماسى تەستىقلانمىدى . 75 ياشلىق بۇ بوۋاي ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ پەرزەنت ـ ئەۋلادىغا تۆۋەندىكى ۋەسىيەتنامىنى يېزىپ قالدۇردى :

« ئىشت پەرزەنت ساڭا ئېيتاي مېنىڭ بۇ نالە ـ زارىمنى ،
غېرىبلىق مەنزىلىمدە ھەم بىقورۇلۇق يوقۇبارىمنى .
پۈتۈن ئۆمرۈم ھاياتىمدا ، ئىلىم كەسپى ساۋاتىمدا ،
يېزىش ئىشق ھېسسىياتىمدا بىلىم بىلگەن گۇناھىمنى .
قامالغان تۈرمە ۋادىدە ـ داۋام ئەمگەكتۇر يادىمدا ،
ئاقارغان ساچ ـ ساقالىمدا يوقالغان ئېتىبارىمنى .
...
كېچە ـ كۈندۈزدە ياد ئەتمەك ، سۇنۇق روھىمنى شاد ئەتمەك ،
سەھەر ئاللاغا داد ئەتمەك پىغانلىق ئىنتىزارىمنى .
يېشىم يەتمىش تولۇپ سالىم ، قاماقتا بىقورۇ ھالىم ،
ۋاپات بولمىشكى ئايالىم ، رەپىقى روزىگارىمنى .
ھاياتىمغا ۋاپادارلىق ، ۋاپاتىمغا خېرىدارلىق ،
دىلىمغا مېھرى دىلدارلىق كۆكۈلدە گۈل باھارىمنى .
تامام ئەۋلادى پەرزەنتىم ، يۈرەك باغرىم ـ جىگەر بەندىم ،

ئامان قىلسۇن خۇداۋەندىم، بالام سىز بەختىيارىمنى.
سىلەرنى ئويلىسام ھەركۈن كۆزۈمدە ئۇيقۇ يوق بىر تۈن،
يۈرەك پارە ئەمەس پۈتۈن سېغىنغان دىل خۇمارىمنى،
قاچان كەلسەڭ زىيارەتكە، مېنى يوقلاش بېشارەتكە،
بېسىپ مەلھەم جاراھەتكە، تۈزەتتىڭ غەم - غۇبارىمنى.
كېچە - كۈندۈز ئاقار ياشىم، غەمۇھەسرەت بىلە باشىم،
تولۇق سىڭمەس يېگەن ئاشىم، بېرىپ كۆرسەم دىيارىمنى.
ۋەتەن كاشغەردە ئاستانىم، دىيارىم باغۇبوستانىم،
يېزىپ دەرد بىرلە داستانىم، ئەلەملىك ئەشئارىمنى.
قاماقتا يىلنى ئۆتكۈزدۈم، قېرىپمەن پەھمدىن ئازدىم،
ئېلىش ئەپۈەگە خەت يازدىم، مېنىڭ مۇددەت قارارىمنى.
بالام قۇددۇس بىلەن قۇتلۇق، دىلىمدا مېھرى بەك ئۇتلۇق،
ئىنايەت، ئەسقەرىم مۇكلۇق، بۇلاردەك ئىزباسارىمنى.
بالام قارىيە، مارىيە، كىچىك دىلبەرمۇ رازىيە،
دۇئايىم دىلدا زارىيە، بۇ ئەۋلاد ئىپتىخارىمنى.
يەنە دىلنۇرمۇ خالىدەم، مۇساپىرلىقتا پاتىمەم،
بولۇر ئەۋلادقا بۇ ھەمدەم، شېپى قىپ پەرۋەردىگارىمنى.
ئۈمىدىم ھەرقاچان سىزدىن، تەلەپتە ياش ئاقار كۆزدىن،
ھاياتىم كەتسە تىل - سۆزدىن، ۋەسىيەت بۇ يازارىمنى.
ۋەسىيەتلەرنى پەھمە ئەتكىل، غېرىب ھالىمغا رەھمە ئەتكىل،
بابام يانىغە دەپنە ئەتكىل، غېرىب قەبرى مازارىمنى.
ۋاپات بولسام جاھاندىن مەن، مېنىڭ روھىم قىلىڭ خۇرسەن،
« غېرىبىم » دەپ يىغلىغىز پەرزەنت، مېنىڭ ماتەم ھازايىمنى
ئەلەملىك قىبلىگاھىم دەپ، دۇئاگۇي خەيرخاھىم دەپ،
جاپاغا مۇپتىلاھىم دەپ، مېنىڭ كۆرگەن ئازارىمنى.
پاناھ بولسا ھايات دەۋرىم، تۇتۇڭ تاۋۇتنى تۆت نەۋرەم،
يېزىڭ لەۋھە غېرىب قەبرەم، دەردلىك بۇ شۇئارىمنى ».

1978 ـ يىلىدىكى باھار قۇياشى ئىمىرھۇسەيىن قازىھاجىمنىڭ قەلبىدە ھاياتقا بولغان ئۈمىد چىرىغىنى ياندۇردى. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا ئېچىلغان پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدىكى يالغان، ناھەق، ئۇۋال قىلىنغان دېلولارنى دەرھال تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، ئۇۋال قىلىنغان كىشىلەرنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىمىرھۇسەيىن قازىھاجىم 1980 ـ يىل 2 ـ ئايدا ئاقلىنىپ، بالا ـ چاقىلىرى بىلەن جەم بولۇپ، خاتىرجەملىككە ئېرىشكەندىن كېيىن، داۋاملىق ھالدا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قەشقەر شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلدى. قەشقەرنىڭ سابىق شەھەر باشلىقى ئابدۇقادىر چوڭ ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: « مەن 1980 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن ئىمىرھۇسەيىن قازىھاجىم بىلەن تونۇشقان. ئۇ ماڭا، يىكىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، گەپلىرىنىڭ يۇمۇرلۇقلۇقى بىلەن ھەرجەھەتتىن خېلى يۇقىرى مەلۇماتلىق بىر زاتكەن دېگەن تەسىراتنى بەرگەن... ئۇ، تۈرمىدىن چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي، بىرلىك سەپ ساھەسىدىكىلەر ۋە دىنىي زاتلار قاتناشقان سىياسىي ئۆگىنىشتە ئۆز تەسىراتىنى سۆزلەپ مۇنداق دېگەن: ‹ مەن 70 نەچچە يىللىق كەچۈرمىشلىرىم ئارقىلىق شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، جۇڭگو كومپارتىيىسى ئۇلۇغ پارتىيە، توغرا پارتىيە، ھەقنى ھەق، ناھەقنى ناھەق دەيدىغان ئادىل پارتىيە. خاتالىقنى تۈزىتىشكە جۈرئەت قىلالايدىغان، ئۆزى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان پۇقرالىرىغا ئىشەنچ قىلالايدىغان جەسۇر پارتىيە. مەن ئۆمرۈمدە ئۈچ قېتىم تۈرمىدە ياتتىم، ئۈچىلى قېتىم ناھەق ياتتىم.

شىڭ شىسەي ، گومىنداڭلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۆزىنىڭ ناھەق ئىش قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان . چۈنكى ، ئۇلار ئۆزىنىڭ پۇقراسىغا ئىشەنچ قىلمايدۇ ، خەلقتىن قورقىدۇ . پەقەت جۇڭگو كومپارتىيىسىلا ۋە خەلق ھۆكۈمىتىلا خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدۇ . چۈنكى ، جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى خەلققە ئىشىنىدۇ ، پۇقرالىرىغا ئىشەنچ قىلالايدۇ . خاتالىقىنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلسا ، خەلقنىڭ ئىشەنچىگە ۋە ئەپۇ قىلىشىغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ » . ئۇ ، شەھىرىمىزدىكى مەسئۇل رەھبەرلەرنى ھەمىشە ئۆزلۈكىدىن ئىزدەپ ، سۆھبەتلىشىپ ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى . ھۆكۈمەت خىزمىتى ، جەمئىيەت ئەھۋالى ، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش ، يېتەكلەشكە قارىتا پايدىلىق ، ئەقىلگە مۇۋاپىق تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى بېرىپ تۇراتتى . سۆھبەتتە ئۇ ئاۋۋال بىر ـ ئىككى جۈملە ھېكمەتلىك سۆزنى باش تېما قىلىپ ، ئارقىدىن تارىختىكى بىرەر ۋەقە ياكى ئىشنى ھېكايە قىلىپ ، باش تېمىنى چۈشەندۈرەتتى . قەشقەر شەھىرىدە مەسئۇل خىزمەت ئۆتىگەن ئابلا ئىسمايىل ، تەۋەككۈل ھۈسەيىن ، ھەسەن تۇردى ، جۈملىدىن مەنمۇ ئۇنىڭ سىرداش دوستلىرى بولۇپ قالغان ئىدۇق . 1984 ـ ، 1985 ـ يىللىرى ئىمىر ھۈسەيىن قازىھاجىم مېنى ئىزدەپ كېلىپ ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بىرنەچچە قېتىم ئۇزاق پاراڭلاشقان . پاراڭ ئارىلىقىدا ئۇ ، تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى مىسال كەلتۈرۈپ ، ھەرقايسى مىللەتتىن بولغان رەھبەرلىك خىزمىتى ئىشلەيدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش ھەققىدە ، دىنىي زاتلارغا توغرا مۇئامىلىدە بولۇش ھەققىدە پايدىلىق تەكلىپلەرنى بەرگەن » ①.

ئىمىر ھۈسەيىن قازىھاجىم بۇ يىللاردا موللا سادىق ئەلەم

---

① « قەشقەر شەھەر تارىخ ماتېرىياللىرى » ئالتىنچى توپلام 77 ـ بەت .

ئاخۇن (موللامۇھەممەت سادىق قەشقەرى) تەرىپىدىن «ھەزرىتى موللام» مازىرىغا مۇتلەق ۋەخپە قىلىنغان « مەسنىۋى شېرىپ » كىتابىنى ۋە ئۇنىڭ ئىچىگە قوشۇپ تۇپلەنگەن ۋەخپە قىلىش ھەققىدە يېزىپ قالدۇرۇلغان تەۋلىيە خەتنى تېپىپ چىقىپ، « ھەزرىتى موللام » مازىرىنىڭ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاشتا زور خىزمەت كۆرسەتتى. ئۇ يەنە، «قەلىمى قۇرئان »①، « بەھرىلئەنساب »②قاتارلىق ماتېرىياللارنىمۇ تېپىپ كېلىپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى ئورنىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان يىلىنى ئېنىقلاشتا كۆپ تۆھپە قوشتى.

ئىمىر ھۈسەيىن قازىھاجىم 1985 ـ يىل 8 ـ ئايدا شىنجاڭ ھەج ئۆمىكىگە قوشۇلۇپ، سەئۇدى ئەرەبىستانغا ئاتلاندى. ئۇ، ھەجگە بارغان باشقا مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش مۇسۇلمانچىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ، بۈيۈك ئارزۇ ـ مەقسەتلىرىگە يېتىپ، چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدى. ئەمما، قايتىشقا يېقىن مەزگىلدىكى سەئۇدى ئەرەبىستان دىيارىدا بولۇۋاتقان 44°C تىن ئارتۇق سەرە-

① « قەلىمى قۇرئان » ـــ قۇرئاننىڭ قومۇش قەلەم بىلەن قولدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى بولۇپ، ئۇنىڭ بىر بېتىنىڭ ھاشىيىسىگە ( چۆرىسىدىكى بوش جايغا ) XIX ئەسىردە ئۆتكەن نېمىتۇللا كاشغەرى ئۆزىنىڭ زوھۇرىددىن ھېكىمبەگنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىغا چىقىپ 11 كۈن ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ ئىستىخارە قىلغانلىقى، شەھەر سېپىلىنى سوقۇشقا ياخشى بېشارەت بولغاندىن كېيىن، بۇ بېشارەتتىن سۆيۈنگەن زوھۇرىددىن ھېكىمبەگنىڭ بۇ قۇرئاننى ئۆزىگە ھەدىيە قىلغانلىقى ھەققىدىكى خاتىرە يېزىلغان.

② « بەھرىلئەنساب » ( نەسەبلەر دېڭىزى ) ـــ XIX ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى تۈزگەن، ئاخىرىنى شاگىرتى قازى مۇھەممەت سايىم سوپى ئاللايار داۋاملاشتۇرغان 0.26 × 8.20 مېتىر ھەجىمدىكى شەجەرە بولۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرقى قىسمىنىڭ سول بۇرجىكىگە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھىجرىيە 470 ـ يىلى (مىلادىيە 1085 ـ، 1086 ـ يىللىرى) ۋاپات بولغانلىقى. قەبرىسى شىمالىي كوناھسارىدىكى « پايناپ » دېگەن جايدا ئىكەنلىكى، بۇ جايغا يەنە يۈسۈپ قادىرخان ۋە يۈسۈپ قېدىرخاندىن ئىبارەت ئىككى كىشىنىڭ جەسىتىمۇ دەپنە قىلىنغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

تـان ئـىسىق ھاجى ھەرەملەرنىڭ سەپەردىشى ، قەشقەر ئۆلىمالىرىنىڭ بۇ پېشقەدەم مۆتىۋەرىگە ئېغىر كېسەل يەتكۈزدى . مەككە مۇكەررەمەدىكى مەشھۇر « پايسال دوختۇرخانىسى »نىڭ ئۇيغۇر دوختۇرلىرىدىن مۇھەممەت سىيىت ھاجىم ، ئابدۇخالىق ھاجىم قاتارلىق ۋەتەنداشلار ھەر تەرەپلىمە ئامال ئىزدەپ ئىمىرھۇسەيىن قازىھاجىمنى قېتىرقىنىپ داۋالىغان بولسىمۇ ، ئەمما داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۇ ، 85 يېشىدا بەختكە قارشى دوختۇرخانىدا ۋاپات بولدى ، 7 ـ سېنتەبىر ئەرەبىستان دىيارىغا دەپنە قىلىندى . ئۇنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى ئانا يۇرتقا ئاڭلانغاندىن كېيىن ، قەشقەرنىڭ پېشقەدەم مۆتىۋەر ئۆلىمالىرى ، ئەدىب ـ يازغۇچىلىرى ، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلىرى چوڭقۇر قايغۇغا چۆمدى . ئۇلار ئېغىر مۇسىبەت ئىچىدە توپ ـ توپ بولۇپ ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئارقا تەرىپىگە جايلاشقان ئېگىزئېرىق مەھەللىسىدىكى مەرھۇم ئىمىرھۇسەيىن قازىھاجىمنىڭ قورۇسىغا بېرىپ ، تەزىيە بىلدۈردى . خەتمقۇرئان ئوقۇپ ، دۇئا ـ تەكبىر قىلىپ ، بالا ـ چاقا ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن سەممىي ھال سورىدى . ئىككى ھەپتىگىچە ئىمىرھۇسەيىن قازىھاجىمنىڭ ھويلىسى ئايغى بېسىلماي كېلىۋاتقان تەزىيە بىلدۈرگۈچىلەر بىلەن توشتى . قەشقەردىكى بىر قىسىم ئەدىبلەر ئىمىرھۇسەيىن قازىھاجىمنىڭ ۋاقىتسىز ۋاپاتىغا ئېچىنىپ مۇنداق مەرسىيىلەرنى يازدى :

بۇ دۇنيادىن ۋاپا كەتتى ،
ئىمىرھۇسەينگە قازا يەتتى .
بىلمىدى جاھان ئەھلى ،
دۇررى بى باھا كەتتى .

ئوت ئىچىپ زالالەتكە،
باشلىغان ھىدايەتكە.
بىلمىدى جاھان ئەھلى،
ساھىبى دۇئا كەتتى.

سانى ئەردى سەكسەنبەش،
دەۋرى بولۇپ قىرىق بەش.
بىلمىدى جاھان ئەھلى،
پىرى - پىشىۋا كەتتى.

مەنزىلى جەننەتۇل مەئۋا،
ۋاپاتىدۇر بەيتۇللا،
بىلمىدى جاھان ئەھلى،
قازاغا ئول رىزا كەتتى.

ئىمىرھۇسەيىن قازىھاجىمنىڭ ۋاقىتسىز ۋاپاتى قەشقەر ئۆ-لىمالىرىنى بىر شىخىدىن قايرىدى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تالانتلىق بىر جەڭچىسىدىن ئايرىدى. يورۇتۇلۇش ئالدىدا تۇرغان قەشقەر تارىخىمۇ بىر تىرىك شاھىدتىن مەھرۇم بولۇپ، چوڭ يوقىتىشقا ئۇچرىدى.

مەرھۇم ئىمىرھۇسەيىن قازىھاجىم تارىخي، دىني ۋە ئە-دەبىي جەھەتتىكى مول بىلىملىرى، شۇنداقلا بىر قىسىم ئىجادىيەتلىرى بىلەن خەلق ئارىسىغا تونۇلغان ئالىم، مەشھۇر دى-نىي ئۆلىما، ئاتاقلىق تارىخچى، تالانتلىق شائىر ئىدى. ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 30 - يىللاردا باشلانغان، تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر ھەر خىل تېمىدا 200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر يازغان. بۇ زات ئۆز شېئىرلىرىدا مانجۇ ئىستىبداتچىلىرى بىلەن شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قانلىق زۇلمىنى چوڭقۇر پاش

قىلغان؛ فېئودال - پومېشچىكلارنىڭ، قازى، موللا، ئىشان دېگەنلەرنىڭ ئاچ كۆزلۈكى، نەپسانىيەتچىلىكىنى ئاچچىق ھەجۋىي قىلغان. خەلق ئاممىسىنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلغان، ئىلىم - مەرىپەتنى قىزغىن مەدھىيىلەپ، نادانلىق، خۇراپاتلىقنى قاتتىق قامچىلىغان. ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان ھەرخىل ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى قىزغىن كۈيلىگەن. مەسىلەن:

« ئۆتمۈشتە بۇ شىنجاڭغا شەن دوتەي ئىكەن مانجۇ،
ماگازا ①، تاۋار توكۇ ② — كىيگەنلىرى ساپ پاڭچۇ.
راھەتتە ياتار ئۇخلاپ، پۇقراغا كۆتەرتىپ جو،
پۇقرانى ھاقارەتلەپ سىڭكو بىلەن دەپ چەنتۇ ③.
داتاڭغا ④ قاداپ قويغان نەيزە - قىلىچ ھەم چەيدۇ » ⑤.

يۇقىرىقى مىسرالاردىن بىز مانجۇ ئىستىبداتچىلىرىنىڭ خەلق ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلمىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى ۋە خەلققە كۆرسىتىۋاتقان ھەيۋىسىنىڭ نەقەدەر چوڭلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھامىيسى بولغان بەگ - بوجاڭ، جاھىل موللىغا ئوخشاش يۇرت چوڭلىرىنىڭ ئۆز نەپسانىيىتىنى دەپ، خەلق ئاممىسىنى ھېسابسىز قاخشاتقان رەزىل ئەپت - بەشىرىسىنى تۆۋەندىكى مىسرالاردا تېخىمۇ روشەن كۆرۈۋالايمىز:

---

① ماگازا — كالتە چاپان.
② توكۇ — ئىشتان.
③ سىڭكۇ، چەنتۇ — ھاقارەت سۆزلىرى.
④ داتاڭ — سوراقخانا.
⑤ چەيدۇ — قىڭراق.

« كولدۇرما ئىسىپ ئاتقا ، بەگلەردە تەكەببۇرلۇق ،
ھەر يۇرتتا ئۆسۈپ چىققان يۇرت چوڭىدا بالاخورلۇق .
ئوغرىنى سىلىپ ئىشقا پاششاپ بەك تەپەككۇرلۇق ،
باشىدا يوغان سەللە قازىدا تەمەخورلۇق .
خەقلەر قالاق تۇرمۇشتا يۇرتتا ھېچ سانائەت يوق » .

ئىمىرھۇسەيىن قازىھاجىم ئىلىم - مەرىپەت تېمىسىدا يازغان شېئىرلىرىدا ئۆزىنى ئىلىم - مەرىپەت ئىشقىدا كۆيگەن ، بۇ يولدا ھەرقانداق بايلىق ، مەنسەپتىن ۋاز كېچىشكە تەييار تۇرغان مەرىپەتپەرۋەر بىر جەڭچى سۈپىتىدە تەسۋىرلەش ئارقىلىق ، ئىلىم - مەرىپەتنىڭ خاسىيىتىنى قىزغىن ئۇلۇغلىغان . مەسىلەن :

« قايۇ دىلغە چۇشۇپتۇر ئىشق كۆڭۈل يارى مۇھەببەتتە ،
پۇسەن بولمايدۇ ئاشىققا جاھانغا بولسا پاشاسى .
مېنىڭ ئىشقىم ئەزەل كۆندىن قەلەم سۇرمەك ئەدىبلىككە ،
قەلەم كۆڭلۇمدە بىر دىلبەر قارارمۇ چەشمە شەھلاسى » .

ئىمىرھۇسەيىن قازىھاجىم ئۆز ھاياتىدا ئىشق - مۇھەببەت تېمىسىدىكى غەزەللەردىن باشقا ، خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەت ۋە رېئال ۋەقەلىكلەردىن پايدىلىنىپ ، فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىنى سۆكىدىغان ، چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى تەرغىب قىلىدىغان داستانلارنى يازغان . قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە ياندۇرما يېزىسىغا قاراشلىق يامانيار ئەتراپىدىكى كۆكچى كەنتىدە بولۇپ ئۆتكەن رابىيە بىلەن سەئىدىنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىگە بېغىشلانغان «رابىيە - سەئىدىن » ؛ ئاتۇش مەشەتتىكى شاۋاز قارىي بىلەن گۇلخۇمارنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «گۇلخۇمار» ؛ خوتەن قاراقاشتا بولۇپ ئۆتكەن قەمەرسىما بىلەن تۇرسۇن باقىنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىگە بېغىشلانغان

«قەمەرسىما»؛ كورلا باشئەگىمدە بولۇپ ئۆتكەن، خەلق ئارىسىدا «تاھىر ـ زۆھرە» دەپ ئاتالغان مېھرى سەھرا بىلەن چىغاندا باتۇرنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىگە بېغىشلانغان «مېھرى سەھرا بىلەن چىغاندا باتۇر»؛ يەكەن ئىشقۇلدا بولۇپ ئۆتكەن نۇرئەبزاخېنىم بىلەن بەختىيارنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىگە بېغىشلانغان «نۇرئەبزاخېنىم ۋە بەختىيار باتۇر» ناملىق 20,000 مىسرادىن ئارتۇق بەش داستاننى ۋە «ماتىتەي زۇلمىدىن ئەسلىمە» ناملىق شېئىرىي ئەسىرنى سابىق جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ رەھبەرلىرىدىن قاسىمجان قەمبىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى يېزىپ تاماملىغان. بىراق، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئىسيانچىلار تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلگەن. ئاپتورنىڭ تارىخىي تېمىلارغا بېغىشلانغان، نەسرىي ۋە نەزمىي ئارىلاش يېزىلغان «قەشقەر تىتىنىنىڭ بەتخالىقى»، «پەيزاۋاتلىق توختى مانجۇنىڭ ۋەقەسى» دېگەن داستانلىرى بىلەن «غالچا بەدەخشى، سىرتقى بۇلاكچى» ناملىق كانجۇتلۇقلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش جەريانىنى بايان قىلىدىغان تارىخىي ئەسىرمۇ ئاشۇ جەرياندا يوقالغان. شۇنداقتىمۇ مەرھۇم ئىمىرھۇسەيىن قازىھاجىمنىڭ تارىخ ۋە ئەدەبىيات ئىلمىگە قوشقان زور تۆھپىلىرى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇلمايدۇ، تارىخ بېتىگە يېزىلىپ ئەبەدىلئەبەد يادلىنىدۇ.

1985 ـ يىل، 10 ـ ئاي

# ۋەتەنپەرۋەر ئۆلىما، تالانتلىق مائارىپچى ئەپەندى مەخسۇم

سىز چايخانىلاردا چاي ئىچىپ ھوزۇرلىنىپ ئولتۇرغىنىڭىزدا، ياكى مەشرەپ، بەزمە - ئايەملەرگە بارغىنىڭىزدا، خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ راۋابقا تەڭكەش قىلىپ ئوقۇغان:

« چاپىنىڭنىڭ يېڭىنى،
ماۇت سەيپۇلۇك ئويغانمۇ؟
ئېتىنىڭ نېمانداق چىرايلىق،
ئەپەندى مەخسۇم قويغانمۇ؟ »

دېگەن قوشاقنى ھەرقاچان ئاڭلىغان بولغىيتىڭىز ؟! ئۇنداقتا، بۇ خەلق قوشىقىدا تىلغا ئېلىنغان ئەپەندى مەخسۇمنىڭ كىملىكىنى بىلىشنى خالامسىز ؟

ئەپەندى مەخسۇمنىڭ ئەسلي ئىسمى مىرزا ئەھمەد مەخسۇم بولۇپ، « ئەپەندى مەخسۇم » ئۇنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمىدۇر. ئۇ، ھىجرىيە 1280 - يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ 16 - كۈنى (مىلادىيە 1863 -، 1864 - يىللىرى، 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى) يەكشەنبىدە قەشقەر شەھەر يارباغ كوچا باشقارمىسىغا قاراشلىق زەرگەرلەر كوچىسىدا دىنىي مۆتىۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئۇنىڭ ئاتىسى سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى مىرزىلار ئەۋلادى بولۇپ، ئىسمى مىرزاجان ئەپەندىم ئىدى. ئۇ، قەشقەردىكى تونۇلغان مەشھۇر دىنىي ئۆلىمالاردىن بىرى بولۇپ، خانلىق مەدرىسەدە مۇدەررىسلىك قىلاتتى، قوشۇمچە ئوردائىشىكىدىكى ئازنا مەسچىتىنىڭ خەتىپى ئىدى. ئانىسى ھەبىبەخېنىم قەشقەردىكى مەشھۇر كۆز دوختۇرى هاجى ئۇرايىم ئاخۇنۇمنىڭ قىزى بولۇپ، دىنىي ئىلىمدە يېتىلگەن موللا، ئوقۇمۇشلۇق ئايال ئىدى.

ئەپەندى مەخسۇمنىڭ دۇنياغا كەلگەن ۋاقتى قەشقەرنى ئىنتايىن پاراكەندىچىلىك قاپلىغان بىر دەۋرگە توغرا كەلدى. 1857 - يىل 6 - ئايدىكى ۋەلىخان تۆرىنىڭ قەشقەرگە باستۇرۇپ كېلىپ، قەشقەرنى ئىشغال قىلىشى، يەنە شۇ يىلى قەشقەردىكى مىس كان ئىشچىلىرىنىڭ هاشار، ئالۋان - ياساققا قارشى ئېلىپ بارغان كۆتۈرۈلۈشلىرى، 1858 - يىلى قەشقەر دېهقانلىرىنىڭ بىنەم يەرلەردىن غەللە - پاراق يىغىۋېلىشقا قارشى ئېلىپ بارغان قوزغىلاڭلىرى، 1864 - يىلى كۇچادا كۆتۈرۈلگەن دېهقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى ئاستىدا قەشقەردە كۆتۈرۈلگەن دېهقان - چارۋىچىلار قوزغىلىڭى ۋە قوزغىلاڭ نەتىجىسىدە قەشقەردە تىكلەنگەن سىدىقبەگ - جىن شياڭىنىڭ باشچىلىقىدىكى مۇستەقىل بولۇنمە هاكىمىيەتنىڭ شەكىللىنىشى، بۇ هاكىمىيەتنىڭ 1865 - يىل 1 - ئايدا ياقۇپبەگ تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇشى ۋە ئورنىغا ياقۇپبەگ هاكىمىيىتىنىڭ تىكلىنىشى قاتارلىق ئارقا - ئارقىدىن يۈز بەرگەن بىر قاتار ۋەقەلەر يالغۇز مىرزاجان ئەپەندىم ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن، شۇنداقلا پۈتكۈل قەشقەر خەلقىنى نامراتلاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ مىرزاجان ئەپەندىم ئوغلىنى ياخشى تەربىيىلەشكە

تىرىشتى . ئەپەندى مەخسۇم يەتتە ياشقا تولغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولدى ھەمدە باشلانغۇچ دىنىي ساۋاتىنى ئانىسى ھەبىبە موللا خېنىمدا ئوقۇپ ئۆگەندى . كېيىن خانلىق مەدرىسەگە كىرىپ ئاتىسى مىرزاجان ئەپەندىمدە ئوقۇشقا باشلىدى . ھىجرىيە 1288 - يىلى (مىلادىيە 1872 - ، 1873 - يىللىرى ) يا-قۇپبەگنىڭ ئۆزى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن يېقىن كىشىلىرىنى ھاكىمىيەتنىڭ ھەرقايسى ئورگانلىرىغا ، دىنىي ساھەنىڭ ھەر-قايسى تارماقلىرىغا تۇرلۇك باھانە - سەۋەب بىلەن سىغداپ كىرگۈزۈپ ، يەرلىك ئەمەلدارلارنى ۋە دىنىي ساھەدىكى زاتلارنى چەتكە قېقىشى سەۋەب بولغانمۇ ياكى ئائىلە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئارىسىدا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرگەنمۇ ، قانداقتۇر مەلۇم با-ھانە - سەۋەب بىلەن مىرزاجان ئەپەندىم 11 ياشلىق ئوغلى ئەپەندى مەخسۇمنى ئەگەشتۈرۈپ سەئۇدى ئەرەبىستانغا چىقىپ كېتىدۇ . شۇ يىلى ھەج پائالىيىتىنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن ، تونۇش - بىلىشلىرىنىڭ ياردىمىدە مەككىدىكى پادىشاھلىق مەد-رىسەگە ئورۇنلىشىپ ، مۇدەررىسلىك قىلىدۇ . ئەپەندى مەخسۇمنىمۇ شۇ مەدرىسەگە ئوقۇشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ . ھىج-رىيە 1293 - يىلى (مىلادىيە 1876 - يىلى ) ئەپەندى مەخسۇم پادىشاھلىق مەدرىسەنى ياخشى نەتىجە بىلەن تاماملايدۇ . ئەمما ، بەختكە قارشى شۇ يىلى ئاتىسى ھاجى مىرزاجان ئەپەندىم مەككىدە ۋاپات بولىدۇ . ئۇ ، ئاتىسىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، مەرھۇم ئاتىسىنىڭ دوست - يار ، ئاغىنە - بۇرادەرلىرىنىڭ ياردىمىدە ھىجرىيە 1324 - يىلى (مىلادىيە 1906 - ، 1907 - يىللىرى ) غىچە مەككىدىكى يەنە ئۈچ مەدرىسەنى تاماملاپ «ئەللامە» دېگەن نام - ئاتاققا ئىگە بولىدۇ . ھىجرىيە 1325 - يىلى ( مىلادىيە 1907 - ، 1908 - يىل-لىرى ) دىن ھىجرىيە 1327 - يىلى ( مىلادىيە 1909 - يىلى ) غىچە

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ۋە ياۋروپا مەملىكەتلىرىدە زىيارەتتە بولۇپ، كۆپلىگەن ئىسلام ئالىملىرى بىلەن تونۇشىدۇ ھەمدە ئۇلار بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىدۇ. ئەپەندى مەخسۇم بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغان ياۋروپادىكى ئىسلام ئالىملىرى ئۇنىڭ بىلىم دائىرىسىنىڭ كەڭ، چوڭقۇرلۇقىغا قايىللىقىنى بىلدۇرۇپ «ئۇستاز» ئورنىدا ھۆرمەتلەپ، «ئەپەندىم» دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ سۆپەت نامى كېيىنكى ۋاقىتتا ئەپەندى مەخسۇمغا لەقەم بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ئالىملار ئەپەندى مەخسۇمغا يۇقىرى ئورۇن — ئالىي مەرتىۋىنى ۋەدە قىلىپ، ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئىشلەپ قېلىشنى ئۆتۈنگەن بولىسىمۇ، ئەمما ئەپەندى مەخسۇم بۇ ئۆتۈنۈشلەرنى سىلىقلىق بىلەن رەت قىلىدۇ ھەمدە مەككىگە قايتىپ كېلىپ، ئۇ يەردىكى مەدرىسەلەردە مۇدەررىسلىك قىلىشقا باشلايدۇ.

ھىجرىيە 1330 - يىلى (مىلادىيە 1911 - ، 1912 - يىللىرى) قەشقەر شەھەر ئارىيا مەھەللىسىدىن سەئۇدى ئەرەبستانغا ھەجگە چىققان باھاۋىدىنبەگ يۇرت خەلقى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ خەت، سوۋغا - سالاملىرىنى ئېلىپ، ئەپەندى مەخسۇم بىلەن دىدارلىشىدۇ ھەمدە شۇ ئارقىلىق ئەپەندى مەخسۇم بىلەن يۇرت خەلقى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارىسىدا ئۇزاقتىن بۇيان ئۈزۈلۈپ قالغان رىشتىنى قايتا ئۇلىماقچى بولىدۇ. باھاۋىدىنبەگنى كۆرگەن ئەپەندى مەخسۇم:

« سېنى دەيمۇ رەسۇلۇللا،
ۋەياكى يىغلايمۇ ئاتام.
ياكى ئىزدەيمۇ ۋەتەن،
ۋەياكى مەن دەيمۇ ئانام».

دەپ يىغلاپ كېتىدۇ ھەمدە ۋەتەننىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتى ، ئاتا ـ ئانا ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتى غالىب كەلگەن بولسىمۇ ، ئەمما ئۆمۈر ھاياتىدا ئىنتايىن ئاز كېلىدىغان بىلىم ئې- لىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، باھاۋىدىنبەگنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىدۇ . شۇنداقتىمۇ باھاۋىد- دىنبەگ يۇرت خەلقىنىڭ كۆڭۈل ئارزۇسىنى رەت قىلىش —— يۇرت خەلقىگە بولغان ئەڭ چوڭ ھۆرمەتسىزلىك بولىدىغانلىقىنى ، يۇرت خەلقىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشنى ئېيتىپ ، ئەپەندى مەخ- سۇمنى سەئۇدى ئەرەبىستاندىن قەشقەرگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ . ئەپەندى مەخسۇم قەشقەرگە چۈشكەن كۈنى « سۇلتان ئۆلىما- ئى » ( ئۆلىمالار سۇلتانى ) لەقىمى بىلەن قەشقەردە مەشھۇر بولغان ئاتاقلىق ئۆلىما ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات ، تالانتلىق مائا- رىپچى ۋە ئەدىب باھاۋىدىن مەخسۇم ئابدۇقادىر ھاجى ئوغلى باشلىق قەشقەرنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئۆلىمالىرى ۋە ئۇلۇغ ـ ئۇششاقلىرى ئەپەندى مەخسۇمنىڭ ئالدىغا چىقىپ ، ئېھتىرام بىلەن قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ .

ئەپەندى مەخسۇم قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن خانلىق مەدرىسەنىڭ مۇدەررىسلىكىگە تەيىنلىنىدۇ . قوشۇمچە چاپان بازىرىدىكى ئازنا مەسچىتىنىڭ ۋە ئوردائالدىدىكى چوڭ جامەنىڭ (بۇ جامە ھازىرقى ئىستېمال بىناسىنىڭ ئورنىدا بولۇپ ، مەدەنى- يەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە چېقىۋېتىلگەن ) خەتىپلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ .

ھىجرىيە 1332 ـ يىلى ( مىلادىيە 1913 ـ ، 1914 ـ يىللى- رى ) باھاۋىدىن مەخسۇم ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئەپەندى مەخسۇم ئۇنىڭ ئورنىغا قەشقەرنىڭ شەيخۇلئىسلاملىقىغا ۋە خان- لىق مەدرىسەنىڭ باش مۇدەررىسلىكىگە تەيىنلىنىدۇ . ھېيتگاھ جامەسىنىڭ خەتىپلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ . ئەپەندى مەخسۇم

قەشقەرنىڭ شەيخۇلئىسلاملىقىغا تەيىنلەنگەندە، ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىنغان مۆھۈرگە مۇنداق يېزىلغان:

« شەيخۇلئىسلام دىيارىدىن خۇتب مۆئمىنان،
مىرزا ئەھمەد سىلىلى شەمس ئىرفان مىرزاجان ».

( مەرىپەت قۇياشى مىرزاجانىنىڭ ئوغلى مىرزا ئەھمەت دىن مەملىكىتىنىڭ شەيخۇلئىسلامى ۋە مۆمىنلەرنىڭ خۇتبىدۇر.)

ئەپەندى مەخسۇم خانلىق مەدرىسەگە كەلگەندىن كېيىن، مەدرىسەنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى تۈپتىن ياخشىلىنىدۇ. ئۇ، ئەرەب ئەللىرىنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىكى ئىلغار تەجرىبىلەرگە ئاساسەن مەدرىسەنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ، بىر قاتار يېڭىلاش ئېلىپ بارىدۇ. كونا ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىكى: «ئەرەب تىل - يېزىقى قۇرئاننىڭ تىل - يېزىقى، ئۇنى باشقا مىللەت تىل - يېزىقىدا يېزىشقا بولمايدۇ» دەپ قاراپ دەرسلەرنى يازدۇرماي، قارىغۇلارچە ئۆلۈك ھالدا يادلىتىشتەك ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا خاتىمە بېرىپ، يېزىش بىلەن ئوقۇشقا تەڭ ئېتىبار بېرىدىغان، يادلاش بىلەن مەنىسىنى چۈشىنىپ ئۆگىنىش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇپ، قەشقەر مەدرىسەلىرىنى ئوتتۇرا ئەسىر جاھالەت پاتقىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا دەرسلىكلەردىمۇ زۆرۈر ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان، ئەمما كېيىنكى دەۋرلەردىكى خۇراپاتلىق ئەقىدىلەر تۈپەيلىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئىلمى نۇجۇم (ئاسترونومىيە)، كىمىيا (خىمىيە)، تېبابەت قاتارلىق پەنلەرنى ئوقۇتۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. ئۆزى ئىلمى نۇجۇم، كىمىيا دەرسىنى ئۆگىتىشكە زور كۈچ سەرپ قىلىدۇ. بۇ ھەقتە دەرس-

لىكلەرنى تۈزگەندىن باشقا، «ئەرەب تىل گراماتىكىسى»، «ئىلمى تەجۋىد» (قۇرئاننى قائىدىلىك ئوقۇش قوللانمىسى) ھەققىدە بىر قاتار دەرسلىكلەرنىمۇ تۈزىدۇ. ئەپەندى مەخسۇم بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، جەمئىيەت ئەدەپ - ئەخلاقىنى تۈزىتىش مەزمۇن قىلىنغان، شېئىرىي يول بىلەن يېزىلغان «ئىجتىمائىيەت ۋە ئەدەپ» (ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ۋە ئەدەپ - ئەخلاق) ناملىق كىتاب يازىدۇ. بۇ كىتابنى ھەمدە ئۆتۈلگەن دەرسلىكلەرنى ئەپەندى مەخسۇمنىڭ ئوغلى مىرزا مەسۇمخان مەخسۇم مەدەنىيەت ئىنقىلابىغىچە ئۆز ئۆيىدە ساقلاپ كەلگەن. ئەمما، 1966 - يىل 9 - ئايدا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى بىلەن قەشقەر شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى بىر قىسىم ئىسيانچىلار بىرلىشىپ مىرزا مەسۇمخان مەخسۇمنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇ كىتابلارنى بۇلاپ چىقىپ كۆيدۈرۈۋەتكەن.

ئەپەندى مەخسۇم ئۆز دەۋرىدە قەشقەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا جەمئىيەت ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش، قانۇننى ئىزچىللاشتۇرۇش جەھەتتە زور ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ئەلنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. دەۋا ئىشلىرىنى بېجىرىشتە پاك - دىيانەتلىك بولۇپ، ئۈلگە ياراتقان. دوتەي، شەنگەن دېگەندەك ئەمەلدارلارنىڭ قانۇن ئىشلىرىغا قول تىقىشىغا يول قويمىغان. ئۇلارنىڭ تەھدىتلىرىدىن قىلچە قورقۇپ قالماستىن، ئورۇنسىز تەلەپلىرىنى قەتئىي رەت قىلغان. شۇنداق بولغاچقا خەلق ئاممىسى ئەپەندى مەخسۇم شەنىگە مۇنداق ناخشىلارنى توقۇغان:

« مىسكىن بىلەن ھال - مۇڭلۇق،
دوتەي بىلەن تەڭتۇشلۇق.
ئەپەندى مەخسۇم بىلەن بىز
بۇ دىياردا بىر يۇرتلۇق.

دوتەي كۆرمىدى خوۋلۇق،
شەگگەن كۆرمىدى خوۋلۇق.
ئەپەندى مەخسۇم ئالدىدا
ئۇلار قىلغانمىدى چوگلۇق».

قەشقەردە 1933 ـ يىل 2 ـ ئايلاردا ما جەنساگنىڭ، 1934 ـ يىل 4 ـ ئايلاردا ما جۇگيىگنىڭ ئىككى قېتىملىق قىرغىنچىلىق ۋەقەسى يۈز بېرىدۇ. ئەپەندى مەخسۇم ئۆزىنىڭ خەلق ئىچىدىكى يۇقىرى ئىناۋىتى، ئابرۇيى ۋە تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، جاسارەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، قەشقەر بايلىرى ۋە خەلقىدىن پۇل ـ مال ئىئانە توپلاپ ما جەنساڭ، ما جۇگيىگلارغا تەقدىم قىلىش ئارقىلىق بۇ قىرغىنچىلىقنى توسۇپ، خەلق ئامممىنى بالا ـ قازادىن ساقلاپ قالىدۇ.

ئەپەندى مەخسۇم ھىجرىيە 1363 ـ يىل رامىزان ئېيىنىڭ 9 ـ كۈنى دۈشەنبە (مىلادىيە 1943 ـ، 1944 ـ يىللىرى 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى) ئەتىگەن سائەت يەتتىدە ھازىرقى قەشقەر شەھەر دۆلەتباغ يېزىسىغا قاراشلىق «تۇرپان كوچىسى» دەپ ئاتالغان 9 ـ كەنتتە 80 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ. ئەپەندى مەخسۇم تۇغۇلغان قەشقەر شەھەر يارباغ كوچا باشقارمىسىغا قاراشلىق زەرگەرلەر كوچىسى ۋە ئەپەندى مەخسۇم ۋاپات بولغان دۆلەتباغ يېزا «تۇرپان كوچىسى» بەزىدە «ئەپەندى مەخسۇم كوچىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھازىر ئەپەندى مەخسۇمنىڭ يەتتە پەرزەنتىدىن بولغان 238 نەۋرە، چەۋرىسىنىڭ كۆپ قىسمى ھايات ياشىماقتا.

1992 ـ يىل، 11 ـ ئاي

# ئۆمەر مۇھەممەدى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

دىلىڭدىن ئۇرغۇغان ئاشۇ ئاۋازدىن ،
يۈرەك زوقلىرىغا ھۇزۇر ئالىمەن .
جاراڭلىق سازىڭنىڭ مىراسخورىمەن ،
چالىمەن شۇ سازنى ، مەڭگۇ چالىمەن .
( تېيىپجان ئېلىيوپ « ئۆمەر مۇھەممەدى خاتىرىسىگە »دىن )

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى پېشۋالىرىنىڭ ئىجادىيەت يولىغا نەزەر سالىدىغان بولساق ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەدەبىيات مەيدانىغا كىرىشتىن ئىلگىرى چېلىشچان يىللارنىڭ باتۇر كۈيچىسى ، سوۋېت ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋاسى ، خەلق ھۆرمىتىگە سازاۋەر تالانتلىق شائىر ۋە يازغۇچى ئۆمەر مۇھەممەدى ئىجادىيىتىدىن مەلۇم دەرىجىدە تەسىر ۋە ئىلھام ئالغانلىقىنى كۆرىمىز .

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان شائىر ئۆمەر مۇھەممەدى سوۋېت ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇچۇنلا ئەمەس ، شۇنداقلا يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان شىنجاڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇچۇنمۇ شۇنچە سۆيۈملۈكتۇر .

ئۆمەر مۇھەممەدى 1906 - يىلى ھازىرقى ئالمۇتا

ئوبلاستىغا قاراشلىق ئەمگەكچى قازاق رايونىنىڭ يېڭىشەھەر يې-
زىسىدىكى كەمبەغەل ئوتتۇنچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.
بالىلىق، ياشلىق چاغلىرى ئاشۇ ئوبلاستنىڭ تالغار يېزىسىدا
ئۆتكەن. گۆدەك ئۆمەر ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغۇچە
ئارىلىقتا ئوقۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن. چۈنكى، ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۆز
بىبلوگراپىيىسىنىڭ خاتىرىسى بولغان «ئېغىر كۈنلەردە» دېگەن
ھېكايىسىدا تەسۋىرلەنگەندەك، ئاتىسىنىڭ تىرىكچىلىكىگە يۆلە-
نىپ جان باقىدىغان نامرات ئائىلىلەردىن ئىدى. ئاتىسى قىش
كۈنلىرى بىردىنبىر تىرىكچىلىك قورالى بولغان يالغۇز ئېشىكى
بىلەن تاغدىن ئوتۇن توشۇپ ساتسا، ياز كۈنلىرى مەھەللىدىكى
بايلارنىڭ يېرىنى سۇغىرىپ، ئورمىسىنى ئوروپ مەدىكارچىلىق
بىلەن تىرىكچىلىك قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى
يەنىلا ئېغىر بولغاچقا، ئاغرىقچان ئانىسى بىر پارچە نان ياكى
ئەسكى - تۈسكى كىيىم - كېچەك ئۈچۈن باشقىلارنىڭ نېنىنى
يېقىش، كىرلىرىنى يۇيۇشقا ئوخشاش ئېغىر ئەمگەكلەرنى قىلىشقا
مەجبۇر ئىدى. مۇنداق يامان تۇرمۇش شارائىتىدا ياشاۋاتقان
كەمبەغەل ئاتا - ئانا ئۆزىنىڭ بىردىنبىر يالغۇز ئوغلى ئۆمەرنى
تەربىيە ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش ئۈيافتا تۇرسۇن، ھەتتا
ئەتىدىن كەچكىچە ئىش بىلەن بەنت بولۇپ كېتىپ، ئاتا - ئانى-
لىق مېھرى بىلەن قاراشقىمۇ چولىسى تەگمەيتتى. بىچارە ئۆمەر
«دېرىزىلىرىگە قەغەز چاپلانغان»، «كۈنچىقىشقا قارىغان بىر
يانباغىردىكى قاراڭغۇ، زەي ئۆي»دە ئالا مۈشۈكى، بويناق كۈ-
چۈكى بىلەن ئاچ، يالغۇز قالاتتى.
ئۆمەر ئالتە ياشقا كىرگەندە ئانىسىدىن ئايرىلدى.
بۇلارنىڭ يالغۇز غېرىبانە تۇرمۇشىغا ئىچ ئاغرىتقان بىر تۇغقىنى
ئاتا - بالا ئىككىيلەننى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. بىراق،
بۇلارنىڭمۇ ھال - ئوقىتى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۆ-

مەر ئاتىسىغا ياردەملىشىپ، ئاۋۋال مەدىكار ئىشلەپ، ئورما ئوردى، قىش كۈنلىرى تاغدىن ئوتۇن توشۇدى. كېيىن ئېغىر ئەمگەكنىڭ جاپاسىدىن ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش مىجلىپ، مۈكچىيىپ قېلىشىنى خالىمىغان ئاتىسىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن موزدوزلۇققا شاگىرتقا كىردى، ئەمما بۇ ئىشمۇ ئۇزاق داۋاملاشمىدى. ئۇستىسىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئۆمەر موزدوزلۇقتىن توختىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ يېزىنى تاشلاپ، شەھەرگە كەتتى. ئۇنىڭ مۇنداق جاپالىق تۇرمۇشى تاكى ئۆكتەبىر ئىن-قىلابى غەلىبە قىلغۇچە داۋاملاشتى. 1917 - يىلى بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلبە قازىنىپ، سوۋېت سوتسىيالىستىك رىسپوبلىكىلار ئىتتىپاقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 11 ياشلىق ئۆمەر ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئالمۇتا ئوبلاستىغا قاراشلىق يېتىملار مەكتىپىدە ئوقۇپ، باشلان-غۇچ مەلۇماتقا ئىگە بولدى. 1922 - يىلى بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، تاشكەنتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلىم يۇرتىغا ئوقۇشقا كىردى. ئۇنىڭ بۇ بىلىم يۇرتىدىكى هاياتى كېيىنكى ئىجادىي پائالىيىتى ئۈچۈن ئىز سالغان ئەڭ ئەھمىيەتلىك يىللار بولدى. ئۆمەر مۇ-ھەممىدى بۇ بىلىم يۇرتىدا رۇس يازغۇچىلىرىدىن پۈشكىن، لېرمونتوۋ، ماكسىم گوركىي، ماياكوۋىسكى؛ تاتار يازغۇچىلىرى-دىن ئابدۇللا توقاي، هادى تاقتاش قاتارلىقلارنىڭ ئىجادىيەتلىرى بىلەن تونۇشۇپ، مەلۇم تەسىراتقا ئىگە بولغاندىن باشقا، ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىياتىغىمۇ قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ، ئۇنىڭ نەمۇنىلىرىنى پۇختا ئۆگەندى. شۇنداق قىلىپ ئۇ، 1924 - يىلى ئۆزى ئەزا بو-لۇپ كىرگەن كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ تەشكىلاتچىلىقى بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان ئەدەبىي كۇرۇژوكقا قات-نىشىپ، قىسقا - قىسقا لىرىك شېئىرلارنى يېزىش ئارقىلىق ئىجادىيەت مەيدانىغا ئاتلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ دەسلەپكى شېئىر-

لىرى ئەدەبىي كورۇژۇك تەرىپىدىن ھەپتىدە بىر چىقىرىلىدىغان تام گېزىتىدە ئېلان قىلىندى.

ئۆمەر مۇھەممىدى 1927 ـ يىلى تاشكەنت ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلىم يۇرتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئالمۇتىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى. ئۇ، ئاۋۋال ئالمۇتىدىكى « زارۋات » ناملىق توققۇز يىللىق تۈزۈمدىكى ئۇيغۇر مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى، 1928 ـ، 1929 ـ يىللىرى چېلەك رايونىدىكى ئۈلگىلىك ئۇيغۇر مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى، ئىلمىي مۇدىر بولۇپ ئىشلىدى. 1930 ـ يىلى ئالمۇتا ئوبلاستلىق مائارىپ بۆلۈمى ئۇنى ياركەنتتىكى سىفەن تېخنىكومىغا خىزمەتكە ئەۋەتتى. بىراق، ئۇنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سىل كېسەللىكى بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن يەنە قوزغىلىپ، سالامەتلىكىنى ناچارلاشتۇرۇۋەتكەنلىكتىن، بەختكە قارشى 1931 ـ يىل 14 ـ مارت 25 يېشىدا ياركەنتتە ۋاپات بولدى.

ئۆمەر مۇھەممىدىنىڭ بولاقفا ئوخشاش قايناپ تېشىپ، چەكسىز ھاياتىي كۈچكە تولۇۋاتقان بىر مەزگىلدە ئاردىن كېتىشى 30 ـ يىللاردا ئەمدىلەتىن بىخلىنىۋاتقان ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش بولدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئازغىنا كەم تۆت يىللىق ئىجادىيەت ئەمگىكىنىڭ مېۋىسى بولغان « ئېغىر كۈنلەردە » ناملىق ھېكايىسى ۋە « باتۇر يىللار »، « گەمىلەردىن » دېگەن ئەدەبىي توپلىمى ئارقىلىق ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ پروزا ژانىرىغا، شۇنداقلا شېئىرىيىتىمىزدىكى يېڭى بىر ئەدەبىي شەكىل بولغان چاچما ( ئەركىن ) شېئىرغا ئاساس سېلىپ كەتتى. ئۆمەر مۇھەممىدى ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئېلان قىلىنىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن بىر قىسىم ئەسەرلىرى « ئۆمەر مۇھەممىدى ئەسەرلىرى »، « شېئىرلار »، « تاڭ نۇرى » دېگەن ناملار بىلەن ئەدەبىي توپلام قىلىپ ئىشلىنىپ، جامائەت-

چىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

ۋاقىتسىز ئەجەل ئۇنىڭ ھايات كەچۈرمىشىگە يەنە بىرئاز پۇرسەت بەرگەن بولسا ئىدى، يېزىپ ئاياغلاشتۇرالمىغان «چېلىش يىللىرى» ناملىق رومانىنى پۈتتۈرۈپ، ئۇيغۇر پىروزا ئىجادىيىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى بالداققا كۆتۈرگەن بولاتتى.

ئۆمەر مۇھەممەدىنىڭ ئىجادىيىتى 1927 - يىلىدىن باشلاندى. ئۇ، ئەدەبىيات مەيدانىغا ئۆزى قىسقا، ئەمما جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك بولغان لىرىك شېئىرلىرى بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرى — «گۈللەر تېرىدۇق» 1927 - يىلى ئالمۇتىدا نەشر قىلىنىدىغان «كەمبەغەللەر ئاۋازى» (كېيىن ياركەنتتە نەشر قىلىنغان «كولخوزچىلار ئاۋازى») دا ئېلان قىلىندى.

ئۆمەر مۇھەممەدى شېئىرلىرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن يېڭى ھاياتقا قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتقان سوتسىيالىستىك يېڭى يېزىنى مەدھىيىلەشكە، يېزا بىلەن شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ بېرىۋاتقان دوستلۇق - ھەمكارلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا بېغىشلانغان. ئاپتورنىڭ «گۈللەر تېرىدۇق»، «كولخوز يىغىنىغا»، «تۆمۈردىن چېچەكلەر»، «تورۇق ئېتىمغا»، «بۇلبۇل كەپتۇ»، «تولسۇن» قاتارلىق شېئىرلىرى ئاشۇ مەزمۇنلاردىكى قايناق ھېسسىياتلىق لىرىك شېئىرلاردۇر.

ئۆمەر مۇھەممەدى شېئىرلىرىنىڭ ئاساسىي تېمىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە قارىتىلىشى دەۋر ئېھتىياجى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەينى چاغدىكى ئارقىدا قالغان قالاق، تارقاق يېزا ئىگىلىكىنى كوللېكتىپلاشتۇرۇش، ماشىنىلاشتۇرۇش ئارقىلىق زامانىۋىلىشىش يولىغا باشلاپ، چاپسان سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان سانائەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇش —

پارتىيە ـ ھۆكۈمەت، خەلق ئاممىسىنىڭلا ئەمەس، شۇنداقلا پۈتكۈل ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ ئالدىغا قويغان جىددىي ۋەزىپىسى ئىدى. شۇڭا، ئۆمەر مۇھەممەدى «يەنە يانارمەن» دېگەن شېئىرىدا:

« خوش ئاغىنىلەر، خوش!
قەلەمنى ئات قىلىپ مىنىپ كەتتىم.
مىنىپ كەتتىم، يىراققا...
ئۆزۈم ئايرىلسامۇ دوستلار سىلەردىن،
ناخشام ئايرىلماس ھېچ ۋاقىتتا».

دەپ يازغىنىدەك، قەلەمنى قورال قىلىپ يېڭى ئىگىلىكنى كوللېك- تىپلاشتۇرۇش ۋە ماشىنىلاشتۇرۇش ھەرىكىتى جەريانىدىكى يېڭى قىياپەت، يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى زوق ـ شوق بىلەن كۈيلىدى.

ئۆمەر مۇھەممەدى شېئىرلىرىدا يەنە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىش، ئىنقىلابتىن كېيىن قولغا كەلتۈرۈلگەن بەختلىك ھاياتنى قەدىرلەش ۋە قوغداش، يېڭى ھايات قۇرۇشقا جان پىدالىق كۆرسىتىش قاتارلىقلار مەزمۇن قىلىنغان بولۇپ، ئاپتور بۇ مەزمۇنلارنى كونا جەمئىيەت بىلەن يېڭى جەمئىيەتنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئارقىغا بۇراشقا ئۇرۇنۇۋاتقان قالاق كۈچلەرنىڭ قارشىلىقى بىلەن بەختىيار ھايات قۇرۇش يولىدا جان پىدالىق كۆرسىتىۋاتقان ئەمگەكچىلەرنىڭ تىرىشچانلىقىنى قارىمۇقارشى قويۇش ئاساسىدا جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. مەسىلەن:

« مەن خامانىدا تۇغۇلدۇم،
ئاتامنىڭكى ئەمەس، باينىڭكى.
ئارىلاش تاياق يەپ،

ئەسكى كۆڭلەك،
پۇرۇم چورۇق پۇتۇمدا.
مەن ئېتىزدا ئۈستۈم،
ئۆزۈمنىڭ ئەمەس، ئەلنىڭكى.
...
كېيىن كۆلدى كۆڭلۇم،
ئۆكتەبىر تېڭى ئاتتى.
راھەتلىنىپ، كېرىلىپ، بىر ناخشا ئېيتتىم:
بۇ بولار ئەڭ ئاداققى،
ئەڭ قاتتىق چوڭ يىغا ...».

شائىر «ئۆكتەبىر تېڭى ئاتقاندا» ناملىق شېئىرىدىكى بۇ مىسرالاردا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرىكى تۇرمۇشنىڭ ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن نەقەدەر قاتتىق ۋە مۇشكۇل بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ئەمدى ھەرگىز قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى، يېڭى زامانىنىڭ ئورنىغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلىسا؛ «مۇڭلانماڭ سىڭلىم» دېگەن شېئىرىدا ئازادلىققا چىقىپ تولۇق ھوقۇققا ئېرىشكەن خوتۇن - قىزلارنى جەمئىيەتنىڭ ھەربىر ساھەسىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئۆمەر مۇھەممەدى شېئىرلىرى مانا شۇنداق جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى ئۈستۈن، يۇقىرى ئوپتىمىزملىق روھ بىلەن سۇغىرىلغان ئىلغار پىكىرلىك شېئىرلاردۇر. شۇڭا ئۇ، ئەينى ۋاقىتتا ئازادلىققا تەشنا بولۇۋاتقان شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ چىن دىلىدىن سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولغان.

ئۆمەر مۇھەممەدى شېئىرلىرى تىلىنىڭ ئاددىي، جاراڭلىق، ئوبرازلىقلىقى، شەكلىنىڭ يېڭىلىقى، ئۇسلۇبىنىڭ

خاسلىقى ، بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەنمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە .

ئۆمەر مۇھەممەدى ئىجادىيىتىنىڭ يەنە بىر ئەھمىيەتلىك تەرىپى — ئۇنىڭ پروزا ساھەسىدە سىڭدۈرگەن ئەمگىكىدە روشەن ئىپادىلىنىدۇ . ئۇ ، تۇنجى قېتىم ئىزدىنىپ ، ئۆزىنىڭ «ئېغىر كۈنلەردە» ، « باتۇر يىللار » قاتارلىق ھېكايە ، نەسرلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئاساس سالدى ۋە كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن يول ئاچتى .

1927 - يىلى يېزىلغان « ئېغىر كۈنلەردە » ھېكايىسى ئاپتوبىئوگرافىك ھېكايىدۇر . يازغۇچى بۇ ھېكايىدا كەمبەغەل بىر ئائىلىنىڭ فېئوداللىق تۈزۈم شارائىتىدا باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئادەتتىن تاشقىرى ئېغىر جاپا - مۇشەققەتلىك تۇرمۇشىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق يەر-لىك فېئودال ئەكسىيەتچىلەرنىڭ تىرىكتاپلىقى ۋە رەھىمسىزلىكىنى چوڭقۇر پاش قىلىدۇ . رېئال ئىجتىمائىي جەمئى-يەتتە مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئادالەتسىزلىك ، تەڭسىزلىكنى قاتتىق سۆكىدۇ .

ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى « مەن » دەسلەپ ھېچ نەر-سىنى چۈشەنمەيدىغان ، ئەتراپتىكى مۇھىتقا نىسبەتەن خۇددى ئاتا - ئانىسىدەك ئاددىي - سادىدا ، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن قاراي-دىغان ياش گۆدەك ئىدى . كېيىنكى رېئال تۇرمۇش ، ئوچۇق - ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك بۇ گۆدەكنىڭ ئاڭ سېزىمىنى ئويغىتىپ ، تۇرمۇشقا نەزەر سېلىپ قارايدىغان ۋە تەڭسىزلىكنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشكە ئىنتىلىدىغان ھالغا كەل-تۈرىدۇ . ئۇ ، ئانىسىدىن مۇنداق دەپ سورايدۇ : « ئاپا ، نېمىشقا ئانداق ئۇ ھاكىملارنىڭ ئۆيى چىرايلىق ... شۇنداق ئىسسىق ... نېمىشقا بىز ئۆيىمىزنى ئۇنداق قىلمايمىز ئاپا ، ھە ! »

ئىجتىماىيي رېئاللىقتىكى مانا بۇنداق تەگسىزلىكنىڭ ماھىيىتىنى ئانىسىدىن سوراپمۇ بىلەلمىگەن ياش گۆدەك « مەن » پەقەت ئازراق چوڭ بولۇپ، ئاتىسىغا ياردەملىشىپ بايلارنىڭ ئورمىسىنى ئورۇغان، ئاتىسى ئاغرىپ قېلىپ پۈتكۈل ئۆي تىرىكچىلىكى ئۇنىڭ بېشىغا كېلىپ قالغاندا ئۇزۇن ئويغا چۆككەندىن كېيىن ئاندىن بىلىشكە مۇيەسسەر بولىدۇ. شۇڭا ئۇ، ئاتا - ئانىسىنى خورلىغان بايلارغا نىسبەتەن قوزغالغان غەزەپ - نەپرەت ھېسسىياتى بىلەن كېسەل ياتقان ئانىسىنى نان يېقىپ بېرىشكە قىستاپ كەلگەن باي تۇغقىنىنى: «بىر تىيىنلىق ئەسكى - تۇسكىگىلەرنى بېرىپ، ئون تىيىنلىق ئىشلىتىپ، ئاپامنى تۇگەتتىڭلار، ئەمدى مېنى ئىشلەتمەكچىمۇسىلەر! » دەپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ ۋە ئۇ دوق قىلغان ئەسكى دوپپىنى پىرقىرىتىپ ئالدىغا تاشلاپ بېرىدۇ. مانا بۇ ياش گۆدەك « مەن » نىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدۇر

يازغۇچى ھېكايىسىنىڭ ئاخىرىنى ئەمگەكچى خەلقنى پاجىئەلىك ھالدا تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇرلىغان ئىجتىمائىي مەنبەنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەن « مەن »نىڭ تىلىدىن بېرىلگەن: « مېنىڭ ئۇزاقتىن بېرى، كىچىك چېغىمدىنلا تارتىپ ئويۇمغا مۇنداق بىر سوئال كېلەتتى: خۇدايىم بىزنى شۇنداق ياراتتىمىكىن، ھاكىملارنى نېمىشقا ئۇنداق ياراتمىدىكىن، دەيمەن ... بۇ سوئاللارغا پەن ئىگىلىرىدىن ئۆزۈم قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب ئالدىم. لېكىن، شەرقنىڭ ‹ ئۆلىما › لىرىدىن تېخىلا بىرەر جاۋاب ئالالمىدىم. مەن ئاڭلاپ باقسام ئىدىم، شۇلارنىڭ جاۋابلىرىنى! » دېگەن جۈملىلەر بىلەن ئاياغلاشتۇرىدۇ.

ئۆمەر مۇھەممەدىنىڭ 1930 - يىلى يازغان « باتۇر يىللار » دېگەن لىرىك نەسرىي ئەسىرىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاپتور بۇ ئەسىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تېخى ھېچكىم ئىز بېسىپ

باقمىغان بىر يولنى مېڭىپ، نەسردىن ئىبارەت بۇ يېڭى ژانىر ئۇچۇن داغدام يول ئاچتى. ئاپتور بۇ نەسرىدە ئەركىن هايات بىلەن ئىلهاملانغان سوۋېت ئەمگەكچىلىرىنىڭ پاراۋان ۋە بەختلىك تۇرمۇش يارىتىش يولىدا كۆرسەتكەن غەيرەت ـ شىجائىتىنى ۋە ئىجادىي ئەمگەك تەنتەنىسىنى لىرىك تۇستە بايان قىلىپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى مەدھىيىلەيدۇ. شۇنىڭغا سېلىشتۇرما قىلىنغان هالدا كاپىتالىستىك ئەللەردىكى ئىجتىمائىي هاياتنىڭ ماهىيىتىنىمۇ ئېچىپ كۆرسىتىدۇ.

بىز ئەسەرنىڭ بېشىدىكى «هەي ئېيتقۇم كېلىدۇ ۋار- قىراپ ـ ۋارقىراپ، پۈتكۈل دۇنيانى ئۇنتۇپ ئېيتقۇم كېلىدۇ مۇشۇ ناخشىنى! بۇ ناخشىنى شۇنداق يارىتىمەنكى، باتۇر يىللار- نىڭ غۇيۇلداپ ماڭغان چانىسىدا ئولتۇرۇپ، ساقاللىرىم ئاپئاق بولۇپ قىرولانسىمۇ يەنە ۋارقىراپ ئېيتارمەن:

بۇ بولۇر ئەڭ ئاداققى،
ئەڭ قاتتىق چوڭ يىغا...».

دېگەن لىرىك تۇيغۇلاردىن ئاپتورنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە بولغان مۇهەببىتىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر ۋە قويۇق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

ئومۇمەن، «باتۇر يىللار» ئەسىرى ئۆمەر مۇهەممەدىنىڭ ئىجادىيەت جەهەتتە ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، ئۆزەلىكتىن تىرەنلىككە، بىر خىللىقتىن كۆپ خىللىققا قاراپ تەرەققىي قىلغانلىقى، بەدىئىي شەكىلدە مۇكەممەللەشكەنلىكى ۋە پىروزا ساهەسىدە پېشىپ يېتىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆمەر مۇهەممەدى سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن كۆپ نەرسىلەرنى قالدۇرۇپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن مەزمۇن جەهەتتىن ساز

ۋە مول بولغان قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلىرى ئارقىلىق 30 - يىللاردىكى ياش ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ، شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن يېڭى ئۆلگىلەر بىلەن تەمىنلىدى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا قوشقان تۆھپىلىرى مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ.

1985 - يىل، 1 - ئاي

# ئالىم ( مۆمىن ) ھەمرايېۋ ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىنىڭ سەھىپىلىرىنى بىرمۇبىر ۋاراقلاپ كۆرگىنىمىزدە، ئۇنىڭدا «ئالىم ئاخۇن»، «ئۇستا ئالىم»، «دولانى»، «مۆمىن ھەمرا» دېگەن ئىسىم ۋە تەخەللۇسلار بىلەن يېزىلغان كۆپلىگەن ئەدەبىي مىراسلارنى ئۇچرىتىمىز. بۇ ئەدەبىي مىراسلارنىڭ ئىگىسى — «ئېغىر كۈنلەردە»، «دولقۇنلار ئارىسىدا»، «مەيداندىن ئاۋاز» قاتارلىق پوۋېست، رومانلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەمدىلا بىخلىنىۋاتقان پروزا ژانىرىنى يېڭى بالداققا كۆتۈرگەن تالانتلىق يازغۇچى مۆمىن ھەمرايېۋدۇر.

مۆمىن ھەمرايېۋنىڭ ئەسلىي ئىسمى ئالىم ئابدۇللا بولۇپ، مۆمىن ھەمرا ئەركىلەتمە ئىسمىدۇر. ئۇ، 1908 - يىلى ھازىرقى قازاقىستان خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالمۇتا ئوبلاستىغا قاراشلىق ئۇيغۇر رايونىدىكى نارىن يېزىسىدا كەمبەغەل تۆمۈرچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. مۆمىن ھەمرايېۋنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئەسلىي قەشقەرلىق بولسىمۇ، ئەمما XIX ئەسىردە يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىقتا ئاۋۋال ئىلىغا، ئاندىن نارىنغا كۆچۈپ چىقىپ ئولتۇراقلاشقان.

مۆمىن ھەمرايېۋ كىچىكىدىنلا ناھايىتى زېرەك، چېچەن،

ئەقىللىق بولۇپ ئۆسكەنلىكتىن، ئاتىسى ئۆز تۇرمۇشىنىڭ شۇنچە ئېغىر لىقىغا قارىماي، ئۆز پەرزەنتىنى ئوقۇمۇشلۇق، بىلىملىك كىشىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە، ئالمۇتا رايونىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ بىرىگە ئوقۇشقا بەرگەن. ئۇ بىر تەرەپتىن ئوقۇپ تەلىم - تەربىيە ئالغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەتە - ئاخشاملىرىدىكى بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئاتىسىنىڭ مەشغۇلاتىغا ياردەملەشكەن. ئۇ، باشلانغۇچ مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگەتكەندىن كېيىن، تاشكەنت شەھىرىگە بېرىپ ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈش تېخنىكومىغا ئوقۇشقا كىرگەن. تېخنىكومدا ئوقۇش جەريانىدا ئۇ، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، تارىخ، جۇغراپىيە، بوتانىكىغا ئوخشاش ھەر خىل پەنلەرنى ئۆگىنىپ، ئومۇمىي مەلۇماتقا ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، تىل ۋە ئەدەبىيات پەنلىرىگىمۇ زور ئىشتىياق باغلاپ، قىزغىن ھەۋەس بىلەن ئۆگەنگەن. رۇس ئەدەبىياتى، سوۋېت ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر، قازاق، تاتار ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى ۋەكىللىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشۇپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن تەسىر ۋە ئىلھام ئېلىپ، قىسقا ھەجىمدىكى لىرىك شېئىرلارنى يېزىشقا باشلىغان.

مۆمىن ھەمرايېۋ 1927 - يىلى تاشكەنت ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈش تېخنىكومىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، سۇرخەندەريا ئوبلاستىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ، شۇ جايدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ بىرىدە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1929 - يىلى تاشكەنتكە قايتىپ كېلىپ، ئۇيغۇر گېزىتلىرىدە مۇخبىر ۋە ئەدەبىي خادىم بولۇپ، گېزىتنىڭ ئەدەبىي بېتىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ. مۇشۇ يىللاردا ئۇ ئىجادىيەتكە قىزغىن كىرىشىپ، بېرىلىپ ئىشلەپ، ئۆز ئەمگىكىنىڭ تۇنجى مېۋىسى بولغان « ئېغىر كۈنلەردە »ناملىق پوۋېستىنى تاماملاپ، 1931 - يىلى نەشر قىلدۇرىدۇ. بۇ ئەسەر شۇ

چاغلاردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نامايەندىسى سۈپىتىدە تونۇلۇپ، جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ.

مۆمىن ھەمرايىۋ 1934 ـ يىلى ئىككىنچى يىرىك ئەسىرى ــ «دولقۇنلار ئارىسىدا» ناملىق رومانىنى يېزىپ پۈتتۈردى. يازغۇچى بۇ رومانىدا ئەينى دەۋر ئۈچۈن مۇھىم ۋە ئاكتۇئال بولغان مەسىلە ــ قالاقلىق، كونىلىق بىلەن ئىلغارلىق، يېڭىلىق ئارىسىدىكى كۈرەشنى ئاساسىي تېما قىلغان ھالدا، ياش قۇرغۇچىلارنىڭ مەركەزدىن چەت جايلارغا بېرىپ، سوۋېت تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ۋە مەدەنىيەت تارقىتىش، ئاقارتىش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشتەك قىزغىنلىقىنى جانلىق تەسۋىرلەپ كۆرسەتكەن.

رومانىنىڭ باش قەھرىمانى قاسىم ئاسىموۋ كونا دۇنيانى تۈپ ئاساسىدىن يېمىرىشكە ھەرىكەت قىلىۋاتقان يېڭى دۇنيانىڭ ئادىمىدۇر. شۇڭا ئۇ، يېڭى دۇنياغا قىزغىن مۇناسىۋەتتە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ بارلىق چاقىرىقلىرىنى ئاكتىپ قوللايدۇ ۋە ھىمايە قىلىدۇ. قاسىم ئاسىموۋنى ئۆز خاراكتېرى ۋە ماھىيىتى بىلەن يېڭى دۇنيانىڭ ئاكتىپ كۈرەشچىسى بولغان «ئېغىر كۈنلەردە» پوۋېستىدىكى خەلق ئازادلىقى ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىغان، كونا دۇنيانى يېمىرىپ تاشلىماقچى بولغان ئىلھام ئوبرازىنىڭ دلۋامى ۋە تولۇقلىمىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

«دولقۇنلار ئارىسىدا» رومانى يازغۇچى ماھارىتىنىڭ پىشىپ يېتىلمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن ئاز ـ تولا يېتەرسىزلىكلەرگە يول قويغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆز دەۋرى ئۈچۈن مۇھىم ۋە ئاكتۇئال ھېسابلىنىدىغان يېڭى مەسىلىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، بىر تارىخىي دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى بىلەن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا بۇ روماندىن پارچىلار 1936 ـ يىلى تاشكەنتتە

نەشر قىلىنغان ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن تۈزۈلگەن دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن، بۇ دەرسلىك ئەينى يىللاردا شىنجاڭغىمۇ تارقىلىپ كىرگەن.

يازغۇچى 1937 - يىلى «مەيداندىن ئاۋاز» دېگەن يەنە بىر رومانىنى يېزىپ پۈتتۈرۈپ، نەشرىياتقا تاپشۇرغان. بىراق، بۇ رومان نەشرىيات تەھرىر ھەيئىتىنىڭ قولىدا تەقدىرى بىر تەرەپ بولماي، ئۇن - تىنسىز يوقىلىپ كەتكەنلىكتىن، مەزمۇنىنى ئوقۇرمەنلەرگە ئايان قىلىش ھازىرچە مۇمكىن بولمىدى.

يازغۇچىنىڭ كېيىنكى ھاياتى شىنجاڭدا ئۆتتى. ئۇ، 1937 - يىلىنىڭ ئاخىرى تاشقورغان يولى ئارقىلىق يەكەنگە كەلدى. بىراق، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇنى «گۇمانلىق ئۇنسۇر» دەپ قولغا ئالدى. ئۇ، يەكەن تۈرمىسىدە بىر يىل سەككىز ئاي ياتتى. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۇنىڭدىن ئۆز گۇمانىغا دائىر بىرەر يىپ ئۇچىغا ئىگە بولالمىغانلىقى، شۇنداقلا 30 - يىللاردا سوۋېت بىلەن بولغان باردى - كەلدى مۇناسىۋەت نورمال ئىش ھېسابلانغانلىقى ئۈچۈن، مۆمىن ھەمرايېۋنى ئاخىرى تۈرمىدىن بوشىتىشقا مەجبۇر بولدى. مۆمىن ھەمرايېۋ 1939 - يىلدىن 1942 - يىلغىچە يەكەن ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا خادىم، «بەخت يۇلتۇزى» نامى بىلەن چىقىۋاتقان يەكەن گېزىتىدە مەسئۇل مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىدى. ئۇنىڭ بۇ چاغدىكى ئىسمى «ئالىم ئاخۇن»، ئەدەبىي تەخەللۇسى «ئۇستا ئالىم»، «دولانى» ئىدى. ئۇستا ئالىم يەكەندە بولغان ئازغىنا كەم ئالتە يىلغا يېقىن ۋاقىت جەريانىدا (بۇ ۋاقىتنىڭ كۆپ قىسمى گەرچە تۈرمىدە ئۆتكەن بولسىمۇ)، جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ فېئودالىزم بويۇنتۇرۇقى ئاستىدا ئىنتايىن نامرات، نادان ھالەتتە ياشاۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. شۇڭا ئۇ، قەلەمنى قورال قىلىپ، جەڭگىۋار كۈرەش روھى بىلەن تولغان يالقۇنلۇق

شېئىرلارنى يېزىش ئارقىلىق زۇلۇمغا، جاھالەت، نادانلىققا قارشى شىددەتلىك ئوت ئېچىپ، خەلق ئاممىسىنى ئازادلىق، ئەركىنلىككە ئۈندىدى. ئۇنىڭ «دولانى» تەخەللۇسى بىلەن كېيىنرەك يازغان بىر شېئىرىدا مۇنداق مىسرالار بار:

«ئىزلىسەم مەن بۇ جاھاندا ھەقنى سۆيگەن يوق ئەمەس،
ھەقنى ئىزدەپ، بۇ ۋەتەندە باغرى كۆيگەن يوق ئەمەس.
باغ ئارا سايراشسا بۇلبۇل دائىما گۇل ئىشقىدا،
مېڭىسىنى قۇرت چېقىپ سەرساندا يۈرگەن يوق ئەمەس.
ئول زىمىستان زۇلمىدىن شامۇسەھەر قان يىغلىغان.
گۇل باھارغا زار بولۇپ، ئارماندا ئۆلگەن يوق ئەمەس.
مىللىتىم دەپ ياش تۆكۈپ، بىرقانچە ئەل ئاھ ئۇرسىلەر،
كۇلۇشۇپ، مازاق ئېتىپ غەپلەتتە يۈرگەن يوق ئەمەس.
ئويلىغىن ئۆتكەن كۈنۈڭنى سەن ۋەتەن ئەۋلادىسەن،
دۇنيادىن كەتمەي تۇرۇپ دوزاخنى كۆرگەن يوق ئەمەس.
يىغلىما سەن ئەي دولانى قىش كېتىپ بولۇر باھار،
قېنى كۇرەش دەپ چاقىرىپ يەڭنى تۈرگەن يوق ئەمەس».

ئۇزاقتىن بۇيان ئۇستا ئالىمدىن گۇمانلىنىپ، ئۇنى يوقىتىشنىڭ پېيىگە چۈشكەن شېڭ شىسەي دائىرىلىرى خەلق ئارادىكى كوممۇنىزىمغا قارشى دولقۇندىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ھۆرىيەتكە، ئەركىنلىككە ئۈندەش تەرغىباتلىرىنى باھانە قىلىپ، «كوممۇنىستىك ئىدىيىنى تەرغىب قىلغان» دېگەن جىنايەت بىلەن 1942 ـ يىل 2 ـ ئايدا قولغا ئالدى. ئۇ، يەكەن تۈرمىسىدە بەش يىل ئىزالانغۇچە ياتتى. 1946 ـ يىل 6 ـ ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق بىتىمى ئىمزالاندى. سىياسىي مەھبۇسلارنى بىردەك ئازاد قىلىش ــ ئۇنىڭ بىر ماددىسى سۈپە-

تىمدە قوبۇل قىلىندى. ئۇستا ئالىم تۈرمىدىن ئازاد قىلىندى.
بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قەشقەرگە سايلام خىزمىتى ئۈچۈن كەل-
گەن ۋەكىللىرىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن «ئاڭ گېزىتى»
(«قەشقەر — شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ بىتىم مەزگىلىدىكى نامى
«ئاڭ» ئىدى)نىڭ باشلىقلىقىغا بەلگىلەندى. ئۇ، باشلىق بولۇپ
تۇرغان مەزگىلدە گېزىتنى ياخشى باشقۇرۇپ، ئۇنىڭ سان -
سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپلا قالماستىن، گېزىت ئەتراپىغا ئىلغار
پىكىرلىك كىشىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇنى گومىنداڭ ئەكسىيەت-
چىلىرىگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بارىدىغان جەڭگىۋار تەشۋىقات
قورالىغا ئايلاندۇردى. ھە دېگەندىلا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى-
نىڭ بىتىمگە خىلاپلىق قىلىپ، خەلق ئۈستىدىن زورلۇق -
زومبۇلۇق يۈرگۈزگەن، ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرگە زىيانكەش-
لىك قىلغان جىنايى قىلمىشلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ
«تىنچلىق بىتىمى»دىكى ساختا نىقابىنى يىرتىپ تاشلىدى.
ئۇستا ئالىم يەنە مەتبەئەچىلىك جەھەتتىكى قولايلىق شارائىتتىن
پايدىلىنىپ، خەلقنىڭ ئاڭ - سېزىمىنى ئۆستۈرۈشكە ياردىمى
بولىدىغان بىر قىسىم كىتابلارنى نەشر قىلىپ، خەلق ئارىسىغا
تارقاتتى. «شېرىن» (توپلامنىڭ ئىسمى «بەخت تېگى»
بولۇپ، «شېرىن» ئۇنىڭ كىرىش سۆزى بولغان «بىزنىڭ شې-
رىن تۆھپىمىز»دىن يۇلۇۋېلىنغان بىر سۆز» دېگۈچىلەرمۇ
بار)① ئەنە شۇلارنىڭ بىرى. 1947 - يىل 7 - ئايدا بىتىم بۇزۇل-

① «شېرىن» — ئۇستا ئالىم، نۇرمۇھەممەد ئېركى، قۇربان ئىمىن قاتارلىق
شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن جەملەنگەن 80 بەتلىك ئەدەبىي توپلام بولۇپ،
ئۇ مەرھۇم قاسىمجان قەمبىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تۈزۈلۈپ «ئاڭ» گېزىتى
مەتبەئەسىدە باستۇرۇلغان. تارقاتقۇچە ئارىلىقتا بىتىم بۇزۇلۇپ كېتىپ،
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۇنى بېسىقلىق ئورنى — «ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى»
دىن بۇلاپ ئېلىپ چىقىپ كۆيدۈرۈۋەتكەن. بۇ توپلامغا ئۇستا ئالىمنىڭ يەكەن
ۋە قەشقەردە يازغان «ئاي»، «دوستلارغا سالام»، «ئانت» (قەسەم)،
«سىڭلىمغا» قاتارلىق شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

غاندىن كېيىن ئۇستا ئالىم، قاسىمجان قەمبىرى، خەلپەت سۇزۇك ھاجىيوپ، ئابلىز مۇھەممەدى، نىزامىدىن سالىيۇپ، ئابلەق ئەزىز، تۇرسۇن ئىبراھىم قاتارلىقلار بىلەن بىللە قولغا ئېلىنىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭىشەھەردىكى ھەربىي تۈرمىسىگە قامالدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۇنى تۈرمىدە ھەر خىل رەزىل ۋاسىتىلەر بىلەن قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئالدى. بىراق، ئۇستا ئالىم ھەممىگە بەرداشلىق بېرىپ، قىلچە باش ئەگمىدى. 1949 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى خەلقنىڭ قاتتىق بېسىمى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ قىستىشى ئارقىسىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەقىقەتكە قايتىش ئالدىدا تۇرغان رەئىسى بۇرھان شەھىدى بۇيرۇق بېرىپ، ئۇنى تۈرمىدىن قويدۇرۇۋەتتى. يازغۇچى شۇ يىلى 8 - ئايدا ئاۋۋال غۇلجىغا، كېيىن ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ئۆلكە ئازاد بولغۇچە جەمئىيەتتە بىكار يۈردى. ئۆلكە ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىقىنى، ئاندىن كادىرلار ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرلىقىنى، جۇڭگو - سوۋېت نېفىت شىركىتىنىڭ جۇڭگو تەرەپ ۋەكىللىكىنى، ئۆلكىلىك مەدەنىيەت - مائارىپ ھەيئىتىنىڭ ئىشخانا مۇدىرلىقىنى، مەدەنىيەت - مائارىپ ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى، ئۆلكىلىك مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرلىقىنى، ئۆلكىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىنى ۋە تىل - ئىملا ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلەپ، خەلق ئىگىلىكىنى تىكلەش خىزمىتىگە ئاكتىپ كۈچ قوشتى.

مۆمىن ھەمرايېۋ 1955 - يىل 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئۆلكىلىك بانكا باشلىقى ئابدۇللا مۇھەممەدى بىلەن بىرلىكتە تۇرپانغا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كېتىۋېتىپ، داۋانچىڭدا ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچراپ بەختكە قارشى 47 يېشىدا ۋاپات

بولدى. ئۇنىڭ جەسىتى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىنىپ، مەخسۇس تەشكىللەنگەن دەپنە قىلىش ھەيئىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە خانگچىنگدىكى كونا قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىندى. ئون گۈللىنىڭ تېخى بىرىنچى ئېچىلمىغان بۇ ئەرك سۆيەر باتۇر جەڭچى، تالانتلىق يازغۇچى ۋە شائىر ئۇستا ئالىمنىڭ ۋاپاتى شىنجاڭنىڭ ئەينى يىللىرىدىكى دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش بولۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا يېڭىدىن تەرەققىي قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئۈچۈنمۇ چوڭ يوقىتىش بولدى. چۈنكى، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى سېپى ئۆزىنىڭ يىرىك ئەسەرلىرى بىلەن پروزا ژانىرىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن تالانتلىق بىر جەڭچىسىدىن ئايرىلغانتى. مەرھۇم شائىر ئۇستا ئالىم شىنجاڭدا ياشىغان قىسقىغىنا 18 يىللىق ھاياتىدا ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن سان جەھەتتىن ئاز بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇن جەھەتتىن مول، تىرەن، دېموكراتىك ئىلغار ئىدىيىلەر بىلەن سۇغۇرۇلغان بىرمۇنچە ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى.

مەرھۇمنىڭ ئائىلە، بالا - چاقىلىرى ۋە مەدەنىيەت نازارىتى، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە بىللە ئىشلىگەن دوستلىرى، كەسپداش، مەسلەكداشلىرىدىن مەھەممەتسىدىق نورۇزوۋ، ئابلەي روزى، تېيىپجان ئېلىيوپ، يۇسۇپبېكلارنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا، مەرھۇم شىنجاڭدا ھايات كەچۈرگەن مەزگىلدە «ئوقۇتقۇچى»، «بەخت» ناملىق ئىككى رومانىنى؛ «جانان» ناملىق سەھنە ئەسىرىنى، «ئانامغا» ناملىق زور ھەجىملىك لىرىك داستانىنى، لۇتفىنىڭ غەزەللىرىگە نەزىرىلەرنى ۋە بىرقانچە ھېكايىلارنى يازغانلىقى مەلۇم. ئەمما، ئۇنىڭ بۇ قولىيازمىلىرى مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا ئائىلىسىگە باستۇرۇپ كىرگەن «قىزىل ئىس-

يانچىلار » تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلگەن . بىر قىسىم قولىيازما خاتىرىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئارخىپخا- نىسىدا ساقلاقلىق ئىكەن .

يازغۇچىنىڭ هازىر بىزگە مەلۇم بولغان ئەسەرلىرى ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرى كۈچلۈكرەك بولغان ئىجتىمائىي ئەمگەكلىرىدىن بىرى « ئېغىر كۈنلەر » پوۋېستىدۇر . ئاپتور بۇ پوۋېستىدا 1916 - يىلىدىكى لاشمانلىقا ئادەم ئېلىش ۋەقەسىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان هالدا ، سوۋېت تۇپرىقىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى غەلىبە قىلغۇچە ئارىلىقتىكى پاجىئەلىك تۇرمۇشىنى ئىنتايىن رېئاللىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن .

هەممىمىزگە مەلۇم ، پادىشاھ رۇسىيىسى 1 - دۇنيا ئۇرۇ- شىغا قاتنىشىپ ئارىدىن تېخى ئۈچ يىل ئۆتە - ئۆتمەيلا هەممە جەھەتتىن ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ ، ئېغىر كرىزىسقا دۇچ كەلدى . نۇرغۇن قوشۇنلىرىدىن ، قورال - ياراغلىرىدىن ئايرىلدى . كۆپ ئادەم ئەسكەرلىككە مەجبۇرىي ئېلىنغانلىقتىن ، زاۋۇت - فابرى- كىلار ، كان - كارخانىلار ئىشچى كۈچى يېتىشمەي ئىشتىن توختىدى . تۆمۈر يوللار بۇزۇلدى . ئالدىنقى سەپكە كېتەرلىك قورال - ياراغ ، ماددىي تەمىنات يېتىشمەي ئۈزۈلۈپ قالدى . خەلق ئىگىلىكى كاردىن چىققانلىقتىن پۈتكۈل رۇسىيىنى ئاچارچىلىق قاپلاپ كەتتى . هەرقايسى تەبىقىلەر ئارىسىدا ئۇرۇشقا ، پادىشاھ هۆكۈمىتىگە قارشى نارازىلىقلار ئەۋج ئېلىپ ، يوشۇرۇن هەرىكەتلەر ئۇلغايدى . پادىشاھ هۆكۈمىتى مانا شۇنداق قىيىن ئەهۋالدا ، ئالدىنقى سەپتىكى ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئوڭشاش ، ئىچكى رايونلارنىڭ نورمال تۇرمۇش تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈ- رۈش يۈزىسىدىن ، ئۆز قانۇنىدىكى « چەت ئايماقلاردىن ، بولۇپمۇ مۇسۇلمانلاردىن ئارمىيىگە ئادەم ئېلىنمايدۇ » دېگەن پەرمانىغا

خىلاپ ھالدا ، ئۇيغۇر ، قازاق ، قىرغىز ، ئۆزبېك ، تۇنگان قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرى ئارىسىدىن 18 — 43 ياشنىڭ ئارىسىدىكى ئەرلەرنى ئەسكەرلىككە ئېلىش توغرىسىدا 1916 - يىل 25 - ئىيۇلدا بۇيرۇق چىقاردى . پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ مۇسۇلمانلاردىن ئەسكەر ئېلىشى ھەرگىز ئۇلارغا قورال تۇتقۇزۇپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىش ئەمەس ، بەلكى بۇزۇلغان تۆمۈر يوللارنى ئوڭشاش ، ئاكوپ كولاش ، گازارما قۇرۇش ، پادىشاھ ئەمەلدارلىرى ۋە باي ، كاپىتالىستلارنىڭ تۇرمۇشىغا قىيىنچىلىق كەلتۈرۈۋاتقان تۇرالغۇ جاي ، يېقىلغۇ ، توك ، قاتناش ئىشلىرىدىكى قارا ئەمگەككە ئېھتىياجلىق كۆچلەرنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى . پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىدا ، كىمدەكىم بولسۇن ، ئۆلچەمگە لايىق كەلگەن پەرزەنت ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى يوشۇرۇپ ، ئورنىغا باشقىلارنى ياللاپ ئەۋەتىشكە بولمايدۇ ، دەپ كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ ، بىراق بۇ ئىش يەرلىك بولۇس ( يېزا باشلىقى ) لارغا تاپشۇرۇلغانلىقتىن ، تولىمۇ ئادالەتسىزلىك ، پارىخورلۇق بىلەن ئېلىپ بېرىلدى . بايلار ئۆز بالىلىرى ئورنىغا مالايلىرىنى ، مالايلىرى يوقلار تۇل خوتۇنلارنىڭ يېتىم بالىلىرىنى ياللىۋېلىپ تىزىمغا ئالدۇردى . كومىسسىيە ① ، دوختۇر دېگەنلەر پۇلنى سېتىلغانلىقتىن ، بايلارنىڭ قاۋۇل ئوغۇللىرىنى يارىماسلىقىغا ئىسپات ئەتتى . بۇ ئادالەتسىزلىككە نارازى بولغان ئەمگەكچىلەر پادىشاھ ھۆكۈمىتىگە قارشى چوڭ كۆلەملىك كۆتۈرۈلۈش ياسىدى . بىراق ، پادىشاھ ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن جازا ئەترىتى قايقا قاتارلىق جايلاردىكى قوزغىلاڭغا يولباشچىلىق قىلغان كىشىلەرنى دارغا ئېسىش ، يېزىلارغا ئوت قويۇش ، ئاياللارنى ، بالىلارنى ، قېرىلارنى ئۆلتۈرۈش ... تەك قاتتىق ، قەبىھ

① كومىسسىيە — تەكشۈرۈش خادىملىرى .

ۋاسىتىلەرنى ئىشقا سېلىپ، قوزغىلاڭنى باستى. 300 مىڭدەك ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تۇنگان، ئۆزبېكلەر قەشقەر ۋە غۇلجا ئەتراپلىرىغا قېچىپ كېلىپ قۇتۇلدى.

بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ يېتەكچىلىكى بولمىغان ئىستىخىيىلىك ھەرىكەت بولغاچقا، خەلق ئاممىسى پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئىشنى 15 ـ سېنتەبىرگە قالدۇرۇش ھەققىدىكى كېچىكتۈرۈش بۇيرۇقىنى ئاڭلاپ بوشىشىپ قالدى. پادىشاھ ھۆكۈمىتىمۇ خەلق ئاممىسىنىڭ بىخۇدلاشقانلىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، لاشمانلىققا ئادەم ئېلىش مەقسىتىنى ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇردى.

ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى ئىلەم ئەنە شۇ لاشمانلىققا تۇتۇلغان ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ باشتىن كەچۈرگەن ھايات پاجىئەلىرى، جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى ئۆزىدە جەملىگەن تىپىك ئوبراز. يازغۇچى ئەسەردە گەرچە ئىلەمنىڭ لاشمانلىققا تۇتۇلغىچە ئارىلىقتىكى ھايات پائالىيىتىنى تەسۋىرلىمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كېيىنكى ھاياتىدىكى بىرقانچە ۋەقەلىكلەر ئارقىلىق ئىلەمنىڭ بىر پۈتۈن خاراكتېرىنى سىزىپ چىققان. بىز پوۋېستىنىڭ بېشىدا ئىلەمنى ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى ئانچە چۈشەنمەيدىغان، مۇدھىش تەقدىرگە بويسۇنغان، ئاڭسىز، نادان بىر دېھقان سۈپىتىدە چۈشەنسەك؛ پوۋېستىنىڭ ئاخىرىدا ئىجتىمائىي رېئاللىققا خېلى ئاڭلىق قارايدىغان، تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشكە ئىنتىلىدىغان، ئادالەتسىزلىككە قارشى كۈرەش قىلىشنىڭ يوللىرىنى بىلگەن بىر ئىنقىلابچى سۈپىتىدە كۆرىمىز.

ئىلەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە رۇس ئىشچىسى سىرگېي ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. ئۇ، ئىلەمگە ئىنقىلابنىڭ داۋلىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ئاڭ سېزىمىنى ئويغاتقاندىن باشقا، لاشمانلىقتا تەشكىللەنگەن مەخپىي ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە قاتناشتۇرۇپ

چېنىقتۇرۇش ئارقىلىق، بىر ئاڭلىق ئىنقىلابچى قىلىپ يېتىلدۈ-رىدۇ. شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئاپتور بۇ يەردە سىر گېپى بىلەن ئىلەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەس-ۋىرلەش ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن روسىيە زېمىنىدىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچىلىرىنىڭ تەقدىرىنىڭ ئورتاقلىقىنى كۆرسەتمەكچى بولغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن رۇس، ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا مىل-لەتلەرنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەش جەريانىدىكى ئۆزئارا ھەمكارلىقى ۋە چوڭقۇر سىنىپىي دوستلۇقىنى ئىپادىلىگەن.

ئەسەردە يەنە سەلبىي قەھرىمانلارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە گايىتباي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ھېمىتنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان بولۇپ، يازغۇچى ئۇلارنى سۈرەتلىگەندە ئايرىم خاراكتېرىستىكا بېرىپ ئولتۇرمىغان، بەلكى ئۇلارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق روھىي دۇنياسىدىكى رەزىللىكنى ئېچىپ تاشلىغان. مەسىلەن، ھېمىت «دۇنيانىڭ ئاساسىي تىرىكى پۇل» دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئەسەردە ئۇ، ئۆز سۆز - ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىنسانىي خىسلەتتىن تامامەن مەھرۇم بولغان، پۇل ئۈچۈن ھەرقانداق پەسكەشلىكلەرنى قىلىشتىن يانمايدىغان رەزىل مەخلۇق قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ.

ئەسەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۇتۇقلىرىدىن بىرى شۇكى، يازغۇچى كومپوزىتسىيىلىك قۇرۇلۇشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، ئۇنى چېۋەرلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرغانلىقتىن، لاشمانلىقتىن ئىبارەت بىر پۈتۈن تارىخىي ۋەقەلىكنى، شۇنداقلا تارىختىن بۇيان شەكىللەنگەن ھۆكۈمران سىنىپلار بىلەن تەقدىرگە بويسۇنغۇچى ئەمگەكچى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى ئادالەتسىزلىك ۋە ئادالەتسىز-لىككە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى ئىلەم ۋە ئۇنىڭ ئايالى جانەم بىلەن گايىتباي، روزاخۇن بولۇس، سايىت ئىماملار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشى ئارقىلىق رېئال ئاساستا

يېشىپ كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇ ھەقىقەتەن ئۇستىلىقتۇر.

يازغۇچى ئەسەرنىڭ سيۇژىتىنىمۇ شۇنداق چاققان، ھەرىكەتچان قىلىپ تۈزگەنكى، ئۇنىڭدا بىر ۋەقە ئىككىنچىسىگە باغلىنىپ، بىرىدىن ئىككىنچىسى چىقىپ، تەبىئىي رەۋىشتە راۋاجلىنىپ، بالداقمۇبالداق ئۆرلەپ ماڭغانلىقتىن، كىتابخان بىردەممۇ زېرىكىشلىك ھېس قىلمايدۇ. مەسىلەن، پوۋېستىنىڭ بېشىدا تىنچ ھايات كەچۈرۈۋاتقان مەھەللىگە قىقاس-چۇقان كۆتۈرۈپ، يېزىنى تەۋرىتىپ، ئىتلارنى ئۇر كۇتۇپ توختاخۇن ئەللىككېبېشى كىرىپ كېلىدۇ-دە، يېزىغا ئۇلۇغلارنىڭ كېلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنلا تىنچ ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خەلقنىڭ ھاياتىدا ئەنسىزلىك باشلىنىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بىزنىڭ روھىي كەيپىياتىمىزمۇ جىددىيلىككە ئۆتىدۇ. ئۆزىمىز تۇيمىغان ھالدا ئەسەردىكى ۋەقەلىك ئارىسىغا تەبىئىي شۇڭغۇپ كېتىمىز.

يازغۇچى ئەسەردىكى زىددىيەت توقۇنۇشىنىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن كەسكىنلەشتۈرۈپ، رېئال قىلىپ يەشكەن. مەسىلەن، لاشمانلىقتىن قايتقان ئىلەم بىلەن مەسۇم كۆپ مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ مەھەللىگە يېقىنلاپ كەلگەندە، ئۇلار ياللىغان ھارۋىنىڭ ئوقى تاسادىپىي سۇنۇپ كېتىپ، ھارۋا يولدا توختاپ قالىدۇ. بۇ چاغدا مەھەللىدە بولسا جانەمنىڭ تويى تاماملىنىپ، ئۇنىڭ ھېمىتكە بولغان نىكاھى ئوقۇلۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتى. بۇنى ئۇققان ئىلەم دەرھال ئېشىنىڭ ئۇستىدىن چۈشۈپ، ۋاپادارى جانەمنى ھېمىتنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېمىتنىڭ پۈتۈن ئالدامچىلىقلىرى، قۇۋلۇق، شۇملۇقلىرى ئېچىپ تاشلىنىدۇ.

پوۋېستىنىڭ تىلى ئۇستىدە بىر-ئىككى ئېغىز سۆز ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، مۆمىن ھەمرايېۋ بۇ ئەسەرنى يېزىۋاتقان

ۋاقتىدا، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تىلى ئەمدىلەتىن قېلىپلىشىشقا قاراپ مېڭىۋاتقان دەۋر ئىدى. بۇ دەۋردە چىققان ئەسەرلەرنىڭ كۆپچىلىكىدە تىل گۈزەللىكىدىن توغرا پايدىلىنالماسلىق، ئورۇنسىز سۆزلەرنى ئىشلىتىپ پېرسوناژلار تىلىنى سۇئىيلەشتۇرۇپ قويۇشتەك ئىللەتلەر مەۋجۇت ئىدى. مۆمىن ھەمرايېۋ ئۆز پوۋېستىدا بۇ خىل ئىللەتلەرگە ئاز يول قويغان، خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن، ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەردىن ئورۇنلۇق پايدىلانغان. لېكىن، ئۇتۇق بار يەردە كەمچىلىك بولغىنىدەك، يازغۇچى بۇ ئەسىرىدە ئەينى دەۋردىكى ئەدەبىياتقا ئورتاق بولغان بىر قىسىم يېتەرسىزلىكلەردىن تاشقىرى، تاللىۋالغان ۋەقەلىكلىرىنىڭ مۇھىملىقى بىلەن مۇھىم ئەمەسلىكىگە، بىرىنچى ئورۇندىكىسى بىلەن ئادەتتىكىسىگە سەل قاراپ، قارا - قويۇق تەسۋىرلەپ كېتىۋەرگەنلىكتىن، باش قەھرىمانلار بىر چەتتە قالىدىغان ئەھۋاللار يۈز بەرگەن. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ئەسەر ئۇيغۇر پروزىسىنى كىچىكلىكتىن چوڭلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تۇنجى ئۇتۇقى ھېسابلىنىدۇ.

مۆمىن ھەمرايېۋنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى ھەرقايسى نەشرىيات، مەتبۇئات ئورۇنلىرىنىڭ ئارخىپلىرىدا، خەلق ئارىسىدا ساقلانماقتا. ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش — ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى.

1985 - يىل، 1 - ئاي

# ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزغا بولغان ۋارىسلىق مەسىلىسى

## 1

ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىگە «ئاپرېل ئۆزگىرىشى»دىن باشلاپ هېسابلىغاندا، هازىر يېرىم ئەسىردىن ئاشتى. ئەدەبىياتىمىز مۇشۇ تارىخي تەرەققىيات جەريانىدا ئوخشاشمىغان دەۋر ۋە تارىخي باسقۇچلارنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ، هېچقاچان بۇگۈنكىدەك مۇنداق مىسلىسىز گۈللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان ئەمەس. ئىجادىيەت قوشۇنى جەهەتتىن ئېيتقاندا، بۇگۈنكىدەك قەلەم قوۋۋىتى بىرقەدەر پىشىپ يېتىلگەن نەچچە يۈزلىگەن ئىجادىيەت چەۋەندازلىرىنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدە ئۆز ماهارىتىنى نامايان قىلىۋاتقانلىقىدەك مۇنداق ياخشى ۋەزىيەتنى تارىخىمىزنىڭ هەرقانداق ئالتۇن دەۋرىدىمۇ هەرگىز ئۇچرىتالماسلىقىمىز مۇمكىن. ئىجادىيەت ژانىرى جەهەتتىن بولسا، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەنئەنىسى بولغان شېئرىيەت ۋە داستانچىلىق يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. پروزا، نەسر، دراماتورگىيىنىڭ هەربىر تۈرلىرى

بويىچە مىڭلاپ نادىر ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا تېخى شەكىللەنمىگەن كىنو سىنارىيىسى، تېلېۋىزىيە تىياتىرىدىن ئىبارەت تۈرمۇ ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزغا يېڭىدىن قېتىلدى. ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مۇنداق گۈللەپ ياشنىشى هەرگىز تاسادىپىي هال ئەمەس. بەلكى هەرقايسى دەۋرلەردە ئۆتكەن ئەدىبلەرنىڭ ئەجدادلىرىمىز يارىتىپ بەرگەن قەدىمكى مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان هالدا ئۇنى ئۆز دەۋرلىرىنىڭ تارىخى ۋە ئىجتىمائىي رېئاللىقى بىلەن يېقىمىندىن ماسلاشتۇرۇپ ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

دۇنيادا يىلتىزسىز دەرەخ، مەنبەسىز سۇ بولمىغىنىدەك، ئەدەبىيات تارىخىمۇ مەلۇم مەنبەگە يۆلەنمەي تۇرۇپ ئۆز ئالدىغا ئايرىم، يەككە هالدا تەرەققىي قىلىپ، راۋاجلىنالىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئەنە شۇ داۋلىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغان ئاساسلىق مەنبەلەرنىڭ بىرى كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە ئۇنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىدۇر.

پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ يولباشچىلىرىدىن بولغان ئۇلۇغ ئۇستاز لېنىن «ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ۋەزىپىلىرى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە: «بىز پرولېتارىيات مەدەنىيىتى توغرىسىدا سۆزلىگەن ۋاقتىمىزدا ئەنە شۇنى نەزەردە تۇتۇشىمىز كېرەككى، ئىنسانىيەت تەرەققىياتى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن مەدەنىيەتنى ئېنىق بىلىش، ئۇنى قايتىدىن ئىشلەش ئارقىسىدىلا پرولېتارىيات مەدەنىيىتىنى قۇرۇش مۇمكىن ... پرولېتارىيات مەدەنىيىتى ئاللىقانداق نامەلۇم جايدىن كېلىپ چىققان نەرسە ئەمەس، پرولېتارىيات مەدەنىيىتى بويىچە ئۆزلىرىنى مۇتەخەسسىس دەپ ئاتىغۇچى ئادەملەر ئويلاپ چىقارغان نەرسىمۇ ئەمەس ... پرولېتار

مەدەنىيىتى كاپىتالىستىك جەمئىيەت، پومېشچىكلار جەمئىيتى، ئەمەلدارلار جەمئىيىتىنىڭ زۇلمى ئاستىدا ئىنسانىيەت ياراتقان بىلىم زاپاسلىرىنىڭ قانۇنىي تەرەققىياتىدىن ئىبارەتتۇر» دەپ كۆرسىتىدۇ(«كوممۇنىستىك تەربىيە ھەققىدە»، شەرق ھەقىقىتى نەشرىياتى، تاشكەنت، 1960 ـ يىل نەشرى، 98 ـ، 99 ـ بەتلەر). ۋ. ئى. لېنىن «پرولېتارىيات مەدەنىيىتى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە يەنە: «ئىنقىلابىي پرولېتارىياتنىڭ ئىدېئولوگىيىسى بولغان ماركسىزم ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل تارىخىي ئەھمىيىتىنى شۇنىڭ بىلەن قازاندىكى، ماركسىزم بۇرژۇئا دەۋرىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئۇتۇقلىرىنى ئەسلا ئاغدۇرۇپ تاشلىمىدى، بەلكى ئەكسىچە ئىنسانىيەت پىكرى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ 2000 يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت مابەينىدە تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن قىممەتلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلەشتۈردى ۋە قايتىدىن ئىشلىدى» دەپ يازىدۇ (يۇقىرىقى كىتاب 120 ـ بەت).

پرولېتارىيات مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدىكى لېنىننىڭ مانا بۇ بايانلىرى يالغۇز پرولېتارىيات مەدەنىيىتىنىڭلا ئەمەس، شۇنداقلا ھەرقانداق بىر دەۋردىكى مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭمۇ شەكىللىنىشى، راۋاجلىنىشى ئۇچۇن، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە شەكىللەنگەن مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات ئەنئەنىسىگە تەقەززا بولىدىغانلىقىنى، بۇنىڭسىز يېڭى بىر دەۋر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللەنمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ بارلىققا كېلىشىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. بىز ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا شەكىللەنگەن بەزى تېمىلار، سيۇژېتلار، ژانىرلار، ئۇسلۇبلار بىلەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا يورۇتۇلۇۋاتقان بەزى تېمىلارنى، سيۇژېتلارنى، ژانىر، ئۇسلۇبلارنى ئۆزئارا

سىلنىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساقلا، ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىن ئوزۇقلىنىش ئارقىلىق بىخلىنىپ، تەرەققىي قىلغانلىقىنى، بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى بىر تارىخىي دەۋردىكى ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى يول بىلەن تەرەققىي قىلغان شەكلى ۋە داۋامى دەپ قاراشقا بولىدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشىنىۋالالايمىز.

## 2

ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتى زامان تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭدىكى خىلمۇخىل ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى تۇ-پەيلىدىن تېما دائىرىسى، مەزمۇن چوڭقۇرلۇقى، رەڭگارەڭلىكى جەھەتتىن كلاسسىك ئەدەبىياتقا قارىغاندا ئىنتايىن كېڭەيگەن، تېخىمۇ تىرەنلەشكەن ۋە خىلمۇخىللىققا ئىگە بولغاندىن باشقا، يەنە ئەدەبىياتىمىزدىكى ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە ئۇنىڭ خاسىيىتىنى ئۇلۇغلاش ئارقىلىق كىشىلەرنى بىلىملىك بولۇشقا ئۈندەش، ياخشى ئەدەپ ـ ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىپ، ناچار قىلىقلارنى سۆكۈش ئارقىلىق ئىنسانلارنى ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتنى ئۆزىگە يار قىلىشقا دەۋەت قىلىش، يۇرتقا بولغان مېھىر ـ مۇھەببەت ئارقىلىق ۋەتەنپەرلىكنى تەرغىب قىلىش، ئېزىلگەن، خارلانغانلارغا يار ـ يۆلەكتە بولۇش، ياخشىلىق، خەيرخاهلىق قىلىش ئارقىلىق ئىنسانپەرۋەرلىك روهىنى جارى قىلدۇرۇشقا تەشەببۇس قىلىش، مۇهەببەتنى قەدىرلەش ۋە ساداقەتمەنلىك، ۋاپادارلىقنى ئۇلۇغلاش ئارقىلىق ئاياللارنى هۆرمەتلەش، كىشىلىك ئەركىنلىكى ئۈچۈن بولغان كۈرەشنى ئالغا سۈرۈش، مېهنەت ۋە مېهنەتكەشلەرنى مەدهىيىلەش ئارقىلىق مېهنەت سۆيەرلىككە،

مېھنەت مېۋىلىرىنى قەدىرلەشكە ئۈندەشتەك ئەنئەنىۋى تېمىلارنىڭ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا يەنە كۆپلىگەن يازغۇچى، شائىرلار تەرىپىدىن كەڭ دائىرىلىك يورۇتۇلۇۋاتقانلىقىنى روشەن كۆرۈمىز. ئىلىم - مەرىپەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ئۇنىڭ خاسىيىتى ھەققىدە كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا تۇنجى قېتىم «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئاپتورى، تىلشۇناس، ئالىم مەھمۇد قەشقەرى، «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ ئاپتورى، مۇتەپەككۇر ئەدىب، تالانتلىق شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپلار بىرمۇنچە بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى ئوبرازلىق شېئىرىي تىل بىلەن ئەتراپلىق، مۇكەممەل يورۇتۇپ بەرگەن. مەسىلەن:

155 «ئەقىللىق ئۇقار ئول، بىلىملىك بىلۇر،
بىلىملىك، ئەقىللىق تىلەككە يېتۇر.

156 بىلىم مەنىسىن بىل، بىلىم نېمە دەر،
بىلىم ئۇ ساقايتۇر كېسەل بولسا ئەر.

160 كىشىگە ئىرۇر كۆپ ئەقىل پايدىسى،
بىلىم بىلسە ئىنسان ئەزىز بولغۇسى».

(«قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 - يىل نەشرى)

ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ تېمىدا كلاسسىكلىرىمىزدىن ئەدىب ئەھمەد مەھمۇد يۈكنەكى «ئەتەبەتۇلھەقايىق»تا، يۈسۈپ سەككاكى «مىفتاھۇل ئۇلۇم» (ئىلىملار ئاچقۇچى) دا، ناۋائىي «چاھار دىۋان» ۋە «خەمسە ناۋائىي»دا، قىسسۇرى (ئەھمەدخوجام نىياز ئوغلى) «رەۋزەتىل زوھرا» (كۆكلەم باغ) دا، موللا بىلال ئىبنى يۈسۈپ خوتەنى «دىۋان بىلال»دا، مۇھەممەت

سىدىق بەرشىدى « سىدىقنامە »دا ، مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خاراباتى « كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى »دا ، ئىمرى «دىۋان ئىمرى »دا ، نورۇز ئاخۇن (زىيائىي) «مەھزۇن ئەلۋاھىزىن » (مۇگلۇق ۋەزلەر) دە ، ئىسمايىلبەگ (بىنشان ) «پەندىنامە »دە ، ئىمىرھۇسەيىن سەبۇرى « ماقالات »تا ، موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ ئوغلى « غەزەلىيات »تا ، تەجەللى «بەرق تەجەللى سەبەق مۇجەللى »دە ، ناقىس «دىۋان ناقىس »تا ناھايىتى ياخشى تەرىپلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇ تېمىنى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا يەنە ئابدۇقادىر داموللام ، قۇتلۇق شەۋقى ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى ، مەمتىلى ئەپەندى ، لۇتپۇللا مۇتەللىپ ، نىمشېھىت ئارمىيە داموللام ، ئەھمەد زىيائىي ، مۇھەممەت فەيزى ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ، تېيىپجان ئېلىيوپ ، رەھمىتۇللا جارى قاتارلىقلار داۋاملاشتۇرۇپ بېيىتتى. نىمشېھىت ئارمىيە داموللام « بىلىم ئىشقىدا » دېگەن شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

« جاھان رەنالىرى ئىچرە بىلىمدەك بىر گۈزەل يار يوق ،
بىلىمدىن ئۆزگە تۇتقان يار ، بولۇر ئۇ گاھىدا بار ـ يوق .
...
ھاياتلىقتا بىلىم قانداق كىشىنىڭ يولدىشى بولسا ،
قەيەرگە بارسا باش قاتماس بىلىمدەك ئاڭا غەمخار يوق .
...
بىلىمسىز ساق بۇ تېنىڭ مەجرۇھلاردەك نالە ـ پەرياددا ،
جاھان ئىچرە بىلىمسىزنىڭ دىلىدەك ئەسكى بىمار يوق .
...
بىلىم روھىي ئوزۇق ئىنسان ھاياتىغا ئەگەر بىلسەڭ ،
بىلىمنىڭ قەدرىنى بىلگۈچى ئۆلمەس ، بۇڭا ئىنكار يوق .
(« يۈرەك سۆزى » شېئىرلار توپلىمىدىن )

ئەدەپ ـ ئەخلاق تېمىسى مەرىپەت تېمىسىغا ئوخشاشلا كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەنئەنىۋى تېمىلارنىڭ يەنە بىرى بولۇپ، ئۇنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد مەھمۇد يۈكنەكى، يەقىنى، ئاتايى، ناۋائىي، موللا بىلال ئىبنى يۈسۈپ خوتەنى، ئابدۇللا خاراباتى، مۇھەممەت سىدىق بەرشىدى، ئەخمەتشاھ قاراقاشى، مەھزۇن خوتەنى، موللا باقى، ئابدۇللا شېرىپ ئوغلى (خەستە)، موللا مۇھەممەت نىيازى، سەبۇرى، موللا بىلال، تەجەللى، ناقىس قاتارلىق كلاسسىكلارغىچە داۋاملاشتۇرۇپ بېيىتقان. ئىنسانىي خىسلەتنىڭ ئىجابىي تەرىپى بولغان ۋاپا، ساداقەت، قانائەت، ياخشىلىق، كەمتەرلىك، ھالاللىق، راستچىللىق، باتۇرلۇق، سېخىيلىق، مەردلىك، سەمىمىيلىك، مېھنەت سۆيەرلىك ... تىن باشقا، ئۇنىڭ ئەكسى بولغان ۋاپاسىزلىق، ئالدامچىلىق، ھىيلىگەرلىك، يالغانچىلىق، كاززاپلىق، نامەردلىك، ئاچ كۆزلۈك، بېخىللىق، تەييارتاپلىق، ھۇرۇنلۇق، قورقۇنچاقلىق، تەكەببۇرلۇق، خۇشامەتچىلىك، تەخسكەشلىك، پىتنىخورلۇق، ھەسەتخورلۇق، ماختانچاقلىق، شۆھرەتۋازلىق، ئالدىراقسانلىق ... قا ئوخشاش سەلبىي تەرەپلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ دائىرىلىك، مول مەزمۇنلۇق بۇ تېمىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە يەنە ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى خېلى كۆپلىگەن ئەدىبلەر تەرىپىدىن كلاسسىك ئەدەبىياتتىكىگە ئوخشاش ئىككى قارىمۇقارشى تەرەپنى ئۆزئارا سېلىشتۇرما قىلغان ھالدا ئىجابىي تەرەپنى گەۋدىلەندۈرۈش ئاساسىدا داۋاملاشتۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، تىل قائىدىسى توغرىسىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ:

274 « ئەقىل كۆركى تىلدۇر، بۇ تىل كۆركى سۆز،
كىشى كۆركى يۈزدۇر، بۇ يۈز كۆركى كۆز.

163 قەدىرلىك قىلار تىل ، تاپار بەخت كىشى ،
قىلار ئەرنى تىل خار ، كېتەر ھەم بېشى .

173 كىشى بولغۇسى شاھ ئۈسۈپ سۆز بىلەن ،
تولا سۆز بېشىڭنى قىلار يەر تۆۋەن .

167 سۆزۈڭنى كۆزەتكىن ، بېشىڭ كەتمىسۇن ،
تىلىڭنى كۆزەتكىن ، چىشىڭ سۇنمىسۇن .

172 تولا سۆزلىمە سۆز ، بىرەر سۆزلە ئاز ،
تۇمەن سۆز تۇگۇنىن بۇ بىر سۆزدە ياز » .

دەپ يازسا ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شائىرى ئەھمەد زىيائىي «نەي ساداسى» ناملىق شېئىرىدا بۇ توغرۇلۇق مۇنداق يازىدۇ :

« كىشىنىڭ ئېتىبارى ، ئىپتىخارى ، قۇدرىتى سۆزدۇر ،
بىلۇرسەن پەرق ئېتەر ئىنسان مۇشۇ سۆز بىلە ھايۋاندىن .
تەپەككۇر ئەيلە ياز ، يازغان سۆزۈڭ كۆپ مەنىدار بولسۇن ،
نە ھاسىل پايدىسىز سۆزدىن قۇرۇق قۇرلارنى تىزغاندىن » .
(«تارىم» ژۇرنىلى 1982 ـ يىل 5 ـ سان ، 17 ـ بەت )

كەمتەرلىك ۋە تەكەببۇرلۇق ھەققىدە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ياشىغان ئەھمەد مەھمۇد يۈكنەكى «ئەتەبەتۇلھەقايىق »تا :

88 « تەكەببۇرلۇق ـــ بارچە تىلدا ئەيىب قىلىق ،
قىلىقلارنىڭ ئەۋزىلىدۇر كىچىك پېئىللىق .
ساناپ كىم ئۆزىنى « ئۇلۇغ مەن » دېسە ،

دېمەس ياخشى خالىق، خالايىق، خەلق.

تەكەببۇر تونىنى كىيگەن بولساڭ سال،
غادايغان بولساڭ گەر تىلىڭ يىغ دەرھال.
مۆمىنلىك نىشانى — كەمتەرلىك ئىرۇر،
گەر مۆمىن بولساڭ، تاپ كەمتەرىنلىك ھال».
(«قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1981 - يىل 2 - سان، 13 - بەت)

دەپ يازسا، شائىر مۇھەممەت ئىمىن «ئۈمىد يۇلتۇزلىرى» ناملىق شېئىرىدا تەكەببۇرلۇقنى تەنقىد قىلىپ، كەمتەرلىكنى تەشەببۇس قىلىپ، مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«تەكەببۇر بولمىغىن ئەسلا شەھەر - قەلئەنى ئالساڭمۇ،
سېلىپ لەرزىگە دۇنيانى زەپەر سازىنى چالساڭمۇ.
ھامان ئاسمانغىلا باقساڭ، غادايغانچە قەدەم تاشلاپ،
ئاتارسەن بىر كۈنى موللاق، زېرەك پالۋان سانالساڭمۇ».
(«تارىم» ژۇرنىلى 1982 - يىل 3 - سان، 17 - بەت)

ۋاپا ھەم ساداقەت ھەققىدە XVIII ئەسىردە ياشىغان موللا ئەلەم شەھيارى «گۈل ۋە بۇلبۇل» ناملىق داستانىدا:

«كىشى يارى ئۈچۈن كۆرسە جاپانى،
ئانىڭ ئورنىغا يار ئەتكەي ۋاپانى.
جاپاسىدىن قاچىپ ئاشىق بولۇرمۇ؟
مۇھەببەت يولىدا سادىق بولۇرمۇ؟
قاچان ئاشىق جاپادىن قاچقۇسىدۇر،
جاپا قۇپلى ① ۋاپانىڭ ئاچقۇچىدۇر».

① قۇپلى - قۇلۇپ.

(قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى 1983 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان « ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى » ئىككىنچى كىتاب 1 ـ قىسىم ، 445 ـ بەت ) .

دەپ يازسا ، شائىر ھاجى ئەخمەت كۆلتېگىن « ئەيلىسە » رادىپلىق غەزىلىدە ۋاپا ۋە ساداقەتنىڭ ئەۋزەللىكىنى شەرھلەپ مۇنداق دەپ يازىدۇ :

« ھەر كىشى ئۆمرىدە جەزمەن تاپقۇسى يار ۋەسلىنى ،
چىن ساداقەت ھەم ۋاپانى جىسمىغا جان ئەيلىسە .
ئاقىسمۇ ھىجران سېلىدە چەكمىگەي ئاشىق پىغان ،
قان يۇتۇپ تاھىر كەبى زۆھرەنى ئارمان ئەيلىسە » .
(« ۋىسال ئارزۇسى » شېئىرلار توپلىمى ، مىللەتلەر نەشرىياتى 1982 ـ يىل نەشرى )

ياخشىلىق ۋە يامانلىق توغرىسىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك »تە :

238 « كىشىدە ئىككى ئات ، بۇ تىلدە يۈرۈر ،
بىرى ياخشى ، بىرى ئەسكى جاھاندا قالۇر .

249 يامانلىق ئىرۇر ئوت ، بۇ ئوت كۆيدۇرۇر ،
ئۆتتۇشكە يولىدا كېچىك يوق ئىرۇر .

347 قېرىماس ياخشىلار يىل ئۆتكەن بىلەن ،
تۇزەلمەس يامان ، مىڭ تۈزەتكەن بىلەن .

348 يامان ــــ ئۆمرى قىسقا ، ئۆكۈنچتە قېرۇر ،
ئۇزۇن ياشلىق ، ياخشى ئۆكۈنچسىز يۈرۈر .

349 تىلەككە يېتەر ياخشى كۆندە يېڭى،
كۆنىگە مىڭ ئارتار يامانىنىڭ مۈگى.

243 يامانلىق كېرەكمۇ، ياخشىلىق ساڭا؟
قاغىشلىق كېرەكمۇ، ماختاشلىق ساڭا؟»

دەپ يازسا، شائىر ئابدۇللا ساۋۇت «بولماس» رادىپلىق غەزىلىدە ياخشى ـ يامانىنى سېلىشتۇرۇپ مۇنداق يازىدۇ:

«ياماندىن داد قالۇر، ھەرگىز ياماندا ياخشى نام بولماس،
يامانغا قىلچىمۇ ئەلدىن تەشەككۇر، ئېھتىرام بولماس.
يامانىنىڭ قارىسى يۇققاي، يېقىنلاشساڭ بىلىپ ـ بىلمەي،
ئۇنىڭ ھەسرەت دېغى مەڭگۈ دىلىڭدىن ھېچ تامام بولماس.
ئەل ياخشى پەزىلەتلىك كىشىدىن ھەرقاچان رازى،
ئۇنىڭدا پاك يۈرەك، ۋىجدان، نومۇس زەررىچە كام بولماس.
جاھاندا ياخشىلىق ئۆچمەي ھاياتقا دەرس ـ ساۋاق بەرگەي،
يامان ـ ياخشىنى بىلمەستىن يېگەن ـ ئىچكەن تائام بولماس».
(«قەشقەر ئەدەبىياتى» 1980 ـ يىل 3 ـ سان، 4 ـ بەت)

شەرم ـ ھايا ھەققىدە XVIII ئەسىردە ياشىغان ئاقسۇلۇق شائىر مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خاراباتى «كۇللىيات مەسنىۋى خاراباتى»دا:

«بولمىسا كىمدە ھايا بىشەم دۇرۇر،
يۈزى ئۇنىڭ گويا كى مەھرەم دۇرۇر.
بى ھايالاردىن ۋاپا كۆز تۇتقانىڭ،
گويا ئاغزىڭدا ئوتنى يۇتقانىڭ.
گەر كىشىدە ھايا يوق، شەرم يوق،
ئول كىشىنىڭ بىگۇمان ئىمانى يوق».
(«بۇلاق مەجمۇئەسى» 1982 ـ يىل 1 ـ سان، 267 ـ بەت)

دەپ يازسا، شائىر مۇھەممەتئىبلى زۇنۇن «بولمىسا» رادىپلىق غەزىلىدە ھاياسىزلىقنى مۇنداق ئوبرازلىق تۇستە سۆكىدۇ:

« نە ئىرۇر قىز زىنىنتى؟ قىز زىنىنتى شەرمى ھايا،
قىز ئەمەس ئالۋاستىدۇر شەرمى ھاياسى بولمىسا ».

نەپسانىيەتچىلىك، ئاچ كۆزلۈك، بېخىللىق ھەققىدە ئەھمەد مەھمۇد يۈكنەكى «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىدا:

96 « ئاچ كۆزلۈكمۇ ئەرنىڭ ياۋۇز خىسلىتى،
ئۇنىڭ كەينىدە غەم ـ پۇشمان ھەسرىتى.
بىل: بايلىق، گادايلىق خۇدا قىسمىتى،
ئاچ كۆزلۈكنىڭ ئەلگە يېتەر زەخمىتى.

98 كۆزى ئاچ يىغار، ھارمىغاي، زېرىكمىگەي،
بۇ (ئاچ كۆز) كېسەلنى كىملەر ئەملىگەي.
شۇ گەپ بار: بىراۋ تاپسا ئىككى ـ ئۈچ دىنار،
ئۇ (ئاچ كۆز) شۇئانلا ئۈچ ئۇرچ تەگلىگەي ».

(«قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1981 ـ يىل 2 ـ سان، 14 ـ بەت)

دەپ يازسا، پىشقەدەم شائىر ئەھمەد زىيائىي كىشىلەرنى ئاچ كۆز بولماسلىققا ئۈندەپ، «نەي ساداسى»دا مۇنداق يازىدۇ:

« كۆزى ئاچ تويمىغۇرلۇقتىن ئۆزۈگنى ساقلىغىن زىنھار،
بولۇپ قالما چۈمۈلىدەك كى چىشلەپ ئۈچرىغان داندىن.
قانائەت تاغىغا قون، بول ھومادەك ئەيىبتىن خالىي،
كېتەر قەددىڭ چىۋىندەك شىرنىلىك ھەرجايغا قونغاندىن ».

دوستلۇق ھەققىدە XVII ئەسىردە ياشىغان موللا بىلال ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى «دىۋان بىلال»دا:

«ھەر كىشى بىرلە مۇساھىپ بولماغىل،
دوستلۇق قىلماقغە راغىپ بولماغىل.
دانىش ئەھلى بىرلە بولغىل ئاشنا،
ئەبلەھۇنادىن ئايرىل، بول پانا.
دوستلارنى قىل ھەمىشە ئىھتىرام،
ھەم يىگىتلىكنى غەنىيمەت بىل مادام».

(«تارىم» ژۇرنىلى 1981 - يىل 5 - سان، 115 - بەت)

دەپ يازسا، شائىر سادىر سادىرى «دوستۇمغا» ناملىق شېئىرىدا دوستلۇقنى قەدىرلەش ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ:

«چىن دوستلۇقنى ئىزھار قىلىپ بولمايدۇ تىلدا،
ياشايدۇ ئۇ يالقۇنلىنىپ يۈرەكتە، دىلدا.
قەدىرلىكتۇر دوست قەدرىگە يەتكەن كىشىلەر،
چىن دوستلۇقنى سەندەك ئىززەت ئەتكەن كىشىلەر».

(«قەلب كۈيلىرى» شېئىرلار توپلىمىدىن)

ئاتا - ئانىنىڭ ھەققى ۋە ئاتا - ئانىنى ھۆرمەتلەش ھەققىدە بۈيۈك گۇمانىست شائىر ئەلىشىر ناۋائىي «ھەيرەتۇل ئەبرار»دا:

«باشنى پىدا ئەيلە ئاتا قاشىغا،
جىسمنى قىل سەدقە ئانا باشىغا.
تۈن - كۈنۈڭگە ئەيلەگىل نۇرپۇش ①،

---

① نۇرپۇش — نۇر چاچقۇچى.

بىر سىنى ئاي ، ئاڭلا بىر سىنى قۇياش .
سۆزلىرىدىن چىقما قەلەم تاشقىرى ،
ھەرلىرىدىن قويما قەدەم تاشقىرى » .
(« ئەدەبىيات خرۇستوماتسىيىسى » 1958 ـ يىل ، تاشكەنت )

دەپ يازسا ، پېشقەدەم ئەدىب رەھمىتۇللا جارى « دىققەت قىلىڭ » ناملىق غەزىلىدە ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۆز پەرزەنتىنى تەربىيىلەپ چوڭ قىلىش ئۈچۈن چېكىدىغان جاپاسىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى ، شۇڭا پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەت قىلىشىنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى سەممىيلىك بىلەن مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ :

« سىز ئۈچۈن چەككەن جاپا ئاتا ـ ئانا ،
كۆڭلىنى خۇشنۇد قىلىپ ، ھۆرمەت قىلىڭ » .

مېھنەت سۆيۈش توغرىسىدا ئەلىشىر ناۋائىي « چاھار دىۋان »دا :

« ئۆمۈرنى زايە ئەتمە ، مېھنەت قىل ،
مېھنەتنى سائادەتنىڭ كەلدى بىل .

دەپ يازسا ، شائىر ھاجى ئەخمەت كۆلتېگىن مېھنەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى مۇنداق تەرىپلەيدۇ :

« ئىنسانلار ئۆمرىنىڭ قىممىتى مېھنەت ،
تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنى ، زىننىتى مېھنەت .
ماقال بار : ‹ مېھنەتنىڭ تېگى ھالاۋەت › ،
مېھنەتتىن ئارزۇلار تاپار كامالەت » .
(« ۋىسال ئارزۇسى » شېئىرلار توپلىمىدىن )

ھورۇنلۇقنىڭ يامان ئىللەت ئىكەنلىكى ھەققىدە XIX ئەسىردە يېڭىساردا ئۆتكەن شائىر موللا سەئدۇللا « دىۋان سەئدۇللا»دا :

« ئۆزۈڭنى ئالدىماي ئىشىڭنى ساق قىل ،
يالقاۋلىقنى ھەم ئۆزۈڭدىن يات قىل .
ۋاقىت غەنىيمەت ، ئالتۇندىن قىممەت ،
ھالال ئەجرىڭدىن كۆڭۈلنى شاد قىل .
شىجائەتنى ھەردەم ئۆزۈڭگە يار قىل ،
ئۆزۈڭنى خار قىلماي كۆچۈڭنى خار قىل .
قولدەك ئىشلەپ بەگدەك يېتىپ يە ،
جاپا چەكسەڭمۇ يوقۇڭنى بار قىل » .

دەپ يازسا ، پېشقەدەم شائىر ئەھمەد زىيائىي « نەي ساداسى »دا ھورۇنلۇقنى ئەيىبلەپ مۇنداق يازىدۇ :

« ھورۇنلۇق ھەمدە تەييارتاپ بولۇش بەكمۇ يامان ئادەت ،
ئىبارەتتۇر بۇ ئىككىسى يىگىتلىكنى يوقاتقاندىن .
ئۇيۇقتا ھال شەپەقتىن ھەر سەھەر شۇ خەت يېزىلغايكىم ،
ئەمەس ھېچ نەرسە تاتلىقراق ئۆزى ئىشلەپ يېگەن ناندىن» .

ھەسەت ۋە پىتنىنىڭ يامانلىقى ھەققىدە مۇھەممەت ئابدۇللا خاراباتى « كۇللىيات مەسنىۋى خاراباتى »دا :

« پىتنە قىلماق خۇنى ناھەقتىن يامان ،
پىتنىچى بولماس جەھەننەمدىن ئامان .
خۇنى ناھەق پىتنىدىن پەيدا بولۇر ،
پىتنىدىن ئالەمدە كۆپ غوۋغا بولۇر .
ئۇشبۇ ئالەم پىتنىدىن بولغاي خاراب ،

پىتنىدىن كۆپرەك كىشى كۆرگەي ئازاب.
پىتنىدىن بولىنىل يىراق ئەي خاس ئام،
پىتنىچىغە قىلدى جەننەتنى هارام.
پىتنىچى ئىككى جاھان خاۋارىدۇر،
پىتنىچىلەردىن خۇدا بىزارىدۇر ».

دەپ يازسا، شائىر غەنىزات غەيىۇرانى پىتنە ۋە ھەسەتنىڭ يامان-لىقىنى « ھەسەتخور » شېئىرىدا مۇنداق سۆكىدۇ:

« ھەسەتخورلۇق ھايات بىغىغا،
چۈشكەن مۆلدۈر، ئۆنگەن شۇمبۇيا.
ھەسەتخورنىڭ ئايىغى تەگكەن،
باغ - ئېتىزدا قۇرۇيدۇ گىيا ».

خۇشامەتچىنى ئەيىبلەپ ناۋائىي « چاھار دىۋان »دا:

« چۇ خۇشامەت دىمەكنى باشلاسا قاش،
كىم تۇتۇلسا دەمى، كىسىلسە تىلى ».

دەپ يازسا، شائىر ئابدۇرېھىم توختى خۇشامەتنىڭ يامان ئىللەت ئىكەنلىكىنى بىر پارچە رۇبائىيسىدا مۇنداق كۆرسىتىدۇ:

« ئىززەت - نەپسىڭنى ئۇرىدۇ يەرگە خۇشامەت،
نومۇستۇر، خارلىقتۇر چىن ئەرگە خۇشامەت.
گەر بىر شەخسكە خۇشامەتتىن گۈل كۆرۈنسەڭ،
سەت كۆرۈنەر نىجاسەتتىن ئەلگە خۇشامەت ».

تەمەخورلۇقنى تەرك ئېتىش ھەققىدە XVIII ئەسىردە يا-شىغان شائىر مەھزۇن خوتەنى « دىۋان مەھزۇن »دا

كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ :

« قانائەت پىشە ① قىل گەر ئىستىسەڭ كەۋنەين ② ئارا ئىززەت ،
تەمەيلەپ ③ زامانە بايلىرىدىن ، ئۆزۈڭنى خار ئەتمە ،
قىلىپ كۆڭلۈڭنى خالىي بارچىدىن سالىھ ئەمەل④ ئەيلە .
پاسادۇپىسىق⑤ بىرلە تاڭلا⑥ ئۆزۈڭنى شەرمىسار⑦ ئەتمە » .

دەپ يازسا ، شائىر ۋاھىتجان غوپۇر « ئۈچ غەزەل »دە تەمەنىڭ يامانلىقىنى كۆرسىتىپ مۇنداق يازىدۇ :

« بېجىرىم تەنگە گويا چۈشكەن جاراھەتتۇر تەمە ،
ھوش ـ ئەقلىنى كەسكۈچى ياۋۇز قاباھەتتۇر تەمە » .
چىقىرار ئادەمنى كاردىن يارىماس ئەخلەت قىلىپ ،
قەلبى ساپ ئىنسان ئۈچۈن قاتتىق ئاھانەتتۇر تەمە » .

مانا بۇلار كلاسسىك ئەدەبىياتتىكى ئەدەپ ـ ئەخلاق كاتېگورىيىسىگە دائىر بارلىق مەزمۇنلارنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يەنە ئاساسلىق تېمىلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ، تېخىمۇ يارقىن ئاساستا تولۇق يورۇتۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى .

ئەدەپ ـ ئەخلاق تېمىسىدىن قالسا ، كلاسسىك ئەدەبىيا-

① پىشە — ئادەت .
② كەۋنەين — ئىككى ئالەم .
③ تەمەيلەپ — تەمە قىلىپ .
④ سالىھ ئەمەل — ياخشى ئىشلار .
⑤ پاسادۇپىسىق — پىتنە ـ پاسات ، يامان ئىشلار .
⑥ تاڭلا — قىيامەت كۈنى .
⑦ شەرمىسار — قارا يۈز ، شەرمەندە .

تىمىزدا سالماق ئورۇننى ئىگىلەپ كېلىۋاتقان تېمىلارنىڭ بىرى ــ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ تېما ئەڭ ئاۋۋال كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا خەلق ئاممىسىنىڭ چەت ئەل باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان قەھرىمانلىق كۆرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئېھتىياجى تۇپەيلىدىن تۇغۇلغان. خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن يارىتىلغان، خەلقىمىزنىڭ كەيخىسراۋ باشچىلىقىدىكى ئىران تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان قەھرىمانلىق كۆرىشىنى ۋە ئۆز زېمىنىنى باسقۇنچىلاردىن مۇداپىئە قىلىشتا كۆرسەتكەن يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى نامايان قىلىشنى مەزمۇن قىلغان «تۇمارىس رىۋايىتى» بىلەن «شىراق ئەپسانىسى» بۇنىڭ جانلىق مىسالىدۇر.

ئۇيغۇر جەمئىيىتى فېئوداللىزم باسقۇچىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر ئۆتكۈرلىشىپ، قارىمۇقارشىلىقلار كەسكىنلەشتى. رېئال ھاياتتا يۈز بېرىۋاتقان ئادالەتسىزلىك، تەڭسىزلىك، چېكىدىن ئاشقان سىنىپىي زۇلۇم بىر قىسىم شائىرلارنى كەڭ دېھقانلار ئاممىسىغا ئوخشاش يورۇق-لۇق، نىجاتلىق ئىزدەپ ئۆز يۇرتىدىن ياقا يۇرتلاردىكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ قېشىغا، ياكى باشقا يۇرتلارغا سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇلار سەرگەردانلىق تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرۈش جەريانىدا، تۇغۇلغان يۇرتىنى چوڭقۇر سېغىندى، ئۆزى ياشاۋاتقان زېمىنىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن چەكسىز سۆيۈندى. بۇ زېمىنىنىڭ فېئودال ئەكسىيەتچىلەر ئايىغى ئاستىدا دەپسەندە بولۇۋاتقانلىقىغا قاتتىق ئېچىندى. نەتىجىدە ئۇلار ئۆز سېغىنىشىنى ياكى ئېچىنىشىنى ئەدەبىي شەكىل ئارقىلىق ھېسسىياتلىق، ئوبرازلىق ئىپادىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسى دائىرە جەھەتتىن كېڭىيىپ، مەزمۇن جەھەتتىن بېيىدى. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا بۇ تېما

يەنە كلاسسىك ئەدەبىياتتىكىگە ئوخشاش ۋەتەننى چەت ئەل باسقۇنچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇداپىئە قىلىش ، ئۆز يۇرتىنىڭ گۈزەللىكىنى تەسۋىرلەش ياكى ئومۇملاشقان ۋەتەن مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىش ، ۋەتەنىنىڭ گۈزەل تاغ - دەريالىرىنى ، خەلقىمىزنىڭ پەخرى ، غۇرۇرى بولغان قەھرىمان تارىخىي شەھەرلەرنى مەدھىيىلەش ، خەلقىمىز ياراتقان بۈيۈك شانلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىدىن ئىپتىخارلىنىش ، مىللىي قەھرىمانلىرىمىزنىڭ جاسارىتىدىن سۆيۈنۈشتەك كۆپ تەرەپلىملىك مەزمۇنلار بىلەن ئىپادىلەنمەكتە . مەسىلەن ، XVIII ئەسىردە ياشىغان قەشقەرلىق شائىر گۇمنام تۇغۇلغان يۇرتى قەشقەرگە بولغان مۇھەببىتىنى « كاشغەر » رادىپلىق غەزىلىدە :

« مەزرەئى ① لۇتفى ئىلاھىدۇر دىيارى كاشغەر ،
ئىشق ئىلىنىڭ قىبلىگاھىدۇر مەزارى كاشغەر .
ئىشقۇئۇلفەت چەشمەسىدىن دەردۇمىھنەت جۇش ئېتەر ،
تۇپرىغى ھەسرەت بىلەن پۈتكەن ھىسارى كاشغەر .
...
ئەيش ئېلىگە خارىدىن كەلگەي گۈلى ئىشرەت ئىسى ،
چۈن سۇلايمان دەۋلەتىدۇر خارۇزارى كاشغەر .
ئودۇ ② ئەنبەر تۇپراغىدۇر ، ئابى كەۋسەردۇر سۈيى ،
دۇررۇمەرجان تاشلارىدۇر كوھسارى كاشغەر .
يا پەرى ، يا ھۆرى ، يا باغى ئىرەم ③ ياد ئەيلىمەس ،
شەھرىنى ئۇنتار بولۇر ھەركىم دۇچارى كاشغەر .

① مەزرەئى — تېرىلغان ، تېرىلغۇ قىلىنغان .
② ئود — خۇش پۇراقلىق بىر خىل دەرەخ .
③ باغى ئىرەم — گۈزەل باغنىڭ نامى .

هۇشمەندۇ، دەردمەندۇ، مەردۇزمەندۇرلەب چۇقەند،
نارى خەندان ①، سىبى رەئنا ②، ھەرنە بارى كاشغەر.
كاشغەر شەھرىن بىلىڭ گۇمنامىنىڭ يايلاغىدۇر،
دىلكۇشا، ئىشرەت فەزا ③، ھەر سەبزەۋارى كاشغەر».

دەپ ئىپادىلىسە، شائىر رەھمىتۇللا جارى «كاشغەر» ناملىق شېئىرىدا ئانا يۇرتى قەشقەرگە بولغان مۇھەببىتىنى مۇنداق ئىزھار قىلىدۇ:

«كاشغەر دەپ نامى چىقسا بىلمەيىن قالماس كىشى،
ئەڭ ئەزىز، مەشھۇر شەھەر دەپ نامداردۇر كاشغەر.
تۇپرىقى زەر، تېشى گۆھەر، خۇددى ياقۇت تاغلىرى،
باغلىرى جەننەتكە ئوخشاش مېۋىزاردۇر كاشغەر.
تىل يارار ئەنجۇر، ئانارى، ئۈزۈمىدۇر پۇرباھا،
قوغۇنى دەردكە شىپا، تەنگە مادداردۇر كاشغەر.
تۆت تەرەپ گۈلزار چىمەنلىك رەڭمۇرەڭدۇر گۈللىرى،
ياپيېشىل قوينى ئۈنىڭ دائىم باھاردۇر كاشغەر».
(«قەلب كۈيلىرى» شېئىرلار توپلىمىدىن)

ئەمدى ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىنىڭ كەڭ دائىرىلىك ئومۇملاشقان شەكلىدە ئىپادىلىنىشىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى: موللا سەئىدۇللا «دىۋان سەئىدۇللا» دا ۋەتەننىڭ قەدىر - قىممىتىنى تەرىپلەپ:

«بىپايان پاكىيان يۇرتۇم - دىيارىم،
ھەر ياپراق، گىياھى مەھبۇب - يارىم.

① نارى خەندان — كۈلۈپ تۇرغان ئانار.
② سىبى رەئنا — قىزىل ئالما.
③ ئىشرەت فەزا — ئىشرەت يۈكسەلگەن، ئىشرەت ئەۋج ئالغان.

دەقىقە ئايرىلىپ قالسام ئۇنىڭدىن،
سامانىدەك سارغىيىپ قالغاي دىدارىم».

ياكى

«بىلىگلار خالايىقلار بۇ يۇرت قەدرىنى بىلمەكلىك،
ھەر پايراق، گىياھىنى گۆھەرگە ئوخشە كۆرمەكلىك.
ئۆزگىچە خىيال قىلسا ئەقلىدىن ئېزىپ بەندە،
بولۇپ شەرمەندە روي سىيا ئىنتقا ئوخشە ئۆلمەگلىك»

دەپ يازسا، پېشقەدەم شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى مۇنداق ئىزھار قىلىدۇ:

«ئانا تۇپراق توپىسى گويا كۆزۈمگە تۇتىيا،
چۆلىدە يۇرسەم ئۆزۈمنى سېزىمەن گۈلشەندىمەن.
سۇلىرى ئابىھاھات، كەۋسەر ئاڭا تۇرسا خۇمار،
نە ئۈچۈن موھتاج بولۇپ خۇشتار بولاي زەمزەمگىمەن.
...
ئۆزگە يۇرتتا شاھى تون ئىچرە قۇرۇنغان تەنلىرىم،
ئۆز ئېلىمدە يايرىغاي كىيسەم كۇلاھۇجەندىمەن.
راھىتى تۇرماق مۇشەققەت پەيتىمۇ راھەت ماڭا،
دادلىسام راھەت ئارا تۇزكور بولۇپ ئۆلمەمدىمەن؟
بىر ئۆمۈر قويىندا تەر تۆكسەم ئۇنى قىلسام رىزا،
نە ئىمىشتۇر بىر ئۆمۈر، مىليون ئۆمۈر خۇرسەندىمەن.
ئۆلمىدى دەڭلا مېنى، ئۆلسەممۇ ياتسام كۆز يۇمۇپ،
شۇ ئانا تۇپراقتا قېزىلغان ئېزىز قەبرەمدىمەن.
(«ۋەتىنىمنى كۈيلەيمەن» شېئىرلار توپلىمىدىن)

كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ۋەتەنپەرۋەرلىككە يانداشقان هالدا قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئاساسلىق تېمىلارنىڭ يەنە بىرى ئىنسانپەرۋەرلىك بولۇپ، بۇ تېما هازىرقى بار مەنبەلەردىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇددا دىنى تارقالغاندىن باشلاپ شەكىللىنىشكە باشلىغان. چۈنكى، بۇددا دىنىنىڭ ئەقىدىسى بويىچە كىشىلەرنى ئازاب ـ ئوقۇبەت، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قۇتۇلدۇرۇش، گۇناهتىن خالىي قىلىش، باشقىلارنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن كۆرەش قىلىش ئىنتايىن ساۋابلىق ئىش هېسابلانغاچقا، خەلق ئارىسىدا مانا مۇشۇ ئەقىدىنى مەزمۇن قىلغان نۇرغۇن رىۋايەت، ئەپسانە، داستان، هېكايىلار بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ئىنسانپەرۋەرلىك تېمىسى بارلىققا كەلگەن.

«ناخشا پىرى پىرچەڭگى» دېگەن ئەپسانىدىكى پىرچەڭگىنىڭ گۆردىكى ئۆلۈكلەرنى ئازاب پەرىشتىلىرىنىڭ سوئال ـ سوراق قىلىپ ئازابلىشىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر قەبرىستانلىقتا ناخشا ئېيتىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، ئاخىرىدا ئۆلارنى ئازابتىن خالىي قىلىپ، شاد ـ خۇراملىقتا ئېرىشتۈرگەنلىكى؛ «ئوغۇزنامە» داستانىدىكى ئوغۇز خاننىڭ ئۆز قەبىلىسىدىكى ئادەملەرنىڭ، چارۋا ماللارنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ، بالايىئاپەت كەلتۈرۈۋاتقان تاق مۈڭگۈزلۈك يىرتقۇچ هايۋان قىئات بىلەن كۆرەش قىلىپ، ئاخىرىدا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئەل ـ يۇرتنى خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرگەنلىكى؛ «چىستانى ئىلىگ بېك» داستانىدىكى ئىلىگ بېكنىڭ خەلق ئارىسىغا دەهشەتلىك ۋابا كېسىلىنى تارقىتىۋاتقان يەك (جىن) لار بىلەن ئۆزى يالغۇز كۆرەش قىلىپ، ئاخىرى ئۆلارنى يېڭىپ، خەلق ئامىسىنى ئاغرىق ـ سىلاق، ئۆلۈم ئاپىتىدىن قۇتۇلدۇرغانلىقى؛ «ئىككى تېگىن رىۋايىتى» دىكى كىچىك تېگىننىڭ خەلقنى گۇناهتىن

خالىنى قىلىش ئۈچۈن خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، چىنتەمەنى ئەگكۈشتەرنى ئېلىشقا ئەجدىھالار ماكانى كۇمۇشلۇك ئارالغا بارغانلىقى ۋە ئاخىرىدا ئىككى كۆزىدىن ئايرىلغانلىقى... مانا بۇلار كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسىدىن شەكىللەنگەن روھنىڭ يارقىن گەۋدىلىنىشى ھېسابلىنىدۇ.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتى فېئودالىزم باسقۇچىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ دائىرىسىمۇ كېڭەيدى، ئىپادىلىنىش شەكلىمۇ باشقىچە تۈس ئالدى. يۇقىرى تەبىقىدىن كېلىپ چىققان بىر قىسىم ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ياكى خەلق ئارىسىدىن كېلىپ چىققان بەزى ئەدىبلەر خەلق ئاممىسى بىلەن يېقىنلىشىش ۋەياكى ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئۆز بېشىدىن بىۋاستە كەچۈرۈش ئارقىلىق، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۈستىدىكى جاپا - مۇشەققەت، زۇلۇمنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا ئۆزى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي رېئاللىقتىن نارازى بولۇش، خەلق ئاممىسىنىڭ دەرد - ئەلىمگە ئىچ ئاغرىتىش، غەم - قايغۇسىغا ھېسداشلىق قىلىشتەك ئاڭ - تۇيغۇ شەكىللىنىپ، ئۆز ئەسەرلىرىدە جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى پاش قىلدى، خەلقنىڭ دەرد - قايغۇسىنى ئىنكاس قىلدى. ھۆكۈمرانلارنى ئەدلۇئادالەتكە، ئىنساپقا چاقىردى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا مەۋجۇت ئىجتىمائىي جەمئىيەت ئورنىغا غايىۋى دۆلەت، غايىۋى پادىشاھنى دەسسەتمەكچى بولۇشى، ئىجتىمائىي تۈزۈمنى، ئەخلاقنى ئىسلاھ قىلىپ، ئەدلۇئادالەت، ھەققانىيەتنى ئورناتماقچى بولۇشى؛ گۇمانىست شائىر ناۋائىينىڭ:

«قەسىركى، بەزم ئۇندا مۇھەييا① بولۇپ،
زىننىتى فىردەۋسى مۇئەللا② بولۇپ.

① مۇھەييا — تەييار، تەييارلىك.
② فىردەۋسى مۇئەللا — فىردەۋسدەك ئالىي جەننەت.

پەردىلىرى رىشتىسى ئەل جىنىدىن ،
لەلىيۇل شىنگەرفى① ئۇلۇس قىنىدىن .
شەمسى② ئەل مىلى بىلەن زەرىنگار③ ،
ئەل دۇرۇر لەلى④ بىللە گۆھەرىنگار .
غىشتىنى مەسچىت بۇزۇبان كەلتۇرۇپ ،
تىشىنى ئەل مەرقەدىدىن⑤ يەتكۈزۈپ .
...
زۇلمۇڭ ئىرۇر كۈندۈزى ، پىسقىڭ كىچە ،
زۇلۇم ئىلە پىسقىڭ نىچە بولغاي ، نىچە .
...
زۇلۇم ئۆزۈگە پىسقىدۇر ھەي ھوشيار ،
كەم قىل ئۇنى ، بولسا ساڭا ھوشيار » .

دەپ يېزىپ ، ئۆزى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىتتىكى قاراڭغۇ زۇلمەتنى پاش قىلىپ ، پادىشاھلارنى ئەدلۇئادالەتكە چاقىرىشى ؛ تارىخچى ۋە شائىر موللا مۇسا بىننى ئەيسا سايرامىنىڭ :

« بولمىغاچ زارۇتەزەررۇپ بىرلە يۇرت ئەھيانلىرى ،
زەخمىتى يەڭلىغ غەزەپنى نازىل ئەتتى ئول خەلاق .
قاتتىق ئولدى كەمبەغەل بىچارە غېرىبلار كۈنى ،
ئاچ - يالاڭلار ئاچقا ئۆلسە غەم يېمەسلەر توق قوساق » .
(« پاتقاقتىن شكايەت » شېئىرىدىن )

① لەلىيۇل شىنگەرفى ــ قىزىل رەڭلىك قىممەت باھالىق تاش .
② شەمسى ــ قۇياش شەكلىدە ياسالغان خىش .
③ زەرىنگار ــ ئالتۇن سىر ياكى ئالتۇن ھەل .
④ دۇرۇر لەلى ــ ياقۇت تاش .
⑤ مەرقەد ــ گۆر .

دەپ يېزىپ، سىنىپىي زۇلۇم تۇپەيلىدىن ئاچ ـ يالىڭاچ، خارۇزارلىقتا قالغان كەمبەغەل، بىچارىلەرگە ئىچ ئاغرىتىپ، قىزغىن ھېسداشلىق قىلىشى ـــ مانا بۇلار كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ئالغا سۈرۈلگەن ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ يارقىن گەۋدىلىنىشىدۇر.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا بۇ تېما كونكرېت مەزمۇن دائىرىسىدىن قارىغاندا، گەرچە كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ مەزمۇنىدىن بىرئاز پەرقلىنىدىغان كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئومۇمىي روھ جەھەتتىن ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى، مەنپەئىتى، ھۆر ـ پاراۋانلىقى ئۈچۈن بولغان كۈرەشنى ئاساسىي چاقىرىق قىلغان ھالدا، ئەلنىڭ خاتىرجەملىكى، گۈللەپ ياشنىشى ۋە ھۆر ـ سائادەتلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن ئايانماي تەر تۆكۈپ ئىشلەۋاتقان تىپىك قەھرىمانلار ئوبرازىنى يارىتىش ياكى ئۆزئارا دوستلۇقنى، ئۆزئارا ھەمكارلىقنى، خەلق ئۈچۈن ئىشلەشنى تەشەببۇس قىلىشتەك بىرقاتار مەزمۇنلار ئارقىلىق ئىپادىلەنمەكتە. مەسىلەن:

«يىراقتىن سۆزلە شائىر، نازاكەت بۇلبۇلىغا بوستان بول،
ھەتتا كەلگۈسى ئەۋلادلىرىڭ تىلىغىمۇ داستان بول.
ئالمان ـ تالمان ئىجاد بېغىدا مېۋە پىشمىسۇن،
ئەلگە غورا بەرمەيدىغان سادىق باغۋەن بول.
ئۆلۈم يوق ساڭا، شائىر زادى ئۆلمەيدۇ،
ئەلنىڭ بۈيۈك گەۋدىسىدىكى ساپ قىزىل قان بول.
چۆرگىلەي، ئۆرگىلەي، سادىغاڭ كېتەي ئەل بويىنىدىن،
ئەلنىڭ تۇيغۇسىغا ئانىدەك كۆيۈمچان بول».

(لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ: «شائىر ھەققىدە مۇۋەششەھ» شېئىرىدىن)

بۇ مىسرالاردا ئىپادىلەنگەن شائىرنىڭ ئۆزىنى خەلق ئاممىسى بىلەن بىر جان ـ بىر تەن دەپ قاراش، خەلقنىڭ قۇلىقى،

تىلى، ئاۋازى دەپ ھېسابلاش، ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنىڭ ئىنتا-
يىن يارقىن ئاساستا گەۋدىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا بىرقەدەر ئومۇملاشقان يەنە بىر تېما — مۇھەببەت تېمىسى بولۇپ، ئۇ دەسلەپ ئىنسانلاردا تەبىئىي ھالدا شەكىللىنىدىغان بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشتىن ھاسىل بولغان، چىن يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ تاشقان ۋاپادارلىق، ساداقەتلىك تۇيغۇ ئاساسىدىكى ھەقىقىي ئىشق - مۇھەببەتتىن تۇغۇلغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئارقىلىق بىزگە يېتىپ كەلگەن قەدىمكى قوشاقلار ئىچىدىكى مۇھەببەت قوشاقلىرىدىن بۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. مەسىلەن:

« مەستانە ئۇنىڭ كۆزى،
مېھماندۇر ئۇنىڭ يۈزى.
تولۇن ئايدەك يۈزى،
پارە قىلدى يۈرىكىمنى.

ئىشقىم مېنىڭ كۈچەيدى،
كېچە - كۈندۈز يىغلايمەن.
كۆردى كۆزۈم تۆرپەتىن①،
يۈرتى قېلىپ يىراقتا ».

مۇھەببەت تۇيغۇسى ئەسلىدە چىن ئىنسانىي ئىشق تۇيغۇسىنى تەسۋىرلەشتىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، بىراق كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە فېئودالىزمنىڭ قاتمۇقات زۇلمى ۋە مەنىۋى كىشەنلىرى، شۇنداقلا فېئودال ئەزگۈچىلەرنىڭ كەيپ - ساپا، ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇش مەنپەئەتلىرىنى قوغداش ئاساسىدا شەكىللەنگەن خىلمۇخىل فېئوداللىق قائىدە - تۈزۈملەر ئەم-

① تۆرپەتىن — ئايرىلىش.

گەكچى خەلقنى ئېغىر هالدا خارلاپ، دەپسەندە قىلىپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ كىشىلىك ئەركىنلىكىنى بوغۇپ، چىن ئىنسانىي تۇيغۇدىن تۇغۇلغان مۇھەببەت ئىستىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا يول قويمىدى. شۇنداق بولغاچقا، بۇ دەۋردىكى ئىجادىيەت خادىملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ ئۆلمەس تېما ئارقىلىق چىن ئىنسانىي مۇھەببەت ئىستىكىنى قوللاپ، ۋاپادارلىق، ساداقەت تۇيغۇلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەندىن تاشقىرى، خەلق ئاممىسىنىڭ فېئوداللىق تۈزۈم ۋە ئۇنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىغا قارشى تۇرۇش، ئەينى دەۋردىكى بوغۇلغان ئەركىنلىك ھەم دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى بۈيۈك غايىلىرىنى ئالغا سۈردى.

چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ سۆز سەنئىتى جەھەتتە بالاغەت ھەم كامالەتكە يەتكەن ئەڭ ماھىر، چېچەنلىرىدىن بولغان لۇتفى، سەككاكى، ئاتايى، ناۋائىي ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆتكەن مەشرەپ، زەلىلى، نۆبىتى، ئەرشى، گۇمنام، قەلەندەر، سەبۇرى، ئېمرى، زوھۇرى، موللا بىلال قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە ئالغا سۈرۈلگەن مۇھەببەت ئىستىكىنى ھاياتقا مەزمۇن بېغىشلىغۇچى ھەرقانداق ئالىي نەرسىدىن، ھەتتا سەككىز جەننەتنىڭ ئەڭ ئېسىلى، ئەلاسى بولغان فىردەۋسنىڭ راھىتىدىن ئارتۇق بىلىپ، ئۆز ئىستىكىگە يەتمەكنى قىزغىن ئارزۇ قىلىش، ياردىن يەتكەن جەبرۇجاپانى ئۆزى ئۈچۈن دۆلەت، بەخت - سائادەت ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا ۋاپادارلىق ۋە ساداقەتمەنلىك كۆرسىتىش، ھەتتا مۇھەببەت ئىستىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئەگەر كېرەك بولىدىكەن ئۆز ھاياتىدىن كېچىش، قۇربان قىلىش ... قا تەييار تۇرۇشتەك ئىدىيىۋى مەزمۇنلار، يا بولمىسا ناۋائىي، نىزارىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ۋاپادارلىق، ساداقەتلىكتە ۋايىغا يەتكەن ھەقىقىي ئاشىق - مە-

شۇقلار ـــ پەرھاد بىلەن شىرىن ، لەيلى بىلەن مەجنۇن ، ۋامۇق بىلەن ھوزرا ، مەھزۇن بىلەن گۇلنىسا ، مەسئۇد بىلەن دىلئارام ، رابىيە بىلەن سەئدىنلارنىڭ ئىنسانىي ئەركىنلىكى ۋە چىن مۇھەببەت ئىستىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن فېئوداللىق قائىدە - تۈزۈم ، مەنىۋى كىشەنلەرگە قىلچە پەرۋا قىلماي ، ھەقىقىي ئاشىق - مەشۇقلارغا خاس جاسارەت بىلەن مەيدانغا چىقىپ ، ئىنسانىي ئەركىنلىكنى بوغۇپ ، مۇھەببەت ئىستىكىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا توسقۇن بولۇۋاتقان فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ قائىدە - تەرتىپلىرى ۋە ئۇنىڭ قوغدىغۇچىلىرى بىلەن كەسكىن كۈرەش قىلىشى ، ئاخىرىدا فېئوداللىق تۈزۈمگە ۋە ئۇنىڭ قائىدە - تەرتىپلىرىگە بولغان نارازىلىقى ، شۇنداقلا فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى ئىسيانكارلىق روھىنى ئىپادىلەپ ئۆزىنى قۇربان قىلىشى ؛ ياكى بولمىسا ، ھىرقىتىنىڭ « مۇھەببەتنامە مېھنەتكامە » داستانىدىكىدەك چىن دوستلۇق ، خالىسلىقنىڭ سىمۋولى بولغان سابانىڭ ۋاستىچى بولۇشى ئارقىسىدا ھەقىقىي ئاشىقنىڭ ۋەكىلى بۇلبۇلنىڭ ۋاپادار مەشۇقى قىزىلگۈل بىلەن ئۇچرىشىپ ، بەختلىك ھالدا قوشۇلۇشى ؛ لۇتفىنىڭ « گۈل ۋە نورۇز » داستانىدىكىدەك دوستلۇق ئەلچىسى بولغان بۇلبۇلنىڭ ياردىمى ئارقىلىق يار ۋەسلىگە يەتكەن نورۇزنىڭ فېئوداللىق قائىدە - تەرتىپلەرنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچراپ گۈلدىن ئايرىلىپ كېتىشى ۋە بىر مەزگىللىك جۇدالىق كۈلپەتلىرىنى ، ھىجران قايغۇلىرىنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق ئاخىرى خۇشال - خۇرام تېپىشىپ ، مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتكەنلىكى ، مانا بۇلار كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى مۇھەببەت تېمىسىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاش بولمىغان باش تېما ئاساسىدا ھەل قىلىنىشىدۇر .

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا بۇ تېما كوممۇنىستىك ئەخلاقىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى سۈپىتىدە ، ۋەتەننىڭ تىنچ - ئا-

مانىلىقى ، دۆلەتنىڭ جانىجان مەنپەئەتى ، كوللېكتىپنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ ، ۋاپادارلىق ، سادا-قەتلىك ، قەھرىمانلىق ، ئىشچانلىقنى چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ تۈپ شەرتى قىلىپ ، ھۆرۈنلۈق ، مىشچانلىق ، ئالا كۆڭۈللۈك ، ۋاپاسىزلىقنى ئۇنىڭ بىلەن ئەسلا سىغىشالمايدىغان قارىمۇقارشى ھالەتتىكى سەبىي نەرسە سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈرمەكتە . مەسىلەن:

« ئىشقىمىز تۈتاشقان ئۈزۈلمەس بولۇپ ،
ئانىلار ئانىسى ۋەتەن سۆزىدە .
بىر چىمدىم توپىنى جېنىم دەپ بىلسەڭ ،
تەبەسسۇم ئويناپدۇ يارىڭ كۆزىدە .

ۋەتەننى گۈللەشكە تەر تۆكسەڭ دائىم ،
شۇ بولار بىز ئۈچۈن ئەڭ ئېسىل كۈنلەر .
ئۇلۇغدۇر ئانا يەر ، ئۇلۇغدۇر ۋەتەن ،
ۋەتەندىن كۈچ ئېلىپ ئىشقىمىز گۈللەر » .

( ئۇسمانجان ساۋۇتنىڭ « يىراقتىن خەت » شېئىرىدىن )

مانا بۇ مىسرالار ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى مۇھەببەت تېمىسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن ، ۋەتەننى سۆيۈش ، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش ئالدىنقى شەرت قىلىنغان ئاساستىكى ئوبرازلىق ، يارقىن سۈرەتلەنگەن كۆرۈنۈشى بولسا ، تۆۋەندىكىسى ئۇنىڭ ۋاپاسىز-لىققا قارىمۇقارشى قويۇلغان ھەمدە ۋاپاسىزلىق قاتتىق قامچىلانغان ھالەتتىكى گەۋدىلىنىشىدۇر .

« مېنى سەن بىۋاپا دەيسەن ، ئۆزۈڭ قانچە ۋاپا قىلدىڭ ؟
ئەجەب گەپقۇ ، نېمىشقا بۇ ئاھانەتنى ماڭا قىلدىڭ .

لېۋىمدىن مەي بېرەي ، گۈلدەك ئېچىلغىن دەپ مېنى گوللاپ ،
سېلىپ جىسمىمغا تەشنالىق ، يۈزۈمنى كەھرىۋا قىلدىڭ .
ۋاپانىڭ مەنىسى تەتۈر ئىكەن سەن ئۇقۇغان بابتا ،
ئەمەس بولسا ، نېمشقا مەن ۋاپا قىلسام جاپا قىلدىڭ .
جاھاندا تۇتىيانى ھېچ كىشى كۆرمەپتىكەن زادى ،
گويا سەنمۇ ۋۇجۇدۇڭدا ۋاپانى تۇتىيا قىلدىڭ » .

( تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ « بىزار بولدۇم » شېئىرىدىن )

يۇقىرىقى بىر قاتار پاكىتلار ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا تەسۋىرلىنىۋاتقان خېلى بىر قىسىم تېمىلارنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتقا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنلىكىنى ، كلاسسىك ئەدەبىيات ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى مول تېما ئاساسى بىلەن تەمىنلىگەن مۇھىم مەنبە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

كلاسسىك ئەدەبىيات ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى مول تېما ئاساسى بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن ، يەنە ھازىرقى زامان دەۋر رېئاللىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان نۇرغۇن سيۇژىتلار بىلەن تەمىنلىدى .

« پەرھاد ــ شېرىن » رىۋايىتىنى تۇنجى قېتىم X ئەسىردە ئىران شائىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى ، XII ئەسىردە ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجىۋى پارس تىلىدا « خىسراۋ ۋە شېرىن » دېگەن نام بىلەن ؛ XVI ئەسىردە ھىندىستاندا ياشىغان تۈركىستانلىق ئەمىر خىسراۋ دېھلىۋى ، خارەزملىق قۇتۇبى ئۇيغۇر قىپچاق تىلىدا « شېرىن ۋە خىسراۋ » دېگەن نام بىلەن يازدى . ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ناۋائىي ، ئۆمەر باقى ، ئابدۇرېھىم نىزارىلار ئۇيغۇر تىلىدا « پەرھاد ــ شېرىن » دېگەن نام بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ ، بۇ رىۋايەتنىڭ مەزمۇنىنى

مەيلى سيۇژىت جەھەتتىن، مەيلى پېرسوناژلار جەھەتتىن ياكى مۇھىت، ئورۇن جەھەتتىن بولسۇن، كۆپ تولۇقلاپ بېيىتتى، بەدىئىي شەكلى جەھەتتىنمۇ ئۆستۈرۈپ، مۇكەممەللىككە ئىگە قىلدى. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا بۇ سيۇژىت يەنە پېشقەدەم شائىر نىمشېھىت تەرىپىدىن داستان شەكلىدە قايتا ئىشلىنىپ، ئۇيغۇرلار ھاياتىغا پۈتۈنلەي ئېلىپ كىرىلگەندىن باشقا، ئارتىس ۋە دراماتورگ ئەمەت ئۆمەر تەرىپىدىن سەھنىلەشتۈرۈلۈپ، ئۇيغۇر درامىچىلىقىنى بېيىتتى ۋە جانلاندۇردى.

قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىن چاغتاي خانلىقى دەۋرىگىچە ئارىلىقتا خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن «غېرىب - سەنەم» داستانى XV ئەسىردە ياشىغان قەشقەرلىق يۈسۈپ ئىبنى قادىر ھاجى تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم يازما ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىرىلگەندىن بۇيان، بۇ داستاننىڭ سيۇژىتى تا XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگۈچە ئارىلىقتا كۆپلىگەن خەلق داستانچىلىرى ۋە يازغۇچىلىرى تەرىپىدىن قايتا - قايتا پىششىقلاپ ئىشلەندى. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا بۇ سيۇژىت يەنە ئۆزىگە خاس ئورىگىناللىققا ئىگە بولغان ھالدا «غېرىب - سەنەم» نامى بىلەن سەھنە ۋە ئېكرانلاردا نامايان بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتماقتا. ئېلى ئىزىز يازغان «غېرىب - سەنەم» ئوپېراسى بىلەن پېشقەدەم يازغۇچى زۇنۇن قادىرى يازغان «غېرىب - سەنەم» سىنارىيىسى ئەنە شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

XIX ئەسىردە قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ يامانيار يېزىسى كۆكچى كەنتىگە قاراشلىق سۇبھانالال مەھەللىسىدە بولۇپ ئۆتكەن رابىيە - سەئدىن ۋەقەسىمۇ شۇنداق. بۇ ۋەقەنى تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئابدۇرېھىم نىزارى «رابىيە - سەئدىن» نامى بىلەن داستان شەكلىدە يېزىپ چىققان. ئارىدىن

100 نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدىبلىرىدىن ئەھمەد زىيائىي ، ئىمىر ھۈسەيىن قازىھاجىم ، مۇ-ھەممەتئېلى زۇنۇن ، سەمەت دۇگايلى قاتارلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن يازدى . بەزىلەر سەھنىلەشتۇرۇپ ئوپېرا شەكلىگە كەلتۇردى . بۇ ئوپېرالار هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىياتىر چىلىقىنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيىتى سۈپىتىدە سەھنىلەردە كەڭ تاشا ئوينالماقتا .

نوزۇگۇم ، سادىر پالۋان ، نەسرىدىن ئەپەندى ، موللا زەيدىن ، سەلەي چاققان ، ئامانىسا ، ئىپارخان ، چىن مودەن ، مايىمخان قاتارلىقلارنىڭ هاياتى مەزمۇن قىلىنغان سيۇژىتلارغا نىسبەتەنمۇ شۇنى ئېيتىش مۇمكىن .

XIX — XVI ئەسىر رېئاللىقىدىن تاللىۋېلىنغان بۇ سيۇ-ژىتلار كلاسسىكلىرىمىزنى خام ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن نادىر ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىغا ئاساس تىكلەپ بېرىپلا قالماستىن ، شۇنداقلا هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدىبلىرىدىن سەيپىدىن ئەزىزى ، خېۋىر تۆمۈر ، تېيىپجان ئېلىيوپ ، تېيىپجان هادى ، هاجى ئەخمەت كۆلتېگىن ، تۇرسۇن ياسىن ، تۇرسۇنجان لېتىپ قاتارلىقلارنىمۇ ئىلهاملاندۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ئاكتىپلىقىغا مەلۇم تەسىر كۆرسەتكەنلىكتىن ، ئۇلار بۇ سيۇژىتتىن پايدىلىنىپ رومان ، پو-ۋېست ، هېكايە ، كىنو سىنارىيىسى ، سەھنە ئەسىرى ، داستان ، شېئىرلارنى يېزىپ ، خەلق ئاممىسىنى مول مەنىۋى ئوزۇقلار بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى كۆرىمىز .

شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى ، هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى تەرىپىدىن ئۆزلەشتۇرۇپ ئىشلەنگەن يۇقىرىقى بىر قاتار ئەنئەنىۋى سيۇژىتلار كلاسسىك ئەدەبىياتىنىكى سيۇژىتلارنىڭ ئاددىي تەكرارلانمىسى بولماستىن ، بەلكى زامان ، ماكان ئېتىبارى بىلەن قايتا يۇغۇرۇلغان ۋە يازغۇچىنىڭ مەلۇم

مۇددىئا ، مەقسىتىگە بويسۇندۇرۇلغان بولۇپ ، ئۆزىگە خاس ئورىگىنالللىقىقا ئىگە . بۇ سىيۇژىتلارنىڭ ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا قايتا ئىشلىتىلىشى خەلقىمىزنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاق كۆزقارىشىنى تىكلەش ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ، ئىنسانپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنى ئۆستۈرۈش ، كۈرەشچانلىق ، قەھرىمانلىق جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇش ، مىللىتىمىزنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ، مەدەنىيىتىنى چۈشەندۈرۈشتە بەلگىلىك رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە .

ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتقا بولغان ۋارىسلىق مەسىلىسى يەنە ژانىر ، تۈر ، شەكىللەردىمۇ روشەن گەۋدىلەندۇ . ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتى دەۋر تەرەققىياتى بىلەن مەزمۇن جەھەتتىن كلاسسىك ئەدەبىياتقا قارىغاندا زور دەرىجىدە بېيىغان ، تېما دائىرىسى مىسلىسىز كېڭەيگەن ، تەسۋىرلەش ئوبيېكتىمۇ ئۆزگەرگەن ، كۆپ خىل شەكىلگە ئىگە ، شەكلى مىللىي ، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات بولسىمۇ ، بىراق ئۇنىڭ شەكلىدىكى بىر قىسىم ژانىرلار ، شېئىرىي تۈر ، شېئىرىي شەكىللەرنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا خېلى قەدىمدىن تارتىپ ، ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇلۇپ كېلىنىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر هېس قىلىمىز . بۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى ، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنى ، تەسۋىرلەش ئوبيېكتى ئۆزگەرگەن بولسىمۇ ، بىراق ئەدەبىياتنىڭ شەكلىگە تەئەللۇق بولغان ژانىر ، تۈر ، شەكىللەر ئۆزىنى بەلگىلەپ تۇرۇۋاتقان مەزمۇنغا نىسبەتەن نىسپىي مۇستەقىللىقنى ساقلىغان هالدا ئۇنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ئارقىدا قالغانلىقى ، مۇنداق شارائىتتا تېز ئۆزگىرىپ ، راۋاجلىنىۋاتقان يېڭى ئەدەبىيات مەزمۇنىنى كونا ژانىر ، تۈر ، شەكىللەر بىلەن ئىپادىلىمەكتىن باشقا ئامالىنىڭ يوقلۇقى ؛ ئىككىنچىدىن بىر خىل مەزمۇننى كۆپ خىل شەكىل بىلەن ، هەر خىل مەزمۇننى بىر خىل شەكىل بىلەن

ئىپادىلەشكە بولىدىغان ئىمكانىيەت كۆپ ھاللاردا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدىبلىرىگە كەڭ دائىرىدە شەكىل تاللاش پۇرسىتىنى يارىتىپ بەرگەنلىكى، مۇنداق قولاي پۇرسەتتىن پايدىلانغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئۆز ئەسىرىنى جامائەتچىلىك ئارىسىدا ئالقىشقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئىمكان بار خەلق ئاممىسى ياقتۇرىدىغان، كەڭ ئامموۋى ئاساسقا ئىگە بولغان، شۇنداقلا ئۇزۇن دەۋرلەردىن بۇيان كۆپ ئىشلىتىلىش ئارقىلىق بىرقەدەر پىشىپ يېتىلگەن ئەدەبىي شەكىلنى تاللاشقا ئىنتىلگەنلىكى قاتارلىق سەۋەبلەر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى بىر قىسىم ژانىر، تۈر، شەكىللەرنى ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزدا يەنە داۋاملاشتۇرۇپ قوللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى كلاسسىك ئەدەبىياتتىكى بىر قىسىم ژانىر، تۈر، شەكىللەرگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا قوللانغاندا ئەينەن ئەمەس، بەلكى دەۋرىمىزنىڭ ئۆزگىرىپ تەرەققىي قىلىۋاتقان مۇرەككەپ تۇرمۇش مەزمۇنىغا ماس كەلگۈدەك ھالەتتە ئىسلاھ قىلىپ مەلۇم دەرىجىدە يېڭىلاپ قوللانغان. مەسىلەن، پروزا ژانىرى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى قەدىمكى شەكىللەرنىڭ بىرى، بۇ شەكىلدە تۇنجى قېتىم قەشقەر تەۋەسىدىكى رابات ئوغۇزلۇق ئۇيغۇر ئەدىب ناسىرىددىن بۇرھاندىن ئوغلى رابغۇزى 72 بابلىق «قىسسەسى رابغۇزى» ناملىق رومانىنى 1311 ـ يىلى يېزىپ، پروزا ژانىرىغا ئاساس سالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ژانىر XVII ۋە XIX ئەسىرلەردە ياشىغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرىدىن موللا سىدىق يەركەندى، ئۆمەر باقى، موللا مۇھەممەت سادىق قەشقەرى، موللا بىلال بىننى موللا يۈسۈپلەر ئىجاد قىلىپ، «نەسرى مىرزا مۇھەممەت ھۈسەيىنبەگ»، «پەرھاد ـ شېرىن»، «تەزكىرە ئەزىزان»، «تەزكىرە ئەسھابۇل كەھب»، «نوزۇگۇم» قاتارلىق رومان،

قىلىشىلىرىنى يېزىپ، ئۇنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كۆتۈرگەن.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا قىيىيۇم تۇردى، زوردۇن سابىر، ئەخمەت تۇردى، ئابدۇللا تالىپ، ئابدۇراخمان قاھار، ئايشەم ئەخمەت، تۇردى ساماساق، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابلا ئەخمىدى قاتارلىقلار بۇ ژانىرنى داۋاملاشتۇرۇپ، ھەر تەرەپلىمە مۇكەممەللەشتۈردى. ئۇلارنىڭ بۇ ژانىردىكى ئەڭ زور ئۇتۇقى شۇكى، ئۇلار كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ رومانچىلىق ئۇسلۇب ئەنئەنىسىنى ھازىرقى تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنىغا بېقىندۇرغان ئاساستا ۋەقەلىكلەرنى ياۋروپا رومانچىلىقىغا ئوخشاش بابلارغا بۆلۈش ئۇسۇلىنى ئەمەس، بەلكى كىچىك ھېكايىلارغا بۆلۈش، ھەربىر ھېكايىغا ئايرىم ماۋزۇ قويۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ھېكايە ئىچىدىن ھېكايە چىقىرىپ، پۈتۈن ئەسەر مەزمۇنىنى ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن ئورگانىك بىرلىككە ئىگە قىلغان. شۇنداق بولغاچقا، بۇ رومانلار ۋەقەلىكىنىڭ قىزىقارلىق، پېرسوناژلىرىنىڭ جانلىقلىقى بىلەن كىتابخانلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ سۆيۈنۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولماقتا.

نەسىرمۇ پروزىغا ئوخشاش كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى قەدىمكى ژانىرنىڭ بىرى. بىز ئۇنىڭ دەسلەپكى ئۆلگىلىرىنى مىلادىيە 716 ـ، 732 ـ، 735 ـ، 759 ـ يىللىرى ئۇيغۇر خاقانلىرىدىن تۇنيۇقۇق، بىلگە قاغان، كۆلتېگىن، قۇتلۇق بىلگە قاغانلارنىڭ خاتىرىسىگە ئورنىتىلغان مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىدا ئۇچرىتىمىز. بۇ مەڭگۈ تاشلارنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى نەسرنىڭ قەدىمكى ئۆلگىسى دېيىشىمىزنىڭ ئاساسىي سەۋەبلىرىدىن بىرى، بۇ مەڭگۈ تاشلار تەرجىمھال خاراكتېرگە ئىگە؛ ئىككىنچىدىن بۇ مەڭگۈ تاشلاردا كونكرېت بىرەر ۋەقەلىكنى تەسۋىرلەشتىن كۆرە، ئومۇمىي بايان ئۇسۇلىنى قوللى-

ىلىپ، تارىخىمىزدىكى شەرقىي تۈرك خاقانلىقىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاك بولۇشى، كۆلتېگىن، بىلگە قاغان، تونيۇقۇق، قۇتلۇق بىلگە قاغانلارنىڭ جەڭگىۋار ھەربىي يۈرۈشلىرى، ئۆز مەملىكەتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، تىنچلاندۇرۇش، كۆچەيتىش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى بىلەن تۆھپىلىرىنى ئىنتايىن نازۇك شائىرانە تىل بىلەن قىسقا، مەزمۇنلۇق ئىپادىلىگەن؛ ئۇچىنچىدىن بۇ مەڭگۇ تاشلاردىكى جۈملىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھازىرقى زامان نەسرلىرىگە ئوخشاش قاپىيىلىك ئاساستا تۈزۈلگەن؛ تۆتىنچىدىن شېئىرىي خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك بولۇپ، ساپ، سەممىي ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەڭگۇ تاشلاردا ئىشلىتىلگەن گۈزەل ئوخشىتىشلار، جانلاندۇرۇش، مېتافورا قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر، خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ئۇنىڭ ئوبرازچانلىقىنى ئۈستۈرۈپ، بەدىئىي تەسىرىنى كۈچەيتكەن. بىز كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشىدىن كەلتۈرگەن تۆۋەندىكى پارچىدىن بۇنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز: «جەمئىي 25 قېتىم يۈرۈش قىلىپ، 13 قېتىم جەڭ قىلدۇق. قاغانلىقى بارلارنى قاغانلىقىدىن، قاغانى بارلارنى قاغانىدىن مەھرۇم قىلىپ، تىزى بارلارنى تىزلاندۇرۇپ، بېشى بارلارنى باش ئەگدۈرۈپ، بويسۇندۇردۇق».

ناۋائىي يازغان «مەھبۇبۇلقۇلۇب» مۇ نەسرنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەڭ ياخشى نەمۇنىسى بولالايدۇ. ئۇ مەڭگۇ تاشلارغا ئوخشاش جۈملە قۇراشتۇرۇلۇش جەھەتتىن قاپىيىلىك، تىل جەھەتتىن ھېسسىياتلىق، ئوبرازلىق بولۇشتىن تاشقىرى، نەسرنىڭ بايان، تەسۋىر، مۇھاكىمىدىن ئىبارەت ھەر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ قوللىنىشتەك ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەن. مەسىلەن، «دېھقانكى دان ساچار، يەر تېرىماق بىلەن رىسقى يولىنى ئاچار، قوشى① ھەم ئىككى زور

---

① قوشى — ئۆكۈزى.

پەھلىۋان ۋە يۈكسەك بويۇن سۇنۇپ، ئالدىغا راۋان ... پەقىرلەر رىسقى ئۇنىڭ بىلەن مۇكەممەلدۇر. غېرىبلار ئوقتى ئۇنىڭ تۆپەيلى يېتەرلىكتۇر ...»

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا بۇ ژانىر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى نەسرىنىڭ سۆز ـ جۈملىلەرنى قاپىيىلىك تۈزۈش، تىلنىڭ ھېسسىياتلىق، ئوبرازلىق بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش، ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا كۆپ خىل شەكىللەرنى گىرەلەشتۈرۈپ قوللىنىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى نەسىر ژانىرىنىڭمۇ بەزى ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ قوبۇل قىلىش ئارقىسىدا، بۈگۈنكى كۈندە ئۇ باشقا ژانىرلار بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرالايدىغان، مۇستەقىل، مۇكەممەل بىر ژانىرغا ئايلاندى. مەسىلەن، «ئېھ مايىسلار، ئېھ، دولقۇنلۇق مەخمەل دېڭىزى! سەن گۈزەلسەن، كۈچلۈكسەن، قۇياشقا، يورۇقلۇققا ئاشىقسەن! سەن يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچىسەنۇ دەرھال شادلىنىپ سىلكىنىسەن، قاناتلىرىڭنى يېيىپ، ئۆرىگە ئىنتىلىسەن، سېكۇنتسېرى چوڭىيىپ، گۈزەللىشىپ بارىسەن! سەن بەجايىكى بىزنىڭ دەۋرىمىزگە ئوخشايسەن!

ئېھ، گۈزەل مايىسلار، مەن ساڭا قاراپ ئۆز ياشلىقىمنىڭ ئەينى ئۆزىنى كۆردۈم. دۇنيادا سەندىنمۇ قۇدرەتلىك، سەندىنمۇ جۇشقۇن نەرسە بارمىكىن! ...»

قاھار جېلىلنىڭ «قۇياش ۋە مايسا» ناملىق نەسرىدىن ئېلىنغان بۇ پارچىدا قۇياش نۇرىدىن بەھرە ئېلىپ، دۇنياغا گۈزەللىك بېغىشلاۋاتقان مايسىنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە تولغان جۇشقۇن ھالىتى بەدىئىي تەسۋىر، ئوبرازلىق تىل، لوگىكىلىق تەپەككۇر، قاپىيىلىك جۈملە، شائىرانە ھېسسىيات ئارقىلىق گۈزەل بىر تۇتاش سۈرەتلەنگەن.

شېئىرىيەت ژانىرىغا نىسبەتەنمۇ شۇنى ئېيتىش مۇمكىن.

هازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى باشقا ژانىرلارغا قارىغاندا بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان، ئەدەبىياتىمىزدىمۇ ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەپ كېلىۋاتقان، تۈر ۋە شەكىللەرگىمۇ ئىنتايىن باي بىر ژانىر بولۇپ، ئۇنىڭ مۇنداق بولۇشى يەنىلا كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەنئەنىسىگە باغلىقتۇر. كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىمۇ قەدىمدىن تارتىپ يېقىنقى زامانغىچە شېئىرىيەت بىلەن داستانچىلىق زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، پۈتكۈل تارىخىي دەۋردىكى ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ئايلىنىپ قالغان. ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى بىر قىسىم شائىرلار كلاسسىك ئەدەبىياتنى پۇختا ئۆگىنىش، قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئەسىرلەردىن بۇيان ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئەنە شۇ ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقتىن، كلاسسىك ئەدەبىياتتىكى بىر قىسىم شېئىرىي تۈر ۋە شېئىرىي شەكىللەر هازىرقى شېئىرىيىتىمىزدىمۇ ئاساسلىق تۈر ۋە شەكىللەردىن بولۇپ قالماقتا.

شېئىرنىڭ ئېپىك تۈرىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، بۇ تۈر ناۋائىيدىن باشلانغان. ناۋائىينىڭ «هەسبى هال»، «يالغانچى»، «بىر كەپتەرنىڭ هېكايىسى» قاتارلىق شېئىرلىرى ۋەقەلىك ئاساستا يېزىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن خوتەنلىك ئەخمەتشاه قاراقاشى، موللا نىياز، دىلبەر دورغا، موللا باقى قاتارلىقلار «ئات هەققىدە مۇخەممەس»، «مېۋىلەر مۇنازىرىسى»، «ئەرزنامە»، «مەزلۇملار ئاهى»، «بەگ بىلەن قوي هەققىدە هەجۋىي» قاتارلىق شېئىرلىرى ئارقىلىق بۇ تۈرنى بىرئاز كېڭەيتكەن، ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا بۇ تۈر يەنىلا ئاساسلىق ئىپادىلەش شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ كەلمەكتە.

لىرىك تۈر ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، شۇنداقلا كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىمۇ ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان.

ئۇنىڭ ھازىر كۆپ قوللىنىلىۋاتقان مەرسىيە، قەسىدە، ئىنتىم لىرىكا، مۇھەببەت لىرىكىسى، ھەجۋىي قاتارلىق خىللىرىنى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا خېلى بۇرۇنىدىنلا ئۇچرىتىمىز. «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا كىرگۈزۈلگەن ئافراسىياپنىڭ ئۆلۈمىگە بېغىشلانغان مەرسىيەلەر، «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى باھار ھەققىدە يېزىلغان قەسىدە، ناۋائىي، لۇتفى، سەككاكىلارنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرى، ئاتايىنىڭ رىياكار سوپى، زاھىتلار ئۈستىدىن يازغان ھەجۋىيلىرى بۇنىڭ جانلىق مىسالىدۇر. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا لىرىك تۈرنىڭ ھەممە خىللىرى دېگۈدەك ھەرقايسى شائىرلار تەرىپىدىن جارى قىلىنىۋاتىدۇ. مەسىلەن، مەرسىيە:

«ۋاھ، ھەسرەتا بۇ دەھرىنىڭ① كارى ئىرۇر مىكرۇزەرەر،
ئادىتىدۇر غەدرۇستەم②، يوقتۇر مۇرۇۋۋەتتىن③ ئەسەر.
كۆپ ئىلمۇئىرپانلىق زەبۇن، قالمىش يۈرەكتە داغ - خۇن،
شادۇخۇرامان نەچچە دون④، پەرۋاز ئېتەر بىپالۇپەر⑤.
ئول مۇرشىدى⑥ ئالىي ھىمەم⑦، كانى ھىدا⑧ بەھرى كەرەم⑨،

① دەھرى — زامان، دەۋر.
② غەدرۇستەم — خىيانەت، زۇلۇم.
③ مۇرۇۋۋەت — ياخشىلىق.
④ دون — يولدىن ئازغان.
⑤ بىپالۇپەر — قانات - قۇيرۇقسىز.
⑥ مۇرشىد — ئۇستاز.
⑦ ئالىي ھىمەم — ھىممىتى ئالىي.
⑧ كانى ھىدا — ھىدايەت (توغرا يول) نىڭ كانى.
⑨ بەھرى كەرەم — ياخشىلىق دەرياسى.

خەلقنىڭ غېمىدا دەمبەدەم ، ھەسرەتلىنىپ شامۇسەھەر ؛
ئەھبابقا ① كەلدى بۇ بالا ، بارچە بۇ غەمگە مۇپتىلا ،
گويا ئىككىنچى كەربالا ، قالدى ئەبەد دىلدا كەدەر ② .
ئەي مۇسلىھى ③ شەپقەت پاناھ ، بىزدىن يوقالدىڭ ئاھ - ۋاھ ،
قالدى بۇ يۇرت ھالى تاجاھ ④ ، بى مۇرشىدى ، بى راھىبەر ⑤ » .
( قۇتلۇق شەۋقىنىڭ مەرھۇم ئابدۇقادىر ئەزىزىنىڭ ۋاپاتىغا «مەرسىيە» سىدىن )

قەسىدە :

« مەخمەل كىيىپ تەبىئەت ، كۆركەم جىلاسى كەلدى ،
مەۋسۇملارنىڭ ئەڭ ئېسىل ، قىممەت باھاسى كەلدى .
بارمۇ گۈزەل باھاردىن زوق ئالمىغان يۈرەكلەر ،
گۈپ - گۈپ ئۇرۇپ دىماغقا ، خۇشبۇي ھاۋاسى كەلدى .
سەپ - سەپ بولۇپ قاقىرلار ئەل - يۇرتنى تويغا چىللاپ ،
(ئارغامچا ) تورنىلارنىڭ كۆكتىن ساداسى كەلدى .
تاغلاردا غۇنچە ، لالە ، خۇددى قىزىل پىيالە ،
مەيگە خۇمار كۆڭۈلنىڭ ھازىر داۋاسى كەلدى » .
(رەھمىتوللا جارنىڭ «باھار ھەققىدە غەزەل» شېئىرىدىن )

ھەجۋىي :

« سىناپ باقسام چىشنى تۆتى قاپتۇ لىڭىلداپ ،
بىر غىرىچ تويلەي كىيىپ يورغىلايدۇ دىڭىلداپ .
ئەگرى - بۈگرى قورۇلۇپ ياغاقلاشقان يۈزىگە ،

---

① ئەھباب — دوست .
② كەدەر — غەش .
③ مۇسلىھى — ئەلنى توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى .
④ ھالى تاجاھ — ھالى خاراب .
⑤ بى راھىبەر — يولباشچىسىز .

ئۇيا ـ ئەگلىك سۇرتىدۇ ھەر مىنۇتتا يېگىلاپ .
بىر قولىدىن چۈشمەيدۇ نان يېگەندە ئەينىكى ،
سوزۇپ قاپاقلىرىنى سۆزلەپ قويار خىڭىلداپ » .
( قۇربان ئىمىننىڭ « سەتەڭ » شېئىرىدىن )

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتقا بولغان ۋارىسلىق مەسىلىسى شېئىرىي شەكىللەردىمۇ روشەن گەۋدىلىنىدۇ . شېئىرىيىتىمىزدە ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان مەسنىۋى ، غەزەل ، مۇسەللەس ، مۇرەببە ، مۇخەممەس ، مۇسەددەس ، مۇسەممەن ، تەجنىس ، .تەرجىئبەند ، مۇستەھزات ، تۇيۇق ، قىتئە ، رۇبائىي ، مۇئەمما ، پەرد قاتارلىق كۆپ خىل شېئىرىي شەكىللەر ئەسلىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ، لۇتفى ، ناۋائىي ، سەككاكىلارنىڭ ئىجادىيىتى ئارقىلىق شەكىللىنىپ ، مەشرەپ ، زەلىلى ، نۆبىتى ، ھىرقىتى ، گۇمنام ، سەبۇرى ، قەلەندەر ، موللا بىلاللار تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈلۈپ ، پىششىقلانغان . ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن خېلى بىر قىسمىلىرى ئۆز ئىجادىيىتىنى شەكىل جەھەتتىن رەڭدارلىققا ئىگە قىلىش ۋە ئوي ـ پىكىر ، ھېسسىياتنى ئەركىن بايان قىلىشقا ئىمكانىيەت ئىزدەش تۈپەيلىدىن ئىجادىيەت پائالىيىتى جەريانىدا كلاسسىك شەكىللەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ ئەينەن ياكى بەزى جەھەتلەردە ئىسلاھ قىلىپ قوللىنىش ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسلىق شەكىللىرىگە ئايلاندۇردى ۋە داۋاملاشتۇردى . مەسىلەن ، مەسنىۋىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى شەكلى :

« بۇ دەھر بىلەن كۆڭۈل ئاۋۇتماڭ ،
بۇ باغ ئارا گۈلشەنگە باقماڭ .

نى مېھرىسى بار ئانىڭدانى كۆز ،
نى چېھرى بار لەتىق ئانىڭدانى يۈز .
نى شەھنى قويار ، نەكىم گەدانى ،
نى مۇفلىس بىۋە بىنەۋانى » .
( « موللا سالىھ شېئىرلىرىدىن » ، « بۇلاق » ئومۇم 21 - سان )

مەسنىۋىنىڭ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى شەكلى :

« ۋا دەرىخا ، كەتتى ئول جانىم مېنىڭ جاننى ئېلىپ ،
ئۇ كېتەردە مەندە جان قايدا ، ياغاچ بولدۇم قېتىپ .
جادۇ كۆز گۈل كىرپىكى بىرلە يۈرەردە بىر قاراپ ،
تاش كۆڭۈلنى قوغۇشۇندەك ئېرىتىپ قىلدى خاراب .
مەنىلىك ، سىرلىق قاراپ : ‹ بولغىن ئامان يارىم › دېدى ،
‹مەن ئۆزۈم كەتكەن بىلەن سېنىڭ بىلەن يادىم › دېدى .
( ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ « خەير كۆرىشەرمىز » ناملىق شېئىرىدىن )

غەزەلنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى شەكلى :

« جامالۇھۇسنۇڭە سۆز يوق ، ۋەپا كېرەك بولسا ،
مەنى خۇد ئۆلتۈرەدۇرسەن رەۋا كېرەك بولسا .
كۆڭۈلچۇ بىلمەيىن ئۆز ھەددىنى سېنى سەۋدى ،
بالاۋۇغۇسسە بىلە مۇبتەلا كېرەك بولسا » .
( ئەبەيدۇللا لۇتفىنىڭ « غەزەللەر »دىن )

غەزەلنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى شەكلى :

« تىرىكتاپ قاغا - قۇزغۇنغا جاھانسازلىق ھاۋا ياخشى ،
سەھەر گۈلشەندە بۇلبۇلغا ياقا يىرتىپ ناۋا ياخشى .

قەسەم بىللا تەمەيىم يوق بەھەيۋەت قەسرى زىنىنەتتىن ،
پېشانەم تەرىدىن پۈتكەن بى مىننەت بورىيا ياخشى » .
( ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ « ياخشى » شېئىرىدىن )

مۇرەببەنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتتىكى شەكلى :

« بەندەڭ ئىرۇرمەن ۋەللاھى بىللاھ ،
شامۇسەھەرلەر مەن ساڭا شەيدا .
كەلدىم ئىشىكىڭگە ، دەپ شەيئىي لىللا ،
كۆردۈم يۈزۈڭنى ئەلھەمدۇلىللا .

باقساڭ مېنىڭدەك دىۋانىلەرگە ،
ئەقلۇھوشىدىن بىگانىلەرگە .
ئىسيان چۆلىدە ئاۋارىلەرگە ،
كۆردۈم يۈزۈڭنى ئەلھەمدۇلىللا » .
(«مەشرەپ غەزەللىرى»دىن )

مۇرەببەنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى شەكلى:

« ئاھ خىيالىڭدىن يېتىپتۇر ، جىق ماڭا ئاۋارىلىق ،
ئىشقى سەۋداسى ئىمىش بىر بىداۋا بىمارىلىق .
يار ساڭا كۆيگەنىسىرى كۆڭلۈمدە ئارتۇر يارىلىق ،
ئاھ ، ماڭا يەتكۈزمىگەن دۇنيا ئىمىش غەددارىلىق .

مەن ھەمىشە ئويلىغان ئويۇم سېنىڭ ھەققىڭدىدۇر ،
ھەم يەنە قىلغان سۆزۈم دائىم سېنىڭ ۋەسلىڭگىدۇر .
بۇ كۆڭۈلنىڭ خۇشلۇقى يوق بولسىمۇ ۋەسلىڭدىدۇر ،
ئۇيقۇ يوق تۈنلەردە قالۇر ، ئاجىز غېرىب بىمارىلىق » .
(«ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى شېئىرلىرى »دىن )

مۇرەببەنىڭ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا ئىسلاھ قىلىنغان ئاساسىتا قوللىنىلىۋاتقان بىرىنچى خىل شەكلى:

« نىمە ئۇ، سەت كۆرۈنگەن باغۇبوستان ئىچىدە،
ئۇيىنسام پۇتلاش ماڭا بۇ گۈلىستان ئىچىدە.
كۆلمىگەي دىلى قارا لالە - رەيھان ئىچىدە،
زەربىلەر بولسۇن ئاڭا بۇ ھايات - جان ئىچىدە.

مەن چىقىپ خۇشال سۇپەت بۇ مۇنەۋۋەر تاڭ بىلەن،
ياگرىتىپ ناخشامنى ئېيتتىم جەڭگىۋار ئاھاڭ بىلەن.
دوست ماڭا ھەر چېلىشچى غالىبانە ئاڭ بىلەن،
ئېتىراپ ئەتمەك كېرەك پۇر كىنىش يوق چاڭ بىلەن».

(كېۋىر نىيازىنىڭ « يېگىش تويغۇسى » شېئىرىدىن)

ئىككىنچى خىل شەكلى:

« دۈشمەن بەرىبىر ئەجەل دامىدا،
ئالدىدا ئۇنىڭ قەبرى كولاقلىق.
قانچە قىلمىسۇن كۈنى ساناقلىق،
شۇنداق يېزىلغان زەپەر نامىدا».

(تېيىپجان ئېلىيوپىنىڭ « زەپەرنامە » شېئىرىدىن)

ئۈچىنچى خىل شەكلى:

« شامىلى بار غۇرۇلداپ ئۇ مېگىپ تۇرغان.
كىشى كۆڭلىنى قىزىقتۇرۇپ ئېگىپ تۇرغان.
تاماشاغا چىققىنىڭدا ئۇيان - بۇيان،
پېشانەڭنى سىپاپ، سۆيۈپ تېگىپ تۇرغان».

(خۇداۋەردى تالىپنىڭ « سايرام كۆلى » شېئىرىدىن)

ئۈچىنچى خىل شەكلى:

« مەرىپەت ئىزدە ئېرىنمە،
سەرپ ئەتكىن كۈچۈڭنى،
بوياق بىلەن بويىغىچە ئېشىڭنى.
ئىلىم بىلەن زىنىنەتلىگىن ئىچىڭنى ».
(«لۇتپۇللا مۇتەللىپ شېئىرلىرى»دىن)

مۇرەببەنىڭ يەنە ھەر كۇپلېتىدىكى 2 ـ، 4 ـ مىسرالىرى ئۆزئارا قاپىيىداش، 1 ـ، 3 ـ مىسرالىرى قاپىيىسىز؛ ياكى 1 ـ مىسراسى بىلەن 3 ـ مىسراسى ئۆزئارا قاپىيىداش، 2 ـ مىسراسى بىلەن 4 ـ مىسراسى ئۆزئارا قاپىيىداش؛ ياكى بولمىسا 1 ـ، 3 ـ مىسرالىرى ئۆزئارا قاپىيىداش، 2 ـ مىسراسى قاپىيىسىز، 4 ـ مىسراسى ئالدىنقى كۇپلېتنىڭ 4 ـ مىسراسىغا قاپىيىداش بولۇپ كېلىدىغان خىلمۇخىل شەكلى بار.

مۇخەممەسنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتتىكى شەكلى:

« دۇئايى بىشەدەت خۇجام نەزەر مۇيىتۇمغا ئەلۋەتتە،
تەھەيياتۇ سالامىم ئانچىنان ئاھۇنادامەتتە.
دۇئا بىرلە ۋىسال ئولغاي سالامىم ياخشى سائەتتە،
سېنى ياد ئەيلىگۈم ھەر كۈن سەھەر ۋاقتىدا تائەتتە،
كى سەندىن ئۆزگە دوستۇم يوق ئىدى ئاقسۇ ۋىلايەتتە.

ئىشتكىل ئى بۇرادەر سۆزنى ئەخمەتشاھ قاراقاشتىن،
بايان ئەيلەي ساڭا ئەمدى بۇ سۆزلەرنى يېڭىۋاشتىن.
ئەقدەم بار ئىدى شۇنچە ساڭا مەھرەم قېرىنداشتىن،
سېنىڭ كۆڭلۈڭ ماڭا مۇزدەك ئىكەن قاتتىق قارا تاشتىن،
كۈلۈپسەن، قىلمىدىڭ خوپ ئىش ماڭا ئەينى زۆرۈرەتتە».
( ئەخمەتشاھ قاراقاشنىڭ « ئات ھەققىدە مۇخەممەس »تىن )

مۇخەممەسنىڭ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى شەكلى:

« ئايا ساقىي شاراپ تۇت، بىل، بۇ دەم ئىلھام ماڭا ئىلپەت،
نە ئىلھام، بىر زىبا گۈلئۈز مېنىڭ بىرلە قىلۇر ئىشرەت.
نە ئىشرەت، ئىشرىتى نەزمەم قۇرىغا گۈل تىزار رەت ـ رەت،
ئايان بولسۇن كۆيۈمدە كۆي ئاتاسى بىر بۆيۈك سەنئەت.
شاراپ تۇت، ياق، مۇقامىڭ چال، چېلىپ دوستۇڭغا بەر رىغبەت.

تۇغۇلسام ئۆي ئىكەن نامرات، ئۇقەت چاغلىق، بىسات ھەم ئاز،
لېكىن كۆردۈمكى تۆر تامدا نەقىشلىق داپ بىلەن جۆپ ساز،
قاچانكى مەن سوراپ قالدىم: پېقىرگە بۇ نېمە پەرداز؟
ئاتام ئېيتتى: ئۇنى چالساق، قورساق ئاچ بولسىمۇ مۇڭ ئاز،
شۇئان سايراتتى تەمبۇرنى، ماڭا كۆرسەتتى بىر ھىممەت».
(ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ «مۇقام ھەققىدە مۇخەممەس»شېئىرىدىن)

مۇخەممەسنىڭ مەيلى كلاسسىك ئەدەبىياتتا ياكى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا بولسۇن «تەخمىس» دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر تۈرى بار. تەخمىس شەكلىدە يېزىلغان مۇخەممەسلەر ئىككى كىشى تەرىپىدىن تۈگەللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ھەربىر كۇپلېتىنىڭ ئالدىنقى ئۈچ مىسراسى تەخمىس يازغۇچى تەرىپىدىن يېزىلىدۇ. كېيىنكى ئىككى مىسراسىغا باشقا كىشىنىڭ ئاشۇ قاپىيە، ئاشۇ ۋەزىندە يېزىلغان غەزىلى ئېلىنىدۇ.

تەخمىسنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتتىكى شەكلى:

« مۇھەببەتنىڭ تونۇرى جىسىم زارىمنى كاباب ئەيلەر،
كۆزۈم قانى باياباب تاشلارنى لەئىل ناب ئەيلەر،

قىنىم ئەشجارىنى ئىشقىڭ گىياھى پىھتاب ئەيلەر » ،
( مەھمۇد قارىي )

« كۆكۈل كۆزلەر يولىن تۇتماققا ھىجرىڭدە شىتاب ئەيلەر ،
بىرىن تۇتقۇنچە بىرنى سىل ئالەمنى خاراب ئەيلەر » .
( ناۋائىي )

« ئىچۈردۈڭ غەم شارابىدىن ماڭا ھىجران ئاياغىدا ،
كۆزۈڭ خۇمار ئېتىپ ئالەمنى قويدۇڭ دەردى داغىدا ،
ئىشتكەيمۇ كالامى روھ پەرۋەرجان قۇلاغىدا » ،
( مەھمۇد قارىي )

« قازا تەشبىيە ئېيتارغا ئارزۇڭنى چەرغ باغىدا ،
ئەگەرچە ئوخشماس بىر ـ ئىككى گۇلنى ئىنتىخاب ئەيلەر » .
( ناۋائىي )
( « دىۋان قارىي » ، « بۇلاق » 1982 ـ يىل 3 ـ سان )

تەخمىسنىڭ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى شەكلى :

« كۆر ، بۇ يۇرت باغرىنى كۆر ، باش ئۇستى پالۋانلار ياتۇر ،
باغرىنى باخ ـ باخ ئېتىپ مەيداندا پالۋانلار ياتۇر ،
شۆھرىتى ئالەمگە مەشھۇر داڭقى داستانلار ياتۇر » ،
( تۇردى ساماق )

« كۆرمىگىل قەشقەرنى كەم ، بۇ جايدا مەردانلار ياتۇر ،
ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق بۇغرايى قائانلار ياتۇر » .
(قۇتلۇق شەۋقى )

« ئول ئانا ئوغزىنى ئەجرى قانۇتەر بىرلە تۆلەش ،

مۇددىئا ئەيلەپ پەقىر ، مىسكىنۇمەھكۇمنى يۆلەش ،
بىر ئۇلۇغ مەقسەت يولىدا شەمشىرى خەنجەر بىلەش » ،
( تۆردى ساماق )

« خەلق ئۈچۈن جاننى تىكىپ دۈشمەن بىلەن قىلغان كۆرەش ،
ئۇل شەھىدۇ قەھرىمان ئالىپ ئارسلانلار ياتۇر » .
( قۇتلۇق شەۋقى )

مۇخەممەسنىڭ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا بىرئاز ئىسلاھ قىلىنغان يەنە بىر شەكلىمۇ بار . ئۇنىڭ ئۈلگىسىنى بىز لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ « ۋەتەن ئەلا ، خەلق ئەلا » دېگەن مۇخەممىسىدىن كۆرىمىز .

« قارا بۇلۇتلار ئۇچرىشىپ چاقماقلار چاقسۇن ،
مۆلدۈرلەر يېغىپ ، دەريالار سەل بولۇپ ئاقسۇن ،
چىش ھىڭگايتىپ ئەجەللەر ئالىيىپ باقسۇن ،
مەنزىل توسۇپ جاڭگاللار كۆكرىگىن ياقسۇن ،
شۇ چاغدىمۇ ۋەتەن ئەلا ، خەلق ئەلا !

دېڭىزلار ئۇيقۇن ياساپ قىرغاقتىن تاشسۇن ،
جاھان قاپساپ ، جۇت - بورانلار ھەددىدىن ئاشسۇن ،
تاغلار ئۆرۈلۈپ ئۆتكەل - يوللارنى باسسۇن ،
يولدا پۇتلاش ئەجدىھا ، لۆجىلەر ياتسۇن ،
يەنە بەربىر ۋەتەن ئەلا ، خەلق ئەلا ! »
(« لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرى »دىن )

بۇلاردىن باشقا مۇسەددەس ، مۇسەممەن ، مۇستەھزات ، تەرجىئبەند ، رۇبائىي ، تۇيۇق ( مۇختەملات ) ، قىتئە ، مۇسەللەس ، مۇسەببە ، مۇتەسسە ، مۇۋەششە ، مۇساۋىيات تەرەپە-

يىن ، مۇئەمما ، ئىقتىباس قاتارلىق مەيلى كۆپ ، مەيلى ئاز ئۇچرايدىغان شەكىللەرنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات ياكى ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى شەكىللىرىنى سېلىشتۇرساق ، بۇ شەكىللەرنىڭمۇ ۋارىسلىق قىلىش نۇقتىسىدىن ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ ، مۇكەممەللىشىپ ، بېيىپ ، شېئىرىيەت باغچىمىزنى رەڭگارەڭ بېزىگەنلىكىنى كۆرىمىز .

ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتقا بولغان ۋارىسلىق مەسىلىسى يەنە ئۇسلۇب جەھەتتىمۇ مەلۇم دەرىجىدە گەۋدىلەنگەن بولۇپ ، ئۇ ئاساسەن هازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى بىر قىسىم شېئىرلارنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان دىداكتىكىنى يەنىلا ئۆزىگە ئاساسىي ئۇسلۇب قىلىپ تاللىۋالغانلىقى ، شۇنداقلا هازىرقى زامان داستانلىرىنىڭمۇ كلاسسىك داستانلارغا ئوخشاش شەكىل جەھەتتىن كۆپرەك مەسنىۋى ئۇسلۇبتا ياكى مەسنىۋى بىلەن غەزەل ۋە باشقا شەكىللەر ئارىلاشقان هالدا يېزىلغانلىقى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ .

ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتى كلاسسىك ئەدەبىياتقا يەنە ئوبزورچىلىق ۋە سېلىشتۇرما تەتقىقاتچىلىق جەھەتتىمۇ ئاز - تولا ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ ، هازىر مەيدانغا چىقىۋاتقان ئوبزورچىلىق ۋە سېلىشتۇرما تەتقىقاتچىلىق جەھەتتىكى كۆپلىگەن ئىلمىي ئەمگەكلەرگە ئەسلىدە مەھمۇد قەشقەرى ، ئەلىشىر ناۋائىيلارنىڭ « تۈركىي تىللار دىۋانى » ۋە « مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين » قاتارلىق نادىر ئەسەرلىرى بىلەن ئاساس سالغانلىقىنى ئېيتىشقا ئېلىپ ئۆتۈپ كېتىش كۇپايىلەنسە كېرەك . چۈنكى ، ئۇلار بۇ بۈيۈك كىتابلىرىدا تۈرك تىلى بىلەن ئەرەب تىلىنى ، تۈرك تىلى بىلەن پارس تىلىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ ، تۈرك تىلىنىڭ ئەرەب ، پارس تىللىرىدىن كۆپ باي ، مۇكەممەل ،

ئىپادىلەشكە ئەپچىل تىل ئىگەنلىكىنى ئىسپات ئەتكەن، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىلمىي قاراشلىرىنى توغرىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان.

## 3

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ داۋامى سۈپىتىدە بارلىققا كېلىپ، ئۇنىڭ بىر قاتار ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا راۋاجلانغان مول مەزمۇنلۇق، كۆپ خىل شەكىللىك ئىگە، شەكلى مىللىي، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك يېڭى ئەدەبىيات. بۇ ئەدەبىيات نەچچە مىڭ يىللىق تارىخنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق هەر جەھەتتىن سىستېمىلاشقان، مۇكەممەل تىپتىكى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىن تۇغۇلغان. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز بىلەن ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىش ئەسلا مۇمكىنچىلىكى بولمىغان ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق ئاساسىدىكى قانداشلىق مۇناسىۋەت، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

بىراق، بەزى كىشىلەرنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات بىلەن ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى بىر - بىرىگە ۋارىسلىق قىلىش مۇناسىۋىتىگە بولغان تونۇشى يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، ئۇلار هازىرقىنىلا تەكىتلەپ، كلاسسىك ئەدەبىياتقا نىسبەتەن سالقىن، سەل قاراشتەك پوزىتسىيىدە بولماقتا. بۇنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى شۇكى، هەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا كلاسسىك ئەدەبىيات ئۇچۇن ئاجرىتىلغان مەلۇم سەهىپىلەرنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي هالدا هازىرقى زامان سەهىپىلىرى ئىگىلەپ كەتكەن، ياكى كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ مەتبۇئاتتىكى ئورنى

نىسبەتلەشتۇرۇپ قويۇلغان . ئۇنىڭدىن باشقا ، كلاسسىك ئۇسلۇب ، كلاسسىك شەكىللەرگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېزىلغان ھازىرقى زامان ئەدەبىي ئەسەرلىرىگىمۇ چەك قويۇشتەك بەزى خاھىشلار بار . بەزىلەرنىڭ قارىشىچە ، ھازىر دەۋر ئۆزگەرىپ ، تۇرمۇش بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۆپ بېيىغانلىقتىن ، بۇنداق مول مەزمۇنلۇق تۇرمۇشنى كلاسسىك ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرى بويىچە تەلتۆكۈس ئىپادىلەپ بەرگىلى بولماسمىش ؛ بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك مەزمۇنلارنى كلاسسىك ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرى بويىچە ئىپادىلەشكە ئۇرۇنغاندا ئىدىيە بوغۇلۇپ قالارمىش ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا ، ھازىرقى زامان تۇرمۇشنى كلاسسىك ئەدەبىيات ئەنئەنىسى بىلەن ئىپادىلەش — ئەدەبىياتنىڭ بىر ئىزدا توختاپ قالغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىمىش ، شۇنداقلا يەنە كلاسسىك ئەدەبىيات مىراسلىرىنىڭ تىلى ، شەكلى ، ئۇسلۇبى كونا بولغانلىقتىن خەلق ئاممىسىنى قىزىقتۇرالماسمىش ؛ ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ، كلاسسىك ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ، ئۇنى جارى قىلدۇرغاندا ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن ، سوتسىيالىزم ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرغىلى بولماسمىش .

مانا بۇلار دەل ئۇلۇغ ئۇستاز لېنىن ئاللىقاچان تەنقىد قىلغان : « پرولېتارىيات مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات - سەنئىتىنى ئاسماندىن چۈشۈپ قالغان ، ياكى بىر ئەتىگەندە يەردىن ئۈنۈپ چىققان » دەپ قارىغانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر . ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتقا بولغان ۋارىسلىق مەسىلىسىدىكى بىر قاتار پاكىتلار كلاسسىك ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى تېما ، مەزمۇن ، شەكىل ، سيۇژىت ، ئۇسلۇب جەھەتتىن بېيىتىپ ، زور دەرىجىدە گۈللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ . دۇرۇس ، كلاسسىك ئەدەبىيات ئەينى زامان تۇرمۇشىنىڭ ئىن-

كاسى بولۇشتىن تاشقىرى ، ئۇنىڭدا دەۋر چەكلىمىسىگە ئۇچراش تۈپەيلىدىن نۇرغۇن پاسسىپ تەرەپلەرمۇ ئەكس ئەتكەن . بىراق ، ئەھمەد زىيائىي خەلق ناخشىلىرىدىن ئالغان تەسىراتىنى :

« هويلاڭدىكى تىرەككە لاچىن قوندۇرالامسەن ؟
ئاخشاملىققا بار دەيسەن كۆڭلۈمنى ئالالامسەن ؟
ئەلنىڭ ناخشىسى بۇ بېيىت ، ئويلاپ كۆرگىل ئەي شائىر .
سۆيگۈ سىرىنى شۇنداق چىرايلىق يازالامسەن ؟
بۇ بېيىت ئەنە شۇنداق مەزمۇنلۇق ، يىغىنچاقكى ،
ئۇنىڭدىكى سەنئەتنى سەن يېشىپ بېرەلەمسەن ؟
بىر مىسراغا تەشبە ھەم كىنايە ، تەپەۋۋۇقنى ،
سىغدۇرۇپتۇر ، سەنمۇ ھەم شۇنداق سىغدۇرالامسەن ؟
ئەل ناخشىنى كۆرگەندە پاتىمەن ئۇشبۇ ئويغا ،
سەنمۇ ئەي زىيا ، شۇ خىل گۈزەل سۆز قىلالامسەن ؟ »

دەپ ئىزھار قىلغىنىدەك ، كلاسسىك ئەدەبىياتتىكىگە ئوخشاش گۈزەللىك ۋە ساداقەتمەنلىكنى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا قايسىبىر شائىر مۇنداق مەزمۇنلۇق ، مۇنداق ئىخچام ، مۇنداق چىرايلىق ، مۇنداق شوخ ، مۇنداق ئويناق ، مۇنداق ئوبرازلىق ، مۇنداق گۈزەل قىلىپ يازالىدى ؟!

« بويۇڭتەك بۇتمەدى بوستان ئارا سەرۋى راۋان ، ئى جان ،
يۈزۈڭتەك ھەم ئاچىلمادى چەمەندە گۈلىستان ، ئى جان .
ئوقۇڭىزنىڭ بەشاقىنە كۆڭۈل مۇشتاق ، كۆز ئاشىق ،
بۇلار تالاشماقىن بولدى ئول ئىككى ئارا قان ، ئى جان » .

( ئەي سۆيۈملۈك يار ، بوستاندا بىرەر سەرۋى دەرىخى بويۇڭدەك گۈزەل يارالغىنى يوق . چىمەنزارلىقتا ھېچقانداق گۈل

سىنىڭ يۈزۈڭدەك چىرايلىق ئىچىلغىنى يوق. كىرپىكىڭنىڭ ئو-قىغا كۆڭۈل تەشنا، كۆز ئاشىق. بۇ ئىككىسى كىرپىكىڭنىڭ ئوقىنى تالىشىپ قان بولۇشتى.)

(سەككاكى «غەزەللەر»دىن)

دېمەك، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا بىز ئۆگىنىپ، ئۆز-لەشتۈرىدىغان يەنە نۇرغۇن نەرسىلەر بار. ئەپسۇسكى، كلاسسىك ئەدەبىياتتىكى بىز ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرىدىغان نەر-سىلەرنىڭ بىر قىسمى قېزىۋېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما كۆپ قىسمى تېخى تەلتۆكۈس قېزىلغىنى يوق. ئۇ، خەلق ئارىسىدا يوشۇرۇن بايلىق سۈپىتىدە ھازىرغىچە كۆمۈلۈپ ياتماقتا. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى — ئۇنى قانداق قىلىپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دۇنيا سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قورۇلۇشىغا ئۇنۇملۈك خىزمەت قىلدۇ-رۇش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. بىز بۇ مەقسەتكە يېتىمىز دەيدىكەنمىز، ئەلۋەتتە، كلاسسىك ئەدەبىياتقا بولغان ۋارىسلىق مەسىلىسىنى كۈچەيتىپ، خەلق ئارىسىدا كۆمۈلۈپ ياتقان ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنى قېزىپ چىقىشىمىز، يوقىلىش ھالىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، رەتلەپ، يورۇقلۇققا ئېلىپ چىقىپ، ئۇنىڭدىكى ئېسىل جەۋھەرلەرنى سۈزۈۋېلىشىمىز، بىزگە كېرەكلىك جەۋ-ھەرلەرنى ئۆلگە قىلغان ھالدا پايدىلىنىپ، يۇكسەك بەدىئىي سەۋىيىگە ئىگە ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يارىتىپ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈشىمىز لازىم.

1986 ـ يىل 9 ـ ئاي، قەشقەر

本集子简要介绍当代维吾尔文学界有才华的若干作家的创作情况，并对他们的代表作品进行学术探讨。

ئاپتور 1984 - يىلىدىن
باشلاپ ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر
ئاكادېمىيىسىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ
قىلىنغان تەتقىقاتچىلىقىغا ، 1987 -
يىلىدىن باشلاپ قەشقەر ۋىلايەتلىك
مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى
مۇھاپىزەت قىلىش - باشقۇرۇش
ئورنىنىڭ كاندىدات مۇزېي
تەتقىقاتچىلىقىغا تەكلىپ قىلىنغان .

جاۋابكار مۇھەررىرى : غولام ئەبەيدۇللا
جاۋابكار كوررېكتورى : ئارزۇگۈل سىدىق

ئىلىم ئۆلمەيدۇ ، ئالىم ئۆلمەيدۇ
( ماقالىلەر )
ئاپتورى : ئابدۇرېھىم سابىت

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ ، پوچتا نومۇرى : 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى ساتىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1168×850 مم ، 32 / 1
باسما تاۋىقى : 7.125 قىستۇرما ۋارىقى : 1
1999 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
1999 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى : 5080 —— 1

ISBN7 — 5373 — 0718 — 0/Z. 80
باھاسى : 9.50 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئىلشات تۇرسۇن

ئالىم ئەلنىڭ چىرىغى، قاراڭغۇ كېچىنى
يورۇتقۇچى ئايدۇر. . . ئالىملار ھەر زېمىننىڭ
بېغىدۇر ۋە مەملىكەتنىڭ شاھىدۇر.
— مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى

ISBN 7-5373-0718-0
9 787537 307185 >

ISBN7 — 5373 — 0718 — 0
Z.80(民文) باھاسى : 9.50 يۈەن